ISSN 1005 087

# بۇلاق

# BULAK

1993·3











# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى

## 14-يىل نەشرى

ئومۇمىي 44 ـ سان

1993



باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، قۇتلۇق قادىر.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەھمەتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتىمىن يۇسۇپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

**1993-يىل 3-سان**

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


لىسانۇت - تەير...................... موللا سىدىق يەركەندى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام ...... مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى (77)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ

قاسىمى شېئىرلىرىدىن........................ ............ (115)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر


شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


نەۋابىغۇل - كەلەم.......................... ئەللامە زەمەخشەرى (126)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەھمەتۇللا جارى


خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


سەيپۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇل - جەمال (داستان)..................... (147)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى

جەننەتتىن كەلگەن ئادەم (چۆچەك) ........................ (171)
رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان مۆمىن

دەرد (چۆچەك) ........................................ (174)
رەتلىگۈچى: ئىلياس تاھىرى

لەتىپىلەر ............................................ (179)
توپلاپ رەتلىگۈچى: قاھار ئابدۇرېشىت

بېيىت قوشاقلار ....................................... (185)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مويىدىن سايىت

* *

قەدىمكى «كروران گۈزىلى» قەبرىسىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىش
جەريانى........................ ئابدۇقەييۇم خوجا (188)

## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز

پېشقەدەم ئەدىب، تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن ............ مېھرىگۈل تۇرسۇن (195)
ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى ........................ مۇنەۋۋەر تۇردى (202)

* *

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز.
خەتتات: قەييۇم مۇتەللىپ.
تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇپېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: «قەدىمكى كروران خارابىلىقى». 1992 - يىلى ياپونىيىنىڭ «ئاساخى» گېزىتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «كروران پادىشاھلىقى ۋە قەدىمكى ساھىبجامال» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە: پېشقەدەم ئەدىب، تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە: ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى رەھمەتۇللا جارىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كروران گۈزىلىنىڭ باش سۆڭىكى، جەسىتىنىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشى ۋە جەسەتنىڭ توقۇلما ياپقۇ يېپىلغان ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى.




ئەلشىر نەۋائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

«لىسانۇت-تەير» (قۇشلار تىلى) ئەلىشىر نەۋائى (1441—1501) نىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ياراتقان مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى. نەۋائى بۇ ئەسەرنى شەيخ پەرىدىددىن ئەتتار (مىلادى 1145—1229) نىڭ «مەنتىقۇت-تەير» (قۇشلار نۇتقى) ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا، تۈركىي تىلدا يېزىپ چىققان. چاغاتاي تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەر مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە بولسۇن شەيخ پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ پارس تىلى بىلەن يېزىلغان «مەنتىقۇت-تەير»ى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىرمۇنچە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەلشىر نەۋائى بۇ ئەسەرنى «مەنتىقۇت-تەير» نىڭ تەرجىمىسى دەپ ئاتىغان. «لىسانۇت-تەير»نىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئەلشىر نەۋائى ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت-تەير» ئەسىرىنى باللىق (سەككىز - توققۇز ياش) مەزگىلىدىن باشلاپلا زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەن. ھەتتا ئۇنى پۈتۈنلەي يادلىۋالغان. شۇندىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ئەسەرنى تەكرار-تەكرار مۇلاھىزە قىلغان. ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى، سەرگۈزەشتىلىرى، كىشىلىك ھايات، ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىلاھىيەت ساھەسىدىكى تەتقىقات تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ پىشۇرۇپ، قىيامىغا يەتكۈزگەن. ئاتمىش ياشقا يېقىنلاشقان نەۋائى شۇندىن كېيىن «لىسانۇت-تەير»نى يۈزەگە چىقارغان.

«لىسانۇت-تەير» پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان. خەلقىمىز ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇپ، كۆچۈرۈپ تارقىتىپ ۋە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن. شائىرلىرىمىز بۇ ئەسەرگە تەقلىد قىلىپ، بەزى يېڭى ئەسەرلەر-

لى ياراتقان. بىر قىسىم ئەدىب ۋە ئالىملىرىمىز بۇ ئەسەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بار- غان. XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئېبنى يۇسۇپ خو- تەنى ئاشۇ خىلدىكى شائىرلىرىمىزدىن بىرى. ئۇنىڭ «مەنتىقۇت-تەير» ۋە «لىسانۇت-تەير» ئۇسلۇ- بىدا يېزىلغان بىر پارچە ئەسىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988- يىللىق 3 -سانىدا ئېلان قىلىنى- دى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان تالانتلىق ئەدىب، نەۋا- ئىشۇناس موللا سىدىق يەركەندى ئۆز دەۋرىدىكى يەركەننىڭ ھاكىمبېگى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ داستانلار سىكىلى بولغان «خەم- سە» نى نەسرلەشتۈرۈپ چىققان. بۇ جەرياندا موللا سىدىق يەركەندى «خەمسە» دىكى بىرىنچى داستان «ھەيرەتۇل-ئەبرار» نىڭ ئورنىغا «لىسانۇت-تەير» نى ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ نەسرىي نۇسخىسىنى ئىشلەپ «خەمسە» گە قوشقان. ئاندىن بۇ قىسسە ھا- لىتىگە كەلتۈرۈلگەن بەش پارچە ئەسەرگە «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ»، «نەسرىي خەمسە نەۋائى» دېگەن ئىككى خىل نامنى قويغان. بۇلاردىن «لىسانۇت-تەير» نىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تارىختىن بېرىقى ئىزچىل ۋارىسلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«لىسانۇت-تەير» تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسى سىڭگەن ئەسەر. بۇ ئەسەردىكى ھۆپۈپ بىلەن قۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەر ۋە بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەتلەردە سوپىزمنىڭ ئىلاھىيەت توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ بەزى مۇھىم ۋە نازۇك تەرەپلە- رى شەرھلەنگەن، دەلىللەنگەن. بىراق بۇنىڭلىق بىلەن «لىسانۇت-تەير» نى نوقۇل سو- پىستىك تېمىدىكى مىستىك ئەسەر دېيىشكە ياكى ئۇنىڭ دەۋرىمىزدىكى قىممىتىنى تۆ- ۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى ئاساسلىقى مۇنۇ جەھەتلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى، ئىلاھىيەت جەھەتتىكى تەبىر ۋە تەلى- ماتلىرى، دىنىي ئېتىقاد مەزمۇنلىرى، ئېتىقاد شەكىللىرى، مەقسىتى ۋە باشقا جەھەتلەر- دىكى بىر قاتار ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئالاھىدە بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ ئېقىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. تارىختا ئۇنىڭ ئىلغار رول ئوينىغان چاغلىرىمۇ، پاسسىپ ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغان دەۋرلىرىمۇ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە سوپىزمنىڭ، سوپىزم تەشەببۇس قىلغان كۆز قاراش ۋە تەلىمات- لارنىڭ ئاللىبۇرۇن ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلى- رى، ئۇنىڭ ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، دىن، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە پەلسەپە تارىخىدىكى ئىپادىلىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر سوپىزم تەتقىقاتى مۇھىم بىر ئىلىم سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. «لىسانۇت- تەير» بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، «لىسانۇت-تەير» چوڭقۇر بىلىم، پىششىق بەدىئىي سەنئەت، ئاجايىپ يېتۈك تەپەككۇر ۋە ھېكمەت جاۋاھىرلىرى بىلەن تولغان بىر خەزىنە. بۇ ئەسەر- نى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئىچىدە تولۇپ-تېشىپ تۇرغان ھېكمەت ئۇنچىلىرىگە مەھلىيا

بولىمىز، سەنئەت گۈزەللىكلىرىدىن ھاياجانلىغا چۆمىمىز. ئۇنىڭدا مىسال كەلتۈرۈلگەن بەزى
ھېكايەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، قاي-
ناق ھېسسىيات ۋە ئاجايىپ تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ. بۇلار بەدىئىي ئۇستىدات ۋە تەپەك-
كۇر جەھەتتە ۋايىغا يەتكەن بىر مۇتەپەككۇر (ئەلشىر نەۋائى) نىڭ پەلسەپىۋى قاراش-
لىرى، ئەخلاقىي پەزىلىتى، مەنىۋى دۇنياسى، كىشىلىك ھاياتتىن يىغقان ئاجايىپ زور
تەجرىبە - ساۋاقلىرى، شۇنداقلا تولغان سەنئەت ماھارىتىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئەسەر-
نى قانچە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغانسېرى شۇنچە مول مەنپەئەت ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنى
مەيلى يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقاتچىلار ئوقۇسۇن، ياكى ئادەتتىكى كىتابخانلار ئوقۇ-
سۇن، ھەركىم ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يارىشا نېسىۋىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ جەھەتتە «لىسانۇت-
تەير» نى بىباھا ئەسەر دېمەي تۇرالمايمىز.

دېمەك، «لىسانۇت - تەير» دە بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئاللىبۇرۇن ئىستېمالدىن قې-
لىپ، تارىخىي ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغان سوپىستىك مەزمۇنلارمۇ بار. شۇنداقلا دەۋرىمىز
ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بولغان، ھەتتا ئۆز قىممىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدىغان كۆپ-
لىگەن ھېكمەت ۋە مەنىۋى كەشپىياتلارمۇ، سەنئەت ۋە تەپەككۇر جەۋھەرلىرىمۇ بار.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇلارغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىلمىي پوزىتسىيەدە تۇ-
رۇپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

«لىسانۇت - تەير» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ يەشمىسى «نەسرى
مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ»نىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇ-
زېيىدا ساقلىنىۋاتقان 0.013 نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلەندى.

## قۇشلار جامائەسىنىڭ جەم بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىنلىك مەرتىۋىسى ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن ئۆچەكەشكەنلىكى

بىر كۈنى گۈلىستان قۇشلىرى، ئور-
مان ۋە باياۋان ئۇچارلىقلىرى يىغىلدى.
ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەجلىس قۇ-
رۇپ، شۇ ئارقىلىق ھەممىسى ئۆز گۇرۇھ-
نىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولدى.
بىراق بۇ مەجلىستە ئالا قاغا تۇتىنىڭ يۇ-
قىرىسىدا ئولتۇردى. باشقا قاغىلارمۇ بۇل-
بۇل، پاختەكلەردىن ئالىيراق جايغا ئورۇن-
لاشتى. غاز شۇڭقاردىن ئالىيراق يەرگە جاي-
لاشتى. سېغىزخان تورۇدىن ئىلگىرىرەك ماڭ-
دى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆز - ئارا قىزغىن
مۇھەببەت بىلەن ئولتۇرۇش راسلاپ، كۆ-
ڭۇل ئېچىش، بەزمە تامام بولغاندىن كې-
يىن، كۆككە پەرۋاز قىلىشتىن ئىبارەت
ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئور-
نىنى تېپىپ ئولتۇرالماي، رەزىل ۋە نەسلى
پەسلەر جامائەتنى ئېپسىل ۋە شەرەپلىك جا-
مائەدىن ئۈستۈن ئولتۇردى. شەرەپ ئىلگىرى
بۇنىڭدىن نارازى بولغان بولسىمۇ، تې-
گى پەس، رەزىل، پەسكەشلەر ئۇلارنىڭ
سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى. قۇشلار ئارىسىدا
تەرەپ - تەرەپتىن غەلۋە - غوۋغالار كۆتۈرۈل-
دى. بارا - بارا بۇ غوۋغالار ماجىراغا ئاي-
لاندى. قۇشلار بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى

بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ ماجىرالىرىغا ھېسداش-
لىق قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جېدەل
ۋە توپىلاڭلار بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى.
ئاخىر بۇ قۇشلار تائىپىسى بىر شەۋكەتلىك
پادىشاھقا موھتاج بولدى. ئادەتتىكىلەر ۋە
نەسلى پەسلەرنىڭ ئالىي ۋە شەرەپلىك،
پەزىلەت ئىگىلىرىگە بەرھەم بەرمەسلىكى،
پەزىلەتلىكلەرنىڭ يامان نەسىللىك خەسىس-
لەر ئالدىدا پەگاغا چۈشۈپ قالماسلىقى
ئۈچۈن، بىر ئىنسابلىق ھۆكۈمران ۋە ئادىل،
ھوشيار خاننىڭ بولۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى.
ئەمما، ھەربىر گۇرۇھ ئۆزىنى ئەزىز
ۋە ھۆرمەتكە لايىق دەپ بىلەتتى. ئۇلار:
«بىر ئەقىللىق پادشاھ بولغان بولسا، بۇ
جامائەلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، ئېسىل، پەزى-
لەتلىكلەرنى ئۇلۇغلاپ، نەسلى پەس، ئادەت-
تىكىلەرنى ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇندا تۇتۇپ
تۇرسا» دېيىشەتتى. ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئەھ-
ۋالىغا مەپتۇن ۋە مەغرۇر ئىدى. ھېچقايى-
سىسى ئۆزىنى ئادەتتىكىچە دەپ بىلمەيتتى.
ھەممىسى قۇلمۇق ۋە خىزمەتكارلىققا رازى
ئەمەس ئىدى، ئۆز ئەھۋالىدىن زارلىنىپ،
غەمگە پېتىشاتتى. ئۇلار ئۆز پادىشاھلىرى-
دىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈپ، نائۈمىدلىك
ئاھائىگلىرىدا سايرىشاتتى. بۇ غەم-غۇسسە
تۇپەيلىدىن ھەربىرىنىڭ كۆڭۈللىرى ئۆرتە-
نەتتى، چالا بوغۇزلانغان قۇشتەك بىتاقەت
بولۇشاتتى.

## قۇشلار تىلىگىنىنى تاپالماي ھەيران بولغاندا، ھۆپۈپنىڭ سۇمۇرغدىن خەۋەر بەرگەنلىكى

ھۆپۈپ ئەقىل نۇرىدىن بەھرىمەن
بولغان، رەھبەرلىك بەلگىسى بىلەن ئۇلۇغ-
لانغان، شاراپەت مىراجى بىلەن ئىززەت
تاپقانىدى. بېشىغا مۇۋەپپەقىيەت تاجى بې-
لەن زىننەت بەرگەنىدى. ئۇنىڭغا يوشۇرۇن
سىرلار جەبرائىلغا مەلۇم بولغاندەك ئايان
ئىدى. ئۇ ئەرش ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ،
سەۋدايىلارچە شۇڭغۇپ بۇ بەزمىگە كىردى،
مەقسەت شېمىنىڭ تۈسۈپىنى پەرۋانىلەرچە
تەرىپلىگەن ھالدا مۇنداق دېدى:
—ئەي ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان
غاپىل گۇرۇھلار، نادانلىق ھاۋاسىدا ئەھ-
ۋالى ئاستىن-ئۈستۈن بولغانلار، سىلەرنىڭ
شەك-شۈبھىسىز ۋە مىسلىسىز بىر پادىشا-
ھىڭلار بار. ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىشتا
يۈز مىڭلىغان ناتىق ۋە سۆزمەن تىلمۇ ئاجىز-
دۇر. ئۇ پادىشاھ بارچە ئالەم قۇشلىرىنىڭ
ئەھۋالىنى يېقىندىن يىگىنىشىچە بىلىدۇ. ئۇ
سىلەرگە يېقىن تۇغقاندۇر. ئۆزۈڭلار ئۇنىڭ-
دىن يىراقلىشىۋاتىسىلەر. ئۇ پادىشاھنىڭ
خۇسۇسىيىتى ھەمىشە ۋە ھەرقانداق ئەھ-
ۋال ئاستىدا ۋىسال بەخش ئېتىشتىن ئىبا-
رەت. سىلەر ئۇنىڭدىن قېچىپ، تەپرىقىچى-
لىك ۋە جۇدالىقتا قالدىڭلار. ئۇ پادىشاھنىڭ
ھەربىر قانىتىدا يۈز تۈمەن خىل ئاجايىپ
رەڭلەر بار. ھەربىر رەڭدە غارايىپ نەقىش-
لەر بار. ئەقىل ئۇ نەقىشلەرنىڭ رەڭگىنى
بىلىپ بولالمايدۇ. غاپىللارنىڭ ئەقىل-ھوش-
لىرى ئۇنى تېخىمۇ بىلەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ
ئاجايىپ-غارايىپلار ئەقىلدىن ئارتۇق،
ئىدراكتىن زىيادە. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەقىل-
ئىدراك پىيادە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بىماجەت-
لىكىنىڭ كوھىقاپىدا ئورۇنلاشقان. ئۇنىڭ
كوھىقاپتىكى لەقىمى «ئەنقا» دۇر. لېكىن

جاھان ئىچىدە ئۇنىڭ شۆھرىتى «سۇمرۇغ»
دېگەن نام بىلەن ناھايىتى مەشھۇردۇر.
سىلەر ئۇ شاھتىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەت-
كەن. ئەمما ئۇ سىلەرگە ئىنتايىن يېقىندۇر.
بۇ خۇددى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ: «بىز ئادەم-
لەرگە ئۆزىنىڭ كۆرەن تومۇرىدىنمۇ بەك-
رەك يېقىن (يەنى جېنىدىنمۇ بەكرەك يې-
قىن)»① دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدەك
ئەھۋال. مەسلەك ئىگىلىرى بۇنداق مەرتى-
ۋىنى «قۇربىيەت» (يېقىنلىق) دەيدۇ. مۇ-
لاھىزە قىلىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى شۇ-
كى، بۇ باسقۇچتا مەسلەك ئىگىلىرىنىڭ كۆ-
ڭۈللىرىدە ئىچكى ئازاب، ۋىجدانىي سوراق
پەيدا بولىدۇ. بۇنداق مەرتىۋىگە يەتكەنلەر-
نى تەرىقەت ئەھلى دەپ ئاتايدۇ. كىشىگە
تېرىكلىك ئالەمدە بۇنداق مەرتىۋىدىن بى-
خەۋەر ۋە يىراق بولۇشتىن كۆرە ئۆلۈم
ئەۋزەلرەكتۇر.

## ھۆپۆپنىڭ سۇمۇرغدىن خەۋەر بەرگەنلىكى، قۇشلارنىڭ خۇشال بولۇپ، سورۇشتە قىلغانلىقى

قۇشلارنىڭ ھەممىسى ھۆپۆپنىڭ ئەت-
راپىغا يىغىلدى، ئۇلار چۇقان-سۈرەن سال-
غان ھالدا مۇنداق دېيىشتى:
— ئەي يولباشچىمىز، سېنىڭ نەپەس-
لىرىڭ بىزگە جان بېغىشلايدۇ، نۇتۇقلى-
رىڭ كۆڭۈلگە ياقىدۇ؛ جان ۋە كۆڭۈل
سەندىن پايدا-مەنپەئەت ئالىدۇ. سەن سۇ-
لايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە قوبۇل
قىلىنىش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولدۇڭ. ئۇ
پەيغەمبەر سېنى خەۋەرچى قىلىپ تەيىن-
لىدى. سەن ئۇنىڭ خىزمەتلىرى بەزمىسىدە
ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك
بولدۇڭ. ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئۇزۇن يوللارنى
باستىڭ، مەنزىللەرنى ئارىلىدىڭ. ئۇنىڭ
پەرمانى بىلەن قانچىلىغان ۋادىلارنى كېزىپ،
ئالىي مەنزىلگە يەتتىڭ. خۇددى مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا جىبرائىل ھەمراھ بولغاندەك،
سەنمۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قاياققا ماڭ-
سا، ئۇنىڭغا يولباشلىغۇچى بولدۇڭ؛ ئۇنىڭ-
غا قايغۇلۇق كۈنلەردە ھەمراھ ۋە مۇڭداش
ئىدىڭ، راھەت-پاراغەتلىك چاغلاردىمۇ سىر-
داش ۋە ئۈلپەت ئىدىڭ. سۇلايمان ئەلەي-
ھىسسالام بىلقىسنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئىس-
تىگەندە، سەن سابا شەھىرى تەرەپكە يول
كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇچۇر ۋە خەۋەر يەتكۈ-
زۈپ، ئۇنىڭ ئىزتىراپلىق ھالىنى پەسەي-
تەتتىڭ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ھەرقان-
داق غەم-ئەندىشە يۈزلەنسە، سەن ئۇنىڭغا
مەھرەم ۋە ھەمدەم بولاتتىڭ. سۇلايمان
ئەلەيھىسسالام شەھەر، يېزا ۋە باياۋانلاردا
بەزمە-مەشرەپ تۈزگەندە، بىزدىن بېشىغا
سايىۋەن قىلاتتى. بىز يۈز تۈمەنمىڭ قۇش
ئۇنىڭ بېشىغا سايە سالاتتۇق. بىراق سەن
ئۇ سايە ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن ھەمتاۋاق
بولاتتىڭ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بەزمە
ئىچىدە سېنى تىلەكلىرىڭگە يەتكۈزۈپ، ئۆزى-
نىڭ مەخپىي سىرلىرىغا سىرداش ۋە ئۈلپەت
قىلاتتى. شۇ تۈپەيلى بۈيۈك تەڭرى سا-
ڭا ئالىي مەرتىۋە بېرىپ، بەدىنىڭنىڭ ھەر
بىر ئەزاسىغا بىرخىل خاسىيەتنى ئاتا قىپتۇ.

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 520 - بەت، سۈرە قاف، 16 - ئايەت.

ئەمدى بىز ئازغۇنلارنى ئۇ شاھنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار قىلىپ، بىزگە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۇرۇپ، ھەممىمىزنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارغىن. بىزنى بۇ غەپلەت تۇزىقىدا قويمىغىن، بۇ قاراڭغۇلۇق بىلەن خارلىق تۈنىدىن چىقارغىن. شاھنىڭ سىرلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىزنى مەنپەئەتدار قىلغىن. شۇ ئارقىلىق ھەممىمىزنى مۇۋەپپەقىيەت سۈبھىگە يەتكۈزگىن. بىز نادانلىق دەشتىدە يىقىلغانلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ، شاھىمىزنى ئىزدىشىمىزگە يولباشچى بولساڭ، مۇراد-مەقسىتىمىز ھاسىل بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ بىز سەندىن كۆپ مىننەتدار بولىمىز.

## بۇ قۇشلار دىققەت بىلەن سورىغاندىن كېيىن، ھۆپۈپنىڭ سۆھرۇغدىن نىشانە ئېيتقانلىقى

ھۆپۈپ ئۆزىنىڭ تېنىقلىرىنى شېكەردەك قىلدى. ئۇ شېكەرنى ھېكمەتلەر بىلەن ئارىلاشتۇردى. قۇشلار توپى ئىچىدىكى ئىزتىراپنى كۆرۈپ، ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئۇ شاھنىڭ ئەھۋالىدىن بىلگىنىمنى بايان قىلىپ، سىرلىرىدىن كۆڭلۈمگە كەلگەنلىرىنى ئايان قىلاي. بىراق بۇ ئەپسانە بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ھېچكىم سۆز بىلەنلا ۋىسال خەزىنىسى تاپالمايدۇ. نەزمە:

ئىش ئۇلۇغدۇر، شاھ ئۇلۇغ، دەرگاھ ئۇلۇغ،
يول قاتتىق، ۋادى ئۇزۇن دىلخاھ ئۇلۇغ.

خوش، سىلەر ماڭا شاھنىڭ سىرلىرىنى بايان قىلغىن دەۋاتىسىلەر. ئەمما مەن ئۇ سىرلاردىن بىرسىنى مىڭ يىل بايان قىلغان تەقدىرىمدىمۇ سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. ھېچكىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىدراك خىياللىرىنى يۈرگۈزەلمەس. ئەمما ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنىڭ شەرتى شۇكى، ئېغىزلىرىنى ئابىھايات سۈيى بىلەن يۈز قېتىملاپ يۇيۇپ، چايقاپ، پاكىز قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئىسمىنى قورقۇپ، ئەيمەنگەن ھالدا تىلغا ئالغاي. ئۇ شاھنىڭ بۈيۈك دەرگاھى مەن تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلىگەندىنمۇ ئالىي ۋە پايانسىزكەڭدۇر. ئىچكىنى ھەممە قۇشلار ئۇ پادىشاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن سۆز ئاڭلاشنى تەلەپ قىلدى. مەن شۇڭا ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن مىڭدىن بىرىنى سۆزلەپ، سىلەردىن بىردىن مىڭغا بىلدۈرەي. بىزنىڭ شۇنداق بىر پادىشاھىمىز باركى، ئۇ بارلىق شاھلارنىڭ شاھىدۇر. ئۇ بىزنىڭ بارلىق ئەھۋالىمىزدىن خەۋەردار. ئۇنىڭ ئۆزى يەككە-يېگانە، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. سۈپەتلىرى بولسا مىڭدىن ئارتۇقراقتۇر. ئۇنىڭ سۈپەتلىرى جاھان ئىچىدە مەشھۇر، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىسمىغا باغلانغان. ئۇنىڭدىن ئىجازەت بولمىغۇچە ھېچكىم بىر تىنىق ئالالمايدۇ. سىلەر خاھ چوڭ، خاھى كىچىك بولۇڭلار، بىر ياكى مىڭ بولۇڭلار، ئۇ مىڭدىن قانچە

لىغان دەرىجىدە زىيادە ۋە مۇرەككەپ بو-
لۇڭلار، ھەممىگىلار ئۇچۇن ئۇ پادىشاھىنىڭ
قەددىمىي ئىلمى يەنىلا بىر كەلىك مۇھىتتۇر.
سىلەرنىڭ ھاياتلىق قاناتلىرىنى ئېچىپ
ئۇچۇشۇڭلار ئاشۇ شاھىنىڭ ئىلتىپاتىدىندۇر.
شۇڭا ئۇ پادىشاھنى بارچە ئەزالىرىڭىزدىكى
قان، جىسمىڭلارنىڭ ھېس ۋە ھەرىكەتلى-
رىدىكى جان دەپ تونۇغايسىلەر، تېنىڭلار
ئىچىدە ئۇنى جاندىنمۇ يېقىنراق، بەلكى
يېقىندىنمۇ يېقىنراق بىلگەيسىلەر. بىراق
سىلەر ئۇنىڭدىن مىڭ يىللىق يىراقلىقتا
چۈشكەن، بەلكى بارلىق ئىمكانىيەتلەردىنمۇ
يىراقتا قالغان، كىمكى ئۇ پادىشاھتىن يى-
راقتا قالسا، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ھېچ مەن-
پەئەت يوق. قايسى جان ئۇ پادىشاھتىن
بىخەۋەر بولسا، ئۇ جاندىن نېمە پايدا بار؟
ئۇنىڭ بىر نەپەسلىك ۋىسالىغا ئېرىشىش
ئىككى ئالەمنىڭ پادىشاھلىقىدىن ياخشىراق-
تۇر. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۆلۈمدىن-
مۇ خەۋپلىكتۇر. ئۇنىڭدىن ئايرىلغان كىشى-
گە سەككىز جەننەتمۇ يەتتە دوزاختىن بەت-
تاررەكتۇر. لېكىن بۇنداق شاھنىڭ ۋەسلى-
گە يېتىش ئاسان ئەمەس. تەلەپكارلىق يو-
لىدا مىڭلارچە دىشۋارچىلىق يەتكەن تەق-
دىردىمۇ، ئۇنى ئىزدىمەي، بۇ يولدا قاتتىق
تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ مەقسەتكە
يەتكىلى بولمايدۇ. بىر كىشى تەلەپ قىل-
ماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئېرىشەلە-
سۇن؟! لېكىن بۇ ۋادىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
چەك-چېگرىسىزدۇر. ئۇنى بېسىپ ئۆتۈش-
تە بالايىئاپەتلەر سان-ساناقسىزدۇر.
ئەگەر نەچچە كەرگەس① نىڭ ئۆمرىدەك
ھاياتلىققا ئىگە بولۇپ، تىنىماي قاناتلارنى
ئاشۇ تەلەپ يولىدا قاققان تەقدىردىمۇ مەن-
زىلگە يېتىش قىيىن. بۇ يولدا قان-يې-
رىڭدىن، بەلكى قىزغۇچ زەھەردىن ھاسىل
بولغان دەريالار بار. يەنە قان تۆكۈش ئۈچۈن
ھاياسىزلىق ۋە ھايالسىزلىق بىلەن پەلەككە
تىغ تەگلەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغلار بار.
ئۇ يولنىڭ چۆللىرىدە ھارارەت دەستىدىن
تاشلارغىمۇ ئوت تۇتاشقان بولۇپ، ئۇ ئوت-
لار كۆككە قاراپ يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. بۇ
يولنىڭ ئاپەتلىك جاڭگاللىرىدا يەنە ھې-
سابسىز ھالاك قىلغۇچى خەتەرلەر بار؛
ئۇنىڭ شاخلىرى غەم-ئەلەمدىن، ياپراقلى-
رى غۇسسە ۋە ماتەمدىن پۈتكەندۇر. ئۇ
ۋادىنىڭ ھاۋاسىدا بۇلۇتلار ئايلانغاندا يام-
غۇر ئورنىدا تاشلار ياغدۇرىدۇ، ئۇ بۇلۇت-
لاردىن چېقىنلار چېقىلىپ، ئۇنىڭ تەپتى-
دىن ئالەمگە ئوتلار يېقىلىپ تۇرىدۇ.
ئۇ يەردە بىر ئاخشام قونغۇدەك ئۇۋا تاپ-
قىلى بولمايدۇ. يېيىش ئۈچۈن بىرەر تال
دانىمۇ يوق. مىڭ تۈمەنلىگەن قۇشلار ئاشۇ
تەرەپكە قاراپ سەپەرگە چىقىپ، مىڭ يىل
ھاۋادا قانات قاققان تەقدىردىمۇ ئۇ يول-
نى تۈگەتكىلى بولۇشنى بىر نېمە دېمەك
تەس، بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولۇش بول-
ماسلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس. لېكىن بۇ تە-
لەپ يولىدا جان بېرىش يۈزلەرچە ئەبە-
دىي ھاياتتىنمۇ ئەلادۇر. چۈنكى بۇ جا-
ھان بوستانىنىڭ ھەر تۈرلۈك قۇشلىرى
ئۆزىنىڭ ئۇچۇش ۋە قونۇشلىرىنى بىرنەچ-
چە كۈن كۆرسىتىپ باقسىمۇ، لېكىن ئاخىر
يەنە يوقلۇق بېغىنىڭ يىغا-زارىنى قىل-
غان ھالدا، شۇ تەرەپكە يول ئالماي قال-
مايدۇ. شۇڭا بۇ ھىجران يولىنىڭ ۋادىسى-
دا ئۆلارنىڭ جانان ئۈچۈن جان بەرگىنى
ئەلادۇر. بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئۆلۈم-ھە!

① كەرگەس — ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش بىلەن نام چىقارغان بىر خىل قۇش.

بۇنداق ئۆلۈم يۈزمىڭلارچە ھاياتلىقتىن
گۈزەل، بەلكى مەڭگۈلۈك ئۆمۈردىنمۇ ئەۋ-
زەلدۇر. ئەگەر بەخت ۋە دۆلەت يار، مۇ-
ۋەپپەقىيەت ۋە ئامەت يولباشچى بولسا،
ئۇ چېكى يوق دەشتنى كېزىش نېسىپ
بولغاي؛ ئۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە پايانسىز-
لىقى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بۇ يولدىن
ئەبەدىي يالتايماي، دۇچ كەلگەن مۇساپە-
نىڭ ھەممىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ۋىسال
گۈلزارىغا يېتىش مۇمكىن بولغاي، ئۇ شاھ
بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلىك ھاسىل قىلىپ،
تەڭرىنىڭ سايىسىگە قوشۇلغاي؛ ئۇنىڭ يۈك-
سەك قەدەملىرى ئەرشكە تەگداش بولۇپ،
ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ھەربىر شەپەرەڭنىمۇ
ھۇمايۇن قۇشىدەك قىلغاي. ئەي ئالەمنىڭ
ياراتقۇچىسى، بۇ تىلەكلىرىمىزگە يەتكۈز-
گەيسەن.

## قۇشلارنىڭ ھۆپۈپتىن سۇمۇرغنىڭ دەسلەپكى پەيدا بولۇشى ھەققىدە سوئال سورىغانلىقى، ھۆپۈپنىڭ بۇ مەنە ھەققىدە ئەپسانە ۋە بۇ سىر خۇسۇسىدا نىشانە ئېيتقانلىقى

قۇشلارنىڭ ھەممىسى ھۆپۈپتىن مۇن-
داق دەپ سورىدى:
— ئەي يولباشچى، بىزگە ئىشنىڭ بېشى-
دىن خەۋەر بەرگىن، بۇ قۇشلار لەشكىرى-
نىڭ سۇلتانى مەخلۇقاتلار ئارىسىغا قانداق
پەيدا بولغان؟ ئۇنى، ئۇنىڭ خۇي - مىجەزى،
ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى، ۋۇجۇدى ۋە
ھالەتلىرىنى كىم كۆرگەن؟ ئۇنى تاۋاپ ۋە
زىيارەت قىلىشنىڭ كەيپىياتى ۋە ئۇنىڭ
ئەمىر - پەرمانلىرى، مەنئىي ۋە چەكلەش-
لىرى، شۇنداقلا باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى
سۆزلەپ بەرگىن. بۇ سۆز ئەقىل - ئىدراك-
تىن تاشقىرى مۇشكۇل، بۇ سوئال ئەقىل
ئىگىلىرىنىمۇ سەۋدايى قىلغۇسىدۇر.

## چىن شەھىرىنىڭ سۈپىتى، ئۇ يەرگە سۇمۇرغنىڭ پېيى چۈشكەنلىكى

ھۆپۈپ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇن-
داق دېدى:
— بۇ ئىش مۇنداق يۈز بەرگەنمىش،
مەشرىق تەرەپتە چىن دەپ ئاتىلىدىغان بىر
شەھەر بار. بۇ جاھاندا ئۇنىڭدەك چوڭ
شەھەر يوق. بۇ جاھان خەلقى ئۇ شەھەر
ئىچىگە تامامەن يوشۇرۇنۇپ كېتەلەيدۇ.
ئۇ شەھەر بېھىش گۈلزارىدىن خۇش ھاۋا،
ئۇنىڭ سۇلىرى جەننەت ئېرىقلىرىدىنمۇ
يېقىملىقتۇر.
بىر كېچىسى ئۇ دۆلەت ئۇۋىسىنىڭ
پادىشاھى جاھان ئىچىدە پىنھان ھالدا
پەرۋاز قىلىپ، تاسادىپىي ئۇنىڭ سايامىتى
جەننەت كەبى چىن شەھىرىگە توغرا
كېلىپ قاپتۇ. شۇ كېچىسى چىن مەملىكىتى
پۈتۈنلەي يورۇپ كېتىپتۇ. خەۋەر تاپقان-
لارنى بۇ ئىش بىھوش ۋە بىخۇد قىپتۇ.
سۇمۇرغنىڭ بىرلا سىلكىنىشى تۈپەيلىدىن
بىر تال پەي چىن شەھىرىگە چۈشۈپ
قاپتۇ، ئۇ ئەل شۇ پەيدىن زىننەت ۋە
گۈزەللىككە ئېرىشىپتۇ. ئۇ پەيدە ئاجايىب-
غارايىب نەقىش ۋە سۈرەت بار ئىدىكى،

ئۇنى شەرھىلەشتە قەلەم ئاجىزدۇر. ئەتىسى خالايىق ھوشىغا كېلىپ، ئۇ پەيىنىڭ رەڭگى، شەكلى ۋە نەقىشلىرىگە قاراپ، ھەر كىشى ئۆز خىيالى بويىچە قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇ پەيىنىڭ سۈرەت ۋە نەقىشلىرىنىڭ تەسۋىرىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. ھەممەيلەنىڭ خىيال - پىكرى مۇشۇ ئىشتا بوپتۇ. بۇ ئىش پۈتكۈل خالايىقنىڭ ھۈنەر ۋە كەسپىگە ئايلىنىپتۇ. ھەر بىر كىشى ئۇ نەقىشنىڭ خىيالى بىلەن تەسۋىرىي سەنئەتتە كامالەتكە يېتىپتۇ. ئۇلاردىن نەققاشلىقتا كامالەتكە يەتكەنلەرنىڭ بىرى مانى ئىسىملىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمى مۆجىزە كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىگە قارىغان كىشىنىڭ ھەيرانلىقى ئاشىدۇ. دانالار ئۇنىڭ نام - نەسەبىدىن خەۋەر تاپقان بولغاچقا، چىن شەھىرىنى مانىنىڭ كارخانىسى دەپ ئاتايدۇ. ھازىرمۇ ئۇ پەي گوياكى ھۆركە ئوخشاش ئۇ جەننەت كەبى ماكاندا تۇرماقتا. ئۇ پەيىنىڭ پەيدا بولۇش ۋەقەسى مانا مۇشۇ. بۇنىڭدىن باشقىسىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ھېچ كىشى كۆرۈشنى ئېيتالمايدۇ. سۆزنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېچ كىشى سۆز ئاچالمايدۇ. ھەر قانداق ئۆتكۈر كۆزلۈكلەرنىڭ كۆزى بۇ ساھەدە ئەمادۇر. ھەر تەرەپتە ئۇ پەيىنىڭ بىردىن قىلى بار. بۇ ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ نەمۇنىسىدۇر. ئۇ پەيىنىڭ شەكلىدە سانسىزلىغان نەقىش - سۈرەتلەر نامايەندۇر. ئۇنىڭ كامالەتلىك ئەپئالىغا بولار گۇۋاھتۇر. بۇ پەيىنىڭ سان - ساناقسىز رەڭلىرى سۇمۇرغ ئىسىملىرىنىڭ ھۆكمىگە بىزنى ئىشەندۈرىدۇ ۋە ۋە مەپتۇن قىلىدۇ. ھېچ يەر ئۇنىڭ مەسىلىكىدىن خالىي ئەمەس، ئەمما ھېچ كىشى ئۇ مەسىلەكلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئۈن چىقىرالمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق بۇيرۇق ۋە چەكلەشلىرى بىزگە پەرزىنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنى تەرك قىلغان كىشى ناھايىتى كۆپ دىشۋارچىلىق ۋە مۇشكۇلاتچىلىكلەرگە دۇچار بولغۇسى. ئۇ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگۈچىلەرگە ۋىسالىدىن ئۈمىد بېرىپ، ئاسىي ۋە جاپاكارلارغا ئازابتىن خەۋەر بېرىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قۇشلار ئارىسىغا شاۋقۇن - سۈرەن چۈشتى. ھەر بىرىسىنىڭ كۆڭلىگە شەۋق ۋە ھاياجان پەيدا بولدى. بۇ قەۋم ئىچىدە ھەرقانداق بىر جانىۋار ئۇ پادىشاھنى بىلمەي، غەپلەتتە يۈرسە، ئۇنىڭ يۈزمىڭ دەرد - ئەلەمگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدى.

## ھۆپۆپنىڭ سۇمۇرغ ئەپسانىسىنى سۆزلىگەنلىكى، قۇشلارنىڭ ۋۇجۇدىنى شەۋق ئوتى ئۆرتىگەنلىكى

قۇشلار ھۆپۆپكە مۇنداق دېدى:

— ئەي پېشۋايىمىز، ئۇ پادىشاھتىن ئايرىلىپ تۇرۇش ئەمدى بىزگە راۋا بولماس، دۇنيادا بىزنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىمىزنى بىلىپ تۇرىدىغان بۇنداق پادىشاھىمىز بار تۇرسا، بىز غەپلەتتە يۈرۈپتىمىز. بىز ئەمدى جۇدالىق ئازابىدا زار بولدۇق، خىجالەتچىلىككە گىرىپتار بولدۇق. ھوشيار كىشىلەر نەزەرىدە شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، غەپلەت بىلەن تىرىك يۈرگەندىن كۆرە، ئۆلۈم ياخشىراقتۇر. بىزنىڭ ئارزۇيىمىزدا سەنلا ئىشنىڭ يولىنى بىلىسەن. شاگىرتى

ھەممىمىزنىڭ ئىلتىماسىمىز شۇكى، ھەممە-
مىزگە يولباشچى بولۇپ، بۇ سەپەردە بىزگە
پېشۋالىق قىلغايسەن. ئۇ پادىشاھنىڭ
يولىغا جان بىلەن يۈزلەنگەيمىز، بەلكى ئۇ
يولغا جانىمىزنى ئالدىغانغا ئېلىپ، كۆز ياشلى-
رىمىزنى ئاققۇزغان ھالدا كىرگەيمىز.
ۋىسال ئارزۇسى بىلەن ئىزدىنىشتىن بىردەممۇ
توختىمايمىز. بۇ يولدا شۇنداق قانات قاقى-
مىزكى، قانچىلىغان سۇ ۋە قۇرۇقلۇقلارنى
بېسىپ ئۆتىمىز. شۇ ئارقىلىق يا شاھ
ۋىسالىنى تېپىپ مۇرادىمىزغا يېتىمىز ياكى
شۇ ئارزۇ يولىدا جاننى تەرك ئېتىمىز.

## ھۆپۈپنىڭ قۇشلارغا كۆڭۈل بېرىپ، ئۇلارنى ۋىسال يولىغا قىزىقتۇرغانلىقى

ھۆپۈپ قۇشلارنىڭ سۆزلىرىدىن شاد -
خۇرام بولۇپ، مۇنداق دېدى:
— ئەي دەرمانسىز دەردمەنلەر، بىز-
ەرگە بۇ پەلەك يۆلەنچۈك، بەخت يار-
يۆلەك بولسىلا، سىلەر ئىختىيار قىلغان بۇ
مۇبارەك سەپەردە مەن جېنىمنىڭ بارىچە،
جىسمىمدا قۇۋۋىتىمنىڭ يېتىشىچە ھەممىڭ-
لارغا ھەمدەم بولىمەن. بارلىق مەنزىللەردە
سىلەرنى ئاسرايمەن. يولدا سىلەرگە قان-
داق غەم - غۇسسە يەتسە، غەمخورلۇق
قىلىمەن، ھەمدەم بولىمەن، يوشۇرۇن دەر-
دىڭلارغا دەرمان، جاراھىتىڭلارغا مەلھەم
بولىمەن. ھەر قانداق مۇشكۈل ئىشىڭلار
بولغان تەقدىردىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ،
ھەل قىلغايمەن. ئەگەر سىلەرنىڭ سەپىرىڭ-
لاردا ھەر قانداق ئەھۋال يۈز بەرگەندىمۇ
ئۇنى ئاسان قىلىش، ھەل قىلىشقا قىلچە
ئۆزرىخاھلىق قىلماستىن، زارلىماستىن كۈچ
چىقىرىمەن، ئۇچقاندا تەڭ ئۇچىمەن، قون-
غاندا كۆزەتچىلىك قىلىپ، سىلەرنى مۇھا-
پىزەت قىلىمەن.
قۇشلار ھۆپۈپنىڭ مۇددىئالىرىنى
چۈشىنىپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ياخشى تىلەك-
لەرنى تىلەپ دۇئا قىلىشتى. ھۆپۈپ بۇ
يىغىلىشتا ھېسابسىز سىرلارنى ئاشكارىلاپ
مەستخۇشلار ۋە بىھوشلار ھەرپەردىن سۆز
ئېچىپ مۇنداق دېدى:
— ھەممىڭلار ئىلىم - ئىرپان سىرلىرىغا
مايىل ۋە بۇ يوشۇرۇن خەزىنىلەرگە قايىل
بولغانلار. ئەزەلدىكى يارىتىلىشتا بېھىش
بېغىنىڭ شاخلىرىدا سايرىغۇچىلار. ھەممىڭ-
لار ئۇ پادىشاھنىڭ يولىغا قەدەم قويدۇڭلار
ۋە بۇ يولدا بىر - بىرىڭلارغا ھەمدەم بول-
دۇڭلار، ئۇ پادىشاھنى ئۇلۇغلاش ۋە تەرىپ-
لەش سىلەرنىڭ بارلىق ئاۋازىڭلارنىڭ مەز-
مۇندۇر. شۇڭا يەيدىغان - ئىچىدىغىنىڭلارمۇ
ئاشۇ پادىشاھنىڭ زىكرى ۋە يادى بولغاي،
ئۇنىڭ زىكرى ۋە پىكرىدىن باشقا تىن
تارتمىغايسىزلەر. مۇبادا بىر ئەخمەق ئاتە-
كاچى كېلىپ، سىلەرنى ئۈركۈتۈپ،
كۆزۈڭلەردىن ئەقىل شېمىنىڭ نۇرىنى يوشۇ-
رۇپ، ئاراڭلارغا ئىختىلاپ ۋە تىۋپىلاڭ
سالسا، ھەر بىرىڭلارنى ئاۋارە ۋە پاراكەندە
قىلسا، ئۇنداقتا ھەرگىزمۇ ئۇ ئالىي گۈل-
شەن تەرەپكە يول تاپالمايمىز. ھەممىڭلار
ئۇ پادىشاھنىڭ يادى ۋە زىكرىنى ئۇنتۇپ،
پۈتۈنلەي بۇ دۇنيانىڭ باغۇ - بوستانى
تەرەپكە مايىل بولۇپ قالسىلەر؛ بۇ تۇپ-
راقنى ئۇۋا تۇتۇپ، بۇ غېرىب ماكاندا
مۇقىملىشىپ قالسىلەر. كۆڭلۈڭلەردىن ئۇ

ئارزۇ - ئىمەتنىڭ ۋە ئالىي مەنزىلىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى يوقىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۈيۈك تەڭرى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىپ، يەنىلا سىلەرنى كۆپ تىرىشچانلىقلار بىلەن ئۇ پادىشاھنىڭ ئاستانىسىگە يەتكۈزگۈسىدۇر. بۇ سەپەرنىڭ رەنج - مۇشەققەتلىرى سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەرنى تازىلايدۇ، نەپسىڭلارنى پاك ۋە ھالال قىلىدۇ. بۇ ئۇزۇن مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق، سىلەرگە نۇسرەت يۈزلىنىدۇ. جىسمىڭلار پاكلىنىدۇ، روھىڭلار ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىدۇ. سىلەرگە مۇقەددەس روھلار جىلۋىگەر بولىدۇ، ۋىسال كۈنلىرى ئاشكارىلىنىدۇ. كۆڭلۈڭلەردە ئۇ پادىشاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە مەرىپەت ھاسىل بولىدۇ. جېنىڭلار مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. سىلەر رىيازەت مەسلەكلىرىنى ئۆتكىنىپ، ئۇ پادىشاھنى چۈشىنىسىلەر.

## ھۆپۈپنىڭ تۇتىغا خىتاب قىلىپ، ئۇنى مەقسەت تەرەپكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكى

ھۆپۈپ تۇتىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي تاتلىق سۆزلۈك تۇتى، سەن شەرەپلىك نۇتقۇڭ بىلەن ئالىي مەرتىۋىگە يېتىپسەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ كىيىۋالغان يېشىل تونۇڭ بىلەن خۇددى خىزىر پەيغەمبەرگە ئوخشايسەن. سەن بۇ مەسلەكداشلارغا گويا كى خىزىردەك يول كۆرسەتكۈچى بولۇپ، بۇلارنى ئۇ پادىشاھ تەرەپكە باشلىغايسەن. سەن ئالدى بىلەن ئۇ مەنزىلگاھنى ياد قىلغىن، كۆڭلۈڭنى ئاشۇ ئۇمىد بىلەن شاد قىلغىن. سېنىڭ مەنزىلگاھىڭ ئەسلىدە ھىندىستان ئىدى. ئۇ يەردە شاھنىڭ ھەرىمىدە بولغانىتىڭ. ۋىسال شېكەرزارى سېنىڭ ئورنىڭ ئىدى. ئۇ شېكەرلەردىن سۇمۇرۇپ، شېرىن ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ، شاھنىڭ ئالقىنىنى ئۆزۈڭنىڭ ماكانىڭ قىلغانىدىڭ. سۆزلىرىڭنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇ پادىشاھ خەۋەردار ئىدى. ئەمدى بۇ غېرىبلىق سارىيىدىن كۆچۈپ، ئۇ چىمەن تەرەپكە پەرۋاز قىلغايسەن.

## ھۆپۈپنىڭ توزغا خىتاب قىلىپ، ھېكمەت ئېيتقانلىقى

ھۆپۈپ توزغا مۇنداق دېدى:

— ئەي گۈزەل گۈلزارىڭنىڭ جىلۋىگىرى، بۇ دەۋراننى مەست قىلغۇچى جىلۋەڭنى كۆرسەتكىن. سېنىڭ بېشىڭ رەئىسلىك تاجىڭنىڭ ماكانى، تېنىڭ بولسا گۈزەللىك بايلىقىنىڭ خەزىنىسىدۇر. سېنىڭ قامىتىڭگە ھۆسن ۋە جامالىڭ ئۆزى لىباس بولۇپتۇ. ئۇنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزدۇر. لىباسىڭغا گۈزەللىك لايىق، ئۆزۈڭگە مەھبۇبلۇق مۇۋاپىقتۇر. لېكىن ئۆز ۋەتىنىڭ يادىڭدىن چىقىپتۇ، شاھ ئالدىدىكى گۈلشىنىڭدە جىلۋە قىلىشلىرىڭ ئۇنتۇلۇپتۇ. سەن ئۇ بېغىڭنى ئېسىڭدىن چىقارما، بۇ ۋەيرانە جاھاننى بىر يولى تەرك قىلغىن. شاھ بەزمىنىڭ ھاياجىنى بىلەن سايراپ، ئۇ ساراي بوستانىغا قاراپ پەرۋاز قىلغىن.

## ھۆپۈپنىڭ بۇلبۇل ئاۋاسى ھەققىدىكى ساداسى

ھۆپۈپ بۇلبۇلغا مۇنداق دېدى:
— ئەي گۈلزارنىڭ زوق - شوقى
بىلەن ناۋا قىلغۇچى بۇلبۇل، سايرىغىن.
سېنىڭ ئاۋازىڭدىن ھاياجان سىرلىرى
نامايانىدۇر. سەن ئۆز ئاۋازىڭ بىلەن ئىشق
ئاھاڭلىرىنى تۈزگىن. غەمكىنلەرنىڭ مۇڭ-
لۇق ئاۋازلىرىنى نامايان قىلغىن. ئۇ شاھ-
نىڭ گۈلىستانىدا مەست بولغىن، ئۇ گۈل-
نىڭ ئىشقىدا ئەزەل شارابىنى ئىچكىن. گۈل
مەۋسۇمىدا ئوتتەك گۈللەر جىلۋىلىنىش
بىلەنلا، گۈل بەرگىلىرى تېنىگە ئوت
يېقىپ، ئۇ پاك گۈلشەندىن يىراق چۈشۈپ-
سەن. گۈل ھۆسنىگە ھەيران بولۇپ،
جۇدالىقتا قېلىپسەن. ئەمدى ئۇ ساپ
ھاۋالىق گۈلشەن تەرەپكە پەرۋاز قىلىپ،
قىزىل گۈلنىڭ يېنىغا بارغىن. چۈنكى ئۇ
پادىشاھنىڭ بوستانىدا يۈزلىگەن گۈللەر
ئېچىلىپتۇ. سەن بولساڭ ھىجران ئوتىدا
يۈزمىڭلارچە كۆيۈپ - ئۆرتىنىۋېتىپسەن.

## ھۆپۈپنىڭ پاختەك ئاۋازى ھەققىدىكى ئاھاڭى

ھۆپۈپ پاختەككە مۇنداق دېدى:
— ئەي جاھان بوستانىنىڭ غەزەل-
خانى، غەزەل ئوقۇغىن. سېنىڭ غەزىلىڭدە
جان ئاھاڭلىرى خاتىرىلەنگەن. سەن قۇشلار
توپىنى بىر پەس ھەيران قىلىپ، ئۇلارنى
ئاھاڭلىرىڭنىڭ ئاۋازى بىلەن بىھوش
قىلغىن. بوينۇڭغا ئاسانلىق تەسۋى-
يىنى سالغان بولساڭمۇ ئۇنىڭ تەرىپ-
تۆسۈپىنى قىلىش مۈشكۈل ۋە دىشۋاردۇر.
چۈنكى سەن ھەربىر بوستاندا ئايلىنىپ
يۈرۈپ، تۇپراق ۋە قانلارغا بۇلغىنىپسەن،
دەردمەنلەرچە نالە قىلىپ، ئىشق سەۋدا-
سىدا مەجنۇندەك يۈرىسەن. ۋىسال بېغىنى
ئەسلەپ ئاشۇنداق پاراكەندە بولۇپسەن.
ئەمدى ساڭا بېشارەت شۇكى، بۇ غەم
بىلەن چۈشكۈنلىشىپ يۈرمەي، ئۇ پادىشاھ-
نىڭ گۈلشىنى تەرەپكە پەرۋاز قىلغىن.

## ھۆپۈپنىڭ كەكلىك ساداسى ھەققىدىكى ناۋاسى

ھۆپۈپ كەكلىككە مۇنداق دېدى:
— ئەي يىراق تاغلارنىڭ خۇش
ئاۋاز كەكلىكى، يۈرگىن، سېنىڭ كۆزلىرىڭ-
نى ئىشتىياق دەردى ياقۇتتەك قىزارتىپتۇ.
ھىجران دەشتىدە پەرھادتەك پىرقىراپ
توختىمايسەن. تۇمشۇقلىرىڭنىڭ لالە رەڭ
بولۇشى قان يۇتىدىغانلىقىڭدىن دالالەت
بېرىدۇ. ۋىسالنى ياد ئېتىپ، ھىجراندا
بۇ قەدەرمۇ پەرياد چېكەمسەن؟! سېنىڭ
يۇقىرى ئاۋازدا قاقاقلاشلىرىڭ ئەمەلىيەتتە
ھەقىقىي كۈلكە ئەمەس، بەلكى ئۆز ماتەمىڭ-
گە بولغان زەھەر كەبى ئاچچىق كۈلكىدۇر.
ئۇ پادىشاھنىڭ ماكانى بولغان كوھىقاپقا
يۈرۈپ، ۋىسالغا ئېرىشىش ئالدىدا تۇرۇ-
ۋاتىسەن. ئەمدى ۋىسال يېقىنلاشتى. شۇڭا
ۋىسال ئۈمىدى بىلەن بەزمە تۈزگىن.
ھىجران تىغى ۋە تېشىدىن ئازاد بول-
سەن، بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولغىن.

## ھۆپۆپنىڭ قىرغاۋۇل يۈرۈشلىرىنىڭ سۈرئىتى ۋە سەيلىلىرى ھەققىدە تىل ئاچقانلىقى

ھۆپۆپ قىرغاۋۇلغا مۇنداق دېدى:

— ئەي گۈزەل قىرغاۋۇل، نازكەرەشمە قىلغىن، گۈلشەندىكى زىبا سەرۋى دەرىخى سېنىڭ قۇلۇڭدۇر. جامالىڭدىن گۈلىستان زىننەت تاپىدۇ، رۇخسارىڭ ئالدىدا گۈللەرمۇ خىجىل بولىدۇ. سەن گاھى باغلاردا، گاھى تاغلاردا سەيلە قىلىسەن. سېنىڭ زىبالىقىڭدىن باغۇ-تاغلار پەخىرلىنىدۇ ھەم چىمەن ئەھلىگە ئۈلپەت بولىسەن ھەم ئۈلپەتلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ياقىسەن. گەرچە ھۆسىن بابىدا سېنىڭ زىبالىقىڭ ۋە رەنالىقىڭ چەك-چېگرىسىز بولسىمۇ، لېكىن گۈزەللىكىڭگە مەغرۇرلانما، ھۆسن-جامالىڭغا خۇشال بولۇپ كەتمە. ئۇ پادىشاھنىڭ ئەبەدىي ۋە نۇقسانسىز گۈزەللىكىنى يادىڭغا ئېلىپ، ئۇ گۈلشەن تەرەپكە ئوتتەك شولا ئۇرۇپ بارغىن.

## ھۆپۆپنىڭ دۇرراج① خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرى

ھۆپۆپ دۇرراجقا مۇنداق دېدى:

— ئەي دۇرراج، سېنىڭ گۈزەللىكىڭ خۇددى جان قۇشىغا ئوخشاش ھەممىگە ياقىدۇ. سېنىڭ قەدىمىڭدىن ئورمانلار گۈزەللىشىدۇ. يۈرۈشلىرىڭ كۆكلەمزارغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. سېنىڭ مەستانە ئاۋازىڭ دىللارنى مەپتۇن قىلىدۇ، ئاشىقلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىن چىدام ۋە سەۋرنى يوقىتىدۇ. سېنىڭ زىبالىقىڭ كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىدۇ. سۈرىتىڭنىڭ گۈزەللىكى بىلەن نۇتقۇڭنىڭ يېقىملىقلىقى جەھەتتە تەڭداشسىز بولۇپسەن. بۇ قەدەر گۈزەللىكىڭ ۋە يېقىملىق نۇتقۇڭ بىلەن ساڭا لايىق ئىش شۇكى، سەن بۇ يەردە باغلىنىپ قالماي، ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇ شاھنىڭ قولىغا چۈشكىن. ئۇنىڭغا جېنىڭنى پىدا قىلغىن. شۇ تەرەپكە سەپەر قىلىش بىلەن مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشكىن.

## ھۆپۆپنىڭ كەپتەر پەرۋازى ھەققىدىكى ھەۋەسلىرى

— ئەي كەپتەر، — دېدى ھۆپۆپ خىتاب قىلىپ، — پەلەك ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ، ھاۋادا چۆگىلەشنى باشلا. گەرچە سېنىڭ ئۇۋاڭ ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئۆزۈڭ كەپتەرخانىدا غەشلىكتە قالغان بولساڭمۇ، لېكىن ئۇ پادىشاھنىڭ قەسرىنى يادىڭدا تۇتۇپ، شۇ تەرەپكە قاراپ قانات قاققىن. چۈنكى سېنىڭ كۆڭلۈڭ پەرۋازدىن توختاپ قاپتۇ. شاھ قەسرىنىڭ ئېيمىدىن يىراقلاپ كېتىپسەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالىي سۈپەتلىك قەسرى ئۈستىدە ئۇچقانلىقىڭ پۈتۈنلەي ئېسىڭدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمدى خۇشال ھالدا ئۇ قەسرىنىڭ ئېيمىغا قونغىن. شۇ ئارقىلىق ئۇ تامنىڭ ئۈستىدە ئەزىز بولغايسەن. ئۇ پادىشاھ سېنى قىلتاق قۇرۇپ تۇتۇۋالسا، ئەسلى كەپتەرخاناڭغا يول ئالارسەن.

① دۇرراج — كەكلىك ئائىلىسىگە تەۋە بولغان بىر خىل قۇش، چىل.

## ھۆپۈپنىڭ لاچىن ھۆسنى ۋە كامالىتى ھەققىدىكى باشلامچىلىقى

ھۆپۈپ لاچىنغا مۇنداق دىدى:



— ئەي لاچىن، سەن گوياكى پادىشالاردەك باي ۋە بەرەكەتلىكسەن. سىنىڭ شەكىل ۋە جامالىڭ ئىنتايىن چىرايلىق. بۈيۈك تەڭرى سىنى قۇشلار ئارىسىدا ئەزىز قىلىپتۇ. قابىلىيىتىڭ ھەممىدىن زىيادە بولۇپتۇ. شۇڭا پادىشاھلارنىڭ قوللىرى سىنىڭ مەنزىلىڭ بولغان. شاھلار ساڭا ھەمىشە ئۆز قولى بىلەن تائام يىگۈزىدۇ، قانات - قۇيرۇقلىرىڭنى قوللىرى بىلەن سىلايدۇ، تۇمشۇقلىرىڭدىن چاڭگاللىرىڭغىچە سىلاپ چىقىدۇ. بۇ مەككار پەلەك ئۆزىنىڭ تەپرىقىچىلىكىنى نامايان قىلىپ، سىنى بىر مەزگىل ئۇ پادىشاھىنىڭ قولىدىن ييراقلاشتۇرۇپتۇ، سىنى ھىجران دامىغا باغلىۋاپتۇ، شۇڭا تەبىئىتىڭ يىراق كۆنىلىرىڭگە ئۆگىنىپ قاپتۇ. ئەمدى يەنە قايتىدىن ئۇ پادىشاھقا ئۇۋلانغىن. شاھنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ، ئەزىز ۋە بۈيۈكلۈككە ئېرىشكىن.

## ھۆپۈپنىڭ شاھ سۇپەت شۇڭقار ھەققىدىكى مەدھىيىلىرى

— ئەي شۇڭقار، — دىدى ھۆپۈپ، — خۇش كەپسەن. ئۇ پادىشاھ سىنىڭ ئۇۋاڭنى پەلەكتەك يۈكسەك قىلدى. مەنزىلىڭنى ئۆز قولىغا ئورۇنلاشتۇردى. سىنى قۇشلار ئارىسىدا پادىشاھتەك تاجدار قىلدى. بېشىڭغا ئالتۇن تاجنى لايىق كۆردى. سىنى پۈتكۈل تاجدار قۇشلارغا سەردار قىلدى. ئۇ پادىشاھ سىنىڭ سۆھبىتىڭگە ئۆزى ئىشتىياق باغلىدى. شاھلار بەزمىسىدە سىنىڭ ئورنىڭنى ئۈستۈن قىلدى. سىنى چەكسىز ھۆرمەت - ئېھتىرامغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ پادىشاھ ساڭا باشقىلاردىن ئون ھەسسە زىيادە جۈرئەت ۋە ھىممەت بەردى، قولىنى بوينۇڭغا مايىل قىلدى، گۆھەر - ياقۇتلاردىن بوينۇڭغا ھالقا سالدى. ئەمما بىر نەچچە مۇددەتتىن بېرى سەن يىراق دەشتكە چۈشۈپ، ئۇ پادىشاھتىن ناھايىتى يىراقلىشىپ كېتىپسەن. ئەمدى ھىجراننى ئۇنۇتقىن، شاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالقىنىدا ۋەتەن تۇتقىن.

### قۇشلارنىڭ يولغا چىقىشقا بەل باغلىغانلىقى، جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ شىددىتى تۈپەيلىدىن بەزى قۇشلارنىڭ سەپەردە ئاجىز كەلگەنلىكى

ۋاقتىكى، ھۆپۈپ ئىشق سۆزلىرىنى بايان قىلدى. قۇشلارغا ئىشق سىرلىرىنى ئايان قىلدى. قۇشلارنىڭ ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەپ، ۋىسالدىن ۋە ھىجراندىن پىكىر بايان قىلدى. قۇشلارنىڭ ھەممىسى ھىجراندىن مالال بولدى. ۋىسالدىن ھەربىرىنىڭ

كۆڭلىگە يۈزلىگەن خىياللار پەيدا بولدى. ئۇلار بۇ دەۋراندا ۋىسال ئادەتلىرىنى ئۇنۇتقان، ھىجران قائىدىلىرىنى تۇتقاندى. ئۇلار بۇ ئىشق ئىلھامىدىن ئاجايىپ ھالەتكە يۈزلەندى. ھۆپۈپنىڭ سۆزلىرى ئۇلارغا ۋىسالى ھالەتلىرىنى ئەسلەتتى. ئۇلار ھەممىسى ھىجران دەردىدىن دىشۋارچىلىقتا قالغاندى؛ سائادەت ۋە ھىدايەتتىن يىراق چۈشۈپ، يىراق ئازابىغا مۇپتىلا بولغاندى. لېكىن ئۇلار ھۆپۈپنىڭ سۆزلىرى تۈپەيلىدىن نادانلىق ئارىسىدا دانالىققا ئېرىشتى. ئۇلار ئىشنىڭ يولىدىن ناھايىتى يىراقتا قالغاندى. يىراق دامىغا مۇپتىلا بولغان، مەھرۇملۇق، ئۈمىدسىزلىك ئوتلىرىدا كۆيۈپ پىشقان، ھەربىرىنىڭ جانلىرىدىن تۈتۈن چىقىپ، ھايات شاسى ئۈچۈشكە ئاز قالغاندى. قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۇياتقا قالدى. ئۆز ئىشلىرىدىن شەرمەندە بولدى. ئۆز مەسلىكىدىن خىجىل بولۇپ، ھەسرەت زەرداپلىرىنى يۇتتى. دەرھال ئۆزلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۆزرە ئېيتىشقا باشلىدى. تاكى ھايات بولسىلا ئۇ پادىشاھنىڭ يولىدا قانات قېقىپ، باشلىرىغا مىڭ تۈرلۈك بالا-قازالار كەلسىمۇ، ھەربىر بالايىئاپەتكە يۈزمىڭلارچە گىرىپتار بولۇپ قالسىمۇ، ئۇ تەلەپ ۋادىسىنى تاپمىغۇچە، بۇ يولباشچىنىڭ ئارقىسىدىن ھەرگىز چۈشۈپ قالماسلىققا ۋەدىلەر قىلىشتى.

ۋاقتىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق قارار قىلىشتى. بۇ دەۋرانغا نىسبەتەن يىراق مۇقاملىرىنى تۈۋلاشتى. قۇشلارنىڭ ھەممىسى ھۆپۈپكە ئەگەشتى. ھۆپۈپ پۈتكۈل قۇشلارغا رەھبەر بولدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ھۆرمەت-ئېھتىراملار بىلەن يولغا چۈشتى. ۋىسال ئۈمىدى بىلەن تېز پەرۋاز قىلىشتى. ئۇلار نەچچە كۈن ئۇچۇپ، نەچچىلىگەن ۋادا ۋە باياۋانلارنى تىرىشىپ ئارقىدا قالدۇردى. بۇ يولدا ھەددىدىن تاشقىرى جاپا-مۇشەققەتلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار دەرد-ئەلەم ۋە رەنجۇ-غەمنىڭ شىددەتلىرىگە دۇچ كەلدى. قارىسا بۇ سەپەردە ئاجىز ۋە زەئىپ قۇشلارغا ھەددۇ-ھېسابسىز قىيىنچىلىقلار ۋە كۆلپەتلەر يۈزلىنىپتۇ. شۇڭا ئۇلار بوستانلاردا ئارام ئېلىپ، تۇبى دەرىخىدەك سايىلىك كاتتا دەرەخلەرنى ئارامگاھ قىلىشتى. ئۇلار يولنىڭ مۇشەققەتلىرى تۈپەيلىدىن پاراكەندە بولغاندى. ھەر بىرىگە ھېسابسىز دەرد ۋە قىيىنچىلىق دۇچ كەلدى. ئۇلار پاك باغۇ-بوستانلارنى، خۇش ھاۋالىق گۈلزار ۋە چىمەنلەردىكى ۋەتەنلىرىنى سېغىندى. نەپسىنىڭ مۇرادى ئۇلارغا پاراغەتلىك ماكانى، ئەيش-ئىشرەتنىڭ گۈلشەنلىرىنى ئەسلەتتى. بەزىلىرى بۇ سەپەردىن يالتايدى. بۇ يولدا ئۆزىنى ئاجىز ۋە چولتا دەپ بىلىشتى. ناتىۋانلىقلار بىلەن ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە قۇسۇرلىرىنى بايان قىلىشقا، زەئىپ ۋە ناتىۋانلىقىنى ئايان قىلىشقا باشلىدى. ھەرقايسىسى بىردىن باھانىنى كۆرسىتىپ، بۇ سەپەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەممىسى ھۆپۈپكە ئىلتىماس قىلىپ، مۇنداق دېيىشتى:

— ئەي يولباشچى، بىردەم توختىغىن، بىزدە بەزى ناتىۋانلار بار. ئۇلارنىڭ خەستە جانلىرى يول يۈرۈشكە ئاجىز كەلمەكتە. بەزىلەرنىڭ ئالدىغا ناھايىتى ئېغىر مۇشكۈلاتچىلىكلەر يۈزلەندى. ئۇلار سېنىڭ پىكىر-تەدبىرلىرىڭ بىلەن نىجادلىققا ئېرىشىشنى ئىستىمەكتە. يەنە بەزىلەرنىڭ ئال-

دىغا ھېسابسىز مۇشەققەتلەر يولۇقتى. بۇ
مۇشەققەتلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرى شۇن-
داق دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە
دۇچار بولدىكى، ئۇنى بايان قىلىش ھەقى-
قەتەن زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئۇنداق قىل-
مىساق، يول يۈرۈشىمىزگە چوقۇم تەسىر يېتىدۇ.
رەھبەر ھۆپۈپ بۇ سۆزنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن بارلىق قۇشلارنى يىغىپ، بىر
ۋادىدا قوندى. ھۆپۈپ قۇشلارنىڭ سۆزلى-
رىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ھاۋادىن پەسلەپ،
قۇشلار ئارىسىغا چۈشۈپ ئولتۇردى.

— ھەرقايسىڭلار دەيدىغان سۆزۈڭ-
لەرنى دەڭلار، — دەپ، ئۇلارنىڭ ئەرزىگە
كۆڭۈل قويۇپ، كۈتۈپ تۇردى.

## تۇتىنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

قۇشلار توپى ئىچىدىن ئالدى بىلەن
تۇتى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلىپ،
ئۆزرە ئېيتىشقا باشلىدى:

— مەن ھىندىستاننىڭ چەت، ئىسسىق
جايلىرىدا ماكان تۇتۇپ، سەيلە قىلىپ يۈر-
گەن بىر قۇش ئىدىم. خەلق ئارىسىدا
گۈزەل-نۇتقۇم بىلەن شۆھرەت قازانغانىدىم.
ئاجايىب-غارايىب ھېكمەتلىرىم بىلەن
غەمكىن كۆڭۈللەرنى سۆيۈندۈرەتتىم. ئۆزۈم-
نىڭ بەختىيارلىق مەنزىلىمنى قەپەس قىل-
غان، ھەر قانداق مالامەت توزىقىنى ئۆزۈمگە
ھەمنەپەس قىلغانىدىم. نازىنىنلارنىڭ قولى-
دىن غىزا ئېلىپ يەيتتىم، ھەمىشە قەنت
ۋە شېكەر بىلەن پەرۋىش قىلىناتتىم. ماڭا
گاھى بىر ئەينەك ئالدىمغا كېلەتتى،
گاھىدا بىر ئەينەكتەك گۈزەل يۈزلۈك نازى-
نىن ھەمراھ بولاتتى. ئۆمرۈمدە بەخت ۋە
شادلىقتىن باشقىسىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.
خالايىقلا نۇتقۇمدىن يۈزلەپ خۇرسەنلىك
يېتەتتى. ھازىرغىچە ئۆزۈمنى قاتتىق جاپا-
مۇشەققەت ئىچىدە كۆرۈپ باقمىغان، مېھنەت،
مۇشەققەتنىڭ ئاچچىق زەھرىنىمۇ تېتىپ
باقمىغانىدىم. ئۇ پادىشاھنىڭ دەرگاھى
شۇنداق بۈيۈك ۋە ئالىي دەرگاھدۇركى،
ئۇ يەردە بۈركۈتلەرمۇ پاشىچىلىك بىلىنمەيدۇ.
بەلكى ھېسابسىز خالايىقلار بولغان تەقدىر-
دىمۇ ئۇ يەردە پاشىدىنمۇ ئاجىزراق بول-
غۇسىدۇر. ئۆزۈمنى چاغلىماي ئۇ تەرەپكە
سەپەر قىلىپ قاپتىمەن. مەن قانداقمۇ
باشقا قۇشلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ، بۇ يول-
نى بېسىپ تۈگىتەلەيمەن؟ قانداقمۇ ساڭا
ھەمراھ ۋە سەپەرداش بولالايمەن؟ ئەمدى
مېنىڭ ئەھۋالىمنى چۈشىنىپ، ئۆزرەمنى
قوبۇل قىلغايسەن.

## ھۆپۈپنىڭ تۇتىغا جاۋاب بەرگەنلىكى

— بۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلىرىڭنىڭ
ھەممىسى پۈتۈنلەي خاتا، — دېدى ھۆپۈپ
تۇتىغا جاۋابەن، — ئېيتقانلىرىڭنىڭ بىرىمۇ
توغرا ئەمەس، جىمىسى بىمەنىلىك ۋە ئال-
جىغانلىقنىڭ بېشارىتىدۇر. بىمەزە نۇتقۇڭنى
پاساھەت، بىھۇدە لەۋزىڭنى بالاغەت دەپ
ئويلاپ قاپسەن. ئۆزۈڭنى خىلمۇ خىل،
رەڭگارەڭ سۆزلەر بىلەن ماختاپ، ئاساس-
سىز سۆزلەرنى ئېيتتىڭ. بۇلارنىڭ ھەممى-
سى ئارتۇقچە ۋالاقلاش ۋە ئاساسسىز لاپ

ئۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ ۋە ماختىنىپ، ئاشىقلىق دەۋاسى قىلىسەن. لېكىن سەن خورلۇق ۋە تۇتقۇنلۇققىلا لايىق. ئەيىنەك ۋە نۇتقۇڭ بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرىسەن. ئەمما ئۇ نۇتۇقلىرىڭ كۈلكىگە مۇۋاپىقتۇر. ھەققى ئەيىنەك دېگەن شۇكى، يۈزلىگەن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، كۆڭلۈڭ لەۋھەسىگە شۇ ئارقىلىق نۇر ۋە جۇلا بەخش ئەتكەيسەن. ھەر بىر ھىندىنىڭ قېشىدا پادىشاھلىق دەۋاسىنى قىلىسەن. ھوشيارلار ھەرگىز بۇنداق ئارتۇقچە سۆزلەرنى قىلمايدۇ. سەن ھازىر ھەققى شاھنىڭ يولىدىن يېنىپ، يولسىز ۋە پايدىسىز سۆزلەرنى قىلىۋاتىسەن. بەس، بۇ خىياللىرىڭنىڭ ھەممىسى يارىماس ئويلاردۇر. ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى تولا قىلدىڭ. غەپلىتىڭ ۋە ئازغۇنلۇقۇڭ تۈپەيلىدىن كۆڭلۈڭگە ھېچبىر ھوشيارلىق يەتمىدى. بۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغىنىڭدا ھالىڭنىڭ دىشۋارچىلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن. ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغىنىڭ بىلەن پايدىسى يوق. قىلغان بۇ قىلىقىڭغا يۈزلەرچە خىجالەتچىلىكتە قالىسەن. بۇ سۆزۈڭ تۈپەيلىدىن كۆپ كۈلپەتلەرنى چېكىسەن. پۈتكۈل بايلىق ۋە دەسمايىلىرىڭدىن ئايرىلىسەن. ۋۇجۇدۇڭ نەپسانىيەت بىلەن شەيتاننىڭ مەسخىرىسىگە نىشان بولدۇ.

## غاپىللار دەللى ئۈچۈن مىسال قىلىنغان بىر ھېكايەت

بۇرۇنقى زاماندا بىر غاپىل ۋە ئازغۇن شەيخ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدقىلىق نەپسى ئۈچۈن بىر جامائە خەلقىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىش نىيىتىدە بازارغا قاراپ قەدەم قويدى. ئۇ شەيخ دۇنياغا ھېرىسمەن كىشى ئىدى. رىزقىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ئۈستىبېشىغا بىر يېشىل يېپىنچىنى ئارتىپ، بۇ ئىش بىلەن يامان يولغا ئۈندىگۈچى نەپسىنى خۇشال قىلاتتى. ئۇ بازاردىكى بىھېساب نازۇ - نېمەتلەرنى كۆرۈپ، تاقىتى تاق بولغان ھالدا ۋە كۆڭۈل سىرلىرىنى يوشۇرغان ھالدا ۋەزنەسىھەتلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭغا بۇزغۇنچى نەپسى ئەگرى يولنى تۈز قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئاخىر قەلەندەرلىك مىكرىنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى. گاھ يېتىملىق ماقالىلەرنى سۆزلىسە، گاھىدا «كەسىپ - كامالەت» لىرىنى كۆز - كۆز قىلاتتى؛ بەزىدە خەلق ئىچىدە ئۆزىنىڭ «كەشىپ - كارامەت» لىرىنى نەقىل كەلتۈرسە، يەنە بەزىدە ئەقىل ۋە شەرىئەت يوللىرىنى ئىزھار قىلاتتى. ئۇ شەيخ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يۈزلەرچە مىكىر ۋە ئەپسۇنلارنى ئىشقا سېلىپ، خالايىقتىن بىر لوقما تائام ياكى بىر دەرەم پۇلغا ئىگە بولاتتى. كىشىلەرگە ھىيلە ۋە مىكىر ئىشلىتىپ، يۈز قىسما نەيرەڭ ۋە ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ، نەپسىنىڭ تىلىگىنىنى ئۇلاردىن ئېلىپ يەيتتى. نەشىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەر نەپەستە يۈز قىسما بۇزۇق خىياللارنى قىلاتتى، كۆڭلىدە مىڭلىغان خام تەمە ۋە بىمەنە نىيەتلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭغا بىر كۈنى تۇساتتىنلا بىر مەردانە ۋە ئۇلۇغ كىشى ئۇچراپ قالدى. ئۇ كىشى ناھايىتى كامالەتكە يەتكەن كارامەت ئىگىسى ئىدى. غاپىل شەيخ بۇ ئاقىل كىشىنى كۆرۈش بىلەنلا يامان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

چىرايىنىڭ ئۈگى ئۆچتى. ئۇ ئەزىز كىشى
غاپىل شەيخكە:

— ئالدىڭدىكى ئىبرىشكەن نەرسىلىرىڭ-
نى ماڭا ئۇزاتقىن، تاپقان سەدىقىلىرىڭنى
كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

ئۇ زىندى پەس شەيخ ئۆزىنىڭ تاپ-
قانلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، خالتىسىنىڭ
ئاغزىنى ئاچقانىدى، خالتىنىڭ ئىچىدە
پۈتۈنلەي نىجاسەتلەر تۇرغانلىقىنى كۆردى.
بۇنى كۆرگەن شەيخنىڭ خەستەك جىسمىغا
ئوت تۇتاشتى. ئۇ مەردانە كىشى يەردىن
بىر ئوچۇم تاش ئارىلاش توپىنى ئېلىپ،
خەسىس شەيخنىڭ قولىغا بەردى - دە:

— بۇنىڭ بىلەن كۆن ئۆتكۈزگەيسەن، —
دېدى.

شەيخ ئېلىپ قارىسا، ئۇ پاك زاتنىڭ
بەرگەن توپىسى ئالتۇن، تاشلىرى بولسا
گۆھەر، ياقۇت، مەرۋايىتلارغا ئايلىنىپ
قاپتۇ. كالتا پەم شەيخ بۇنىڭغا ھەيران
بولۇپ، ئالدىغا قارىغانىدى، ئۇ پاك ئىنسان
كۆز ئالدىدىن غايىب بولۇپتۇ. ئۇ ئەقىلسىز
شەيخ خىجالەتچىلىكتە قالدى، ھەسرەتلىك
ئاھ چەكتى. ئەمما بۇنىڭ قىلچە پايدىسى
بولمىدى. ئەي غاپىل، ساڭا ئاشۇ غاپىل
شەيخكە ئۇچرىغان كىشى ئۇچرىغان تەقدىر-
دىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قەدرىنى بىلمە-
سەڭ، ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان
قىلىپ، نالە - پىغان قىلغان بىلەن پايدا
تاپالمايسەن. ۋاقىت گويا ئۆتكۈر قىلىچتۇر.

## توزنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

— سەن بارچىمىزنىڭ پېشۋاسى، —
دېدى توز ھۆپۈپكە ئۆزرىخاھلىق ئىزھار
قىلىپ، — مەن ئوردا - قەسىر گۈلشەنلىرىگە
زىننەت بەخش ئەتكۈچى بىر قۇشمەن.
ئالەم ئەھلى رەڭگى - رويۇم ۋە گۈزەل
قىياپىتىمنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشىدۇ.
سۈرىتىم گۈلشەنلەرنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.
قامىتىمنى كۆرگەنلەر شادلىققا چۆمىدۇ.
مەنلا بولسام باغلار خازان پەسلىدىمۇ
بوستاندەك تۇرىدۇ، ئورمانلاردا قىش ئوت-
تۇرىسىدىمۇ گۈلىستانلار نامايان بولۇپ
تۇرىدۇ. ھەرىكەت قىلغىنىمدا لىباسلىرىم-
نىڭ بېزەكلىرى باشتىن ئاياغقىچە ئىسكەندەر
ئەينىكىدەك يالتىراپ تۇرىدۇ. كەرەملىك
تەڭرى ماڭا ھۆسنى زىبالىقنى ۋە قەددى
رەنالىقنى ئاتا قىپتۇ. خەلق مېنىڭ ھۆسنۈم-
نى تاماشا قىلىپ، گۈزەللىكىمگە ئاپىرىن
ئېيتىشىدۇ. تەڭرى ھەر كىشىنى بىر ئىش
ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغان. بىرىنى بەخش
ئېتىش ئۈچۈن، يەنە بىرىنى مەھرۇم قىلىش
ئۈچۈن ياراتقان. بىرىنى راھەت ئۈچۈن،
يەنە بىرىنى مېھنەت ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەل-
تۈرگەن. دانالارغا ھەر قانداق ئىش ئىرادە
قىلىنسا، ئۇ ئىشتىن قانداق نېسىۋىگە
ئېرىشسە ئۇنىڭغا رازى ۋە خۇشال بولىدۇ.
چۈنكى ھەربىر مەۋجۇداتقا ئۆز مەسلىكى
تۇپەيلىدىن مەھرۇملۇق يۈزلىنىپتۇ. كۆرۈ-
نۈشتە ئۇنىڭغا تاقىتى بولمىسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭغا كۆنۈشكە مەجبۇر. بۈيۈك تەڭرىنىڭ
ئەمرى تۇپەيلىدىن بىرى مۇھەببەت دەر-
گاھىغا يەتسە، يەنە بىرى لەنەتگەردى
شەيتانغا ئوخشاش قوغلىنىپ خار
بولغۇسىدۇر.

## ھۆپۈپنىڭ تورغا جاۋاپ بەرگەنلىكى

ھۆپۈپ جاۋابقا تىل ئېچىپ، تورغا مۇنداق دېدى:

— ئەي يەڭگىلتەك، تۇراقسىز، سەن نادانلارنىڭ قىلىقىنى قىلىۋاتىسەن. بۇنداق سۆزنى ساراڭلار ۋە كىچىك باللارمۇ قىلمايدۇ. ھەقىقىي دانالار كۆرۈنۈشتىكى گۈزەللىكى ۋە زىبۇ - زىننىتىدىن ھەرگىزمۇ سۆز ئېچىپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگۈچىلەر زادى ئەركەك ئەمەس. ناز ۋە ھۆسن ئادەتلىرى خوتۇنلارنىڭ ئىشىدۇر. ئەركەكلەرنىڭ ئىشى دەرد ۋە مۇھەببەتتۇر.

بارچە گۈزەللىك ۋە ھۆسن ئىگىلىرىگە مۇھەببەتلىك بولۇش شەرەپ ۋە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئىشق شەكلەن گۈزەللىكتىن مەنىۋىلىككە قاراپ يول ئالغۇسىدۇر. كۆرۈنۈشتىكى ئىشق بولسا ھەقىقىي ئىشققا ۋاستە ياكى كۆۋرۈك بولىدۇ. سەن بولساڭ كۆرۈنۈشتىكى گۈزەللىككىلا باغلىنىپ قاپسەن. شۇ تۈپەيلىدىن خەلق ئارىسىدا مەسخىرىگە قاپسەن. ھېچكىم كۆرۈنۈشتىكى گۈزەللىككە پەخىرلىنىپ مەسخىرىگە قالغان كىشىدەك شەرمەندە بولمىسۇن.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر ئۇسسۇلچى ھىندى بار ئىدى. ئۆزىنى ئىنتايىن چىرايلىق زىننەتلەپ ياساپ، ئاچايىپ ئويۇنلارنى كۆرسەتتى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۇ تاجغا رەڭگارەڭ كۆزلەرنى قويغانىدى. تاج بىلەن تونلىرىنى زىننەتلەپ، ئەتلەس لىباسلارنى كىيەتتى. ئۇسسۇلغا قوپقاندا يېنىدا بىر ناغرىنى ئېلىۋېلىپ ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئوينايتتى. بىر كۈنى ئۇ ناغرىنى چېلىپ، بېشىنى بىر تەرەپكە، قولىنى بىر تەرەپكە، كاسىسىنى بىر تەرەپكە قىلىپ، ھىندىچە ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇ گوياكى ھىندىستاننىڭ توزلىرىدەك گۈزەل ۋە يېقىملىق ھەرىكەتلىرى بىلەن بەزمىگە ھۆسن قوشتى. مەيدان ئىچىدە سۈرەن چۇقاننى ۋە شاۋقۇنلارنى تېزلەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا باشباشتاقلار بارغانسېرى كۆچەپ سۈرەن سېلىشتى. شۇ ئەسنادا بۇ يەرگە تۇيۇقسىزلا مۇھتەسىبلەر① كېلىپ قالدى. ئۇ يىغىلىشتىكى كىشىلەر مۇھتەسىبنى كۆرۈپ، ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا تەرىپ - تەرەپكە قېچىشتى. ئۇ دەۋرنىڭ يېگانە گۈزىلى بولغان ئۇسسۇلچى ھىندى تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ ناغرىسى بىلەن تاجىنى سۇندۇردى. ئۆزىنى يالىڭاچلاپ دەررە بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ زىننەت تاجىنىڭ ئورنىنى جاراھەت تاجىسى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئىبرەت ئالغۇدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

## بۇلبۇلنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

— ئەي جامائەتنىڭ باشلامچىسى،— دېدى بۇلبۇل ھۆپۈپكە،— مەن گۈلنىڭ ھاۋايۇ ھەۋىسىدە خار ۋە زار بولغان بىر ئاشىق دىۋانىمەن. ئۇنىڭسىز ئەقىل، ھوش،

① مۇھتەسىپ — شەرىئەت قائىدىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار.

سەۋر - تاقەت دېگەننى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ-
سىز پۈرقەت ئازابىنى تارتىشقا مېنىڭ
قانداقمۇ ماجالىم بولسۇن؟ شۇڭا مەن باغۇ
بوستانلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، مىڭلىغان
ناۋالار بىلەن سىرلىرىم شەرھىنى، پىغانلار
بىلەن كۆڭلۈم دەردىنى ئىزھار قىلىمەن.
شۇنداق قىلغانسېرى گۈل ئىشقىدىن ھەر
نەپەستە شىددىتىم ئېشىپ، ئۇنىڭ ھۆسنى-
گە بارغانچە ھەيرانلىقىم ئارتىدۇ. باغلاردىن
گۈللەر يوقالغاندا سايراشقا ماجالىم قالماي-
دۇ. كېكەچ بولۇپ قالىمەن. گۈلنى ئەس-
لەش بىلەن باغ - بوستانلاردا ھىجران
ئازابىدىن يۈز قىسما دەرد ۋە داغلاردا
قالىمەن. گۈل مېنىڭ كۆڭۈل كۆزۈمدىنمۇ،
تاشقى كۆزۈمدىنمۇ يىراق بولمايدۇ، كۆڭ-
لۈمدىمۇ، جېنىمدىمۇ شۇ گۈل ئورۇن
ئالغان. ئاشىقنىڭ مەشۇقتىن ئايرىلىشى
راۋا ئەمەسلىكىنى ئۇ پادىشاھمۇ بىلىدۇ.

## ھۆپۈپنىڭ بۇلبۇلغا جاۋاب بەرگەنلىكى

ھۆپۈپ بۇ ئەپسانىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، بۇلبۇلغا مۇنداق دېدى:

— سەن بۇ ئىشقىڭنىڭ غەلۋە - غوۋ-
غاسىنى تولا قىلما. چۈنكى بۇ ئىشق ئەمەس،
بەلكى پۈتۈنلەي ھاۋايى ھەۋەس. ئەي
ئىش بىلمەس، جىم بول. جاھاندا سەندەك
نادان يوقتۇر. نەپسىڭنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ
ئۆزۈڭنى زورىغا ئاشىق ياساپ، ئىشق
غوۋغاسىنى قىلىسەن. لېكىن ئۇ بىر چېچەك-
تىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆمۈر بېغىدا
ۋاپاسى يوقتۇر. چىمەن ئىچىدە يىلىدا
بەش كۈن ئېچىلىپ، ئون كۈن ئۆتمەس-
تىنلا تۇپراق ئۈستىگە چېچىلىغۇسىدۇر.
كىمكى بۇنداق مەۋجۇداتقا ئاشىقلىق دە-
ۋاسىنى قىلسا، ئۇ كىشى ئاشىقلىققا لايىق
ئەمەس. ئۆزۈڭگە شۇنداق زاتنى مەشۇق دەپ
بىلگىنكى، ئەگەر يۈزلەرچە خەستە ئاشىقلار
ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن ھالاك بولغان تەقدىر-
دىمۇ، ئۇنىڭغا قىلچە زاۋاللىق يەتمەيدىغان
بولسۇن. گەرچە سەن ئۇ گۈلنىڭ ئىشقىدا
ھەقىقەتەن شەيدالىققا قالغان بولساڭمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى يەنىلا رەسۋالىققا
ئېلىپ بارىدۇ.

## دەلىل كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر پادىشاھ سەيلە - شىكار ئۈچۈن
ئاتلىنىپ كېتىۋاتقىنىدا، يولدا بىر خىيال-
پەرەس گاداي شاھىنى كۆرۈپ، ئاھۇ
ئەپغانلارنى چېكىپ، خالايىق ئارىسىدا
غەلۋە - غوۋغا قىلىشقا باشلىدى. ئۇمۇ سەن-
دەك نالە - پىغانلارنى چېكەتتى، يۈزلىگەن
داستانلارنى ئېيتىپ، زار - زار يىغلايتتى.
بىر يەردە جىم تۇرماي، خۇددى تەلۋىلەر-
دەك گۈلخان ئىچىدە كۆلگە ئۆزىنى بۇل-
غاۋاتاتتى. پادىشاھقا ئۇنىڭ ئاشىقلىقى مە-
لۇم بولدى. پادىشاھ كۆڭلىدە: «بۇ ئىشق
سەۋدايىسىنىڭ ئاشىقلىقىنى سىناپ باقاي»
دەپ ئويلاپ، ئىمتىھان ئۈچۈن ئۇنىڭ
گۈلخىنىغا قاراپ ئات سالدى. پادىشاھ ئۇ
يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— بۇ ئازغۇننى سۆرەپ ئالدىمغا

ئەكىلىپ، بويىنىنى ئۆزۈڭلار:— دەپ پەرمان قىلدى.

ياساۋۇللار ئۇ «ئاشىق» نى مەشۇقى بولغان پادىشاھنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كەلدى. قارىسا شاھ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، ئۇ گاداي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆز جېنىدىن ۋەھىمە قىلىپ، قېچىشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇ خەۋپسىرىگەن ھالدا ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. توساتتىنلا ئۇ گۈلخان تەرەپكە يول ئالدى. قورقۇنچ بىلەن ھوشىنى يوقاتقان بۇ گاداي خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ھالاك بولدى. لېكىن شاھنىڭ ئۈمىدى مۇنداق ئىدى: ئەگەر ئۇ ھەقىقىي ئاشىق بولسا، ئۆلۈم ھۆكمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىدۇ. شاھنىڭ ئالدىدا جان-دىلى بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۆلۈمگە رىزالىق بېرىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇپ، ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەكچى ئىدى. ئەگەر ئۇ گاداي پادىشاھقا چىن كۆڭلى بىلەن ئىخلاس قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە، پادىشاھقا سۆھبەتداش ۋە خاس مەھرەم بولۇپ قالغان بولاتتى. ئۇ گاداي ئىشق ئىچىدە زىددىيەتلىك ۋە خىلاپلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئەھۋالى رەسۋالىقتا شۆھرەت تاپتى. شۇنىڭغا ئوخشاش ساگىمۇ گۈلدىن بىر تىكەن يەتسە، چىمەندىن كېچىپ، گۈلخاننى ماكان قىلىشىڭ مۇمكىن.

## پاختەكنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

پاختەك ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي مۇبارەك پىكىر ئىگىسى، غاپىللار ۋە يولدىن ئاداشقانلارنىڭ رەھنامىسى، مەن چىمەنلەردىن چىقىپ باقمىغان بىر قۇش ئىدىم. باياۋانلارنى كېزىشنىڭ جاپاسىنى تارتىپ باقمىغانىدىم. ئۇچۇشتىن ھېرىپ ئاجىز ۋە زەئىپ بولغىنىمدا، شاخ ۋە بەرگلەر ئۈستىگە قونۇپ ئارام ئالاتتىم. بۇ جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى كۆرمىگەن، بېشىمغا قاتتىق-يىرىك ئىشلار كەلمىگەنىدى. باغدىن باغقا سەپەر قىلىپ، شاختىن شاخقا قونۇپ، سەيلە قىلاتتىم. ئەمدى بۇ قەدەر مۇشەققەتلەرنى چەكتىم. ھەۋەس تۇخۇملىرىنى چېچىپ، ئۆز جېنىمغا ئۆزۈم جاپا سالدىم. يەنە بۇ سەپەرگە مېڭىۋەرسەم، ئۆز قېنىمنى ئۆزۈم تۆكۈشكە قەست قىلغان بولىمەن.

## ھۆپۈپنىڭ پاختەككە جاۋاب بەرگەنلىكى

— ئەي ھىممىتى پەس لەقۋا،— دېدى ھۆپۈپ پاختەككە،— دەرد-ھاياجان ئىچىدە كۆڭلۈڭنى يارا قىپسەن. ئەگەر سەن باغلار ئىچىدە مىڭ يىل ماكان تۇتقان تەقدىرىڭدىمۇ شاخلار ئارىسىدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن. بەلكى يات جىنسلىرىڭ ئىچىدىن بىر مۇشۇك يولۇڭدا جىمجىت ماراپ يېتىپ، بىر كۈنى قېنىڭنى ئىچىدۇ. ياكى بىرەر كىشى سېنى تاياق بىلەن ئېتىپ چۈشۈرۈپ، تىغ بىلەن

بوغۇزلايدۇ. ساڭا ئىشق ئىچىدە بۇنىڭدىن باشقا مەقسەت، گۈلشەن ئىچىدە بۇنىڭدىن ئۆزگە ھۆرمەت نېسىپ بولمايدۇ. غەپلەت ئىچىدە بۇنداق قەدىرسىز ئۆلگۈچە، ئۆزۈڭنى پۇرقەت ئوتىدا ئۆرتىگىن. ئەگەر ئەركەك بولساڭ ئەسلى مەقسەتنى ئىستىگىن، يار ۋىسالىنى تېپىشنىڭ يولىغا كىرگىن. سېنىڭ زەئىپ جىسمىڭ بۇ يولدا دەرد-ئەلەم، رەنجۇ غەم بىلەن پىشسا، بۇ سېنىڭ ئاشۇ باغدىكى ئەھۋالىڭ ۋە نومۇس قىلغۇدەك كۈنلىرىڭدىن يۈز ھەسسە ياخشى.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر باغۋەن بار ئىدى، باغۋەنلىك كەسپى ۋە ھۈنەر-سەنئىتىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. مېۋە ھالاۋىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن دەرەخلەرنى ئۇلاپ، پەرۋىش قىلىشنى بىلمەيتتى. دەرەخلەرنىڭ شاخ-پۇتاقلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا چاتاپ، دەرەختەك ھالەتكە كەلتۈرەلمەيتتى. ئۇرۇقنى ئۆز ۋاقتىدا چېچىشنى بىلمىگەچكە بىرەر تال گۈلنىمۇ ئېچىلدۇرالمايتتى. باغ ئىچىدە ئەخلەت توشۇش، غازاڭ سۈپۈرۈش قاتارلىق بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۆزىنى جاپاغا سېلىپ، ئۆمرىنى زايا قىلاتتى. باغۋەننىڭ ھوشيار دوستلىرى ئۇنىڭ بۇ قەدەر جاپا-مۇشەققەت تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ ھوسۇلسىز ئىشىڭنى تاشلاپ، بىرەر پايدىلىق ئىش بىلەن شۇغۇللانغىن،— دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

ئۇ نادان باغۋەن مېھنەت-مۇشەققەتتىن ئۆزىنى تارتالماي، ئۆزىنى ئۆزى جاپا-مۇشەققەتكە دۇچار قىلاتتى. ئۇ بىر كۈنى تال كېسىش ئۈچۈن ئېرىق ئىچىگە كىرىپ، ئايلىنىپ يۈرگىنىدە يىلان چېقىۋېلىپ ھالاك بولدى.

## كەپتەرنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

كەپتەر ھۆپۈپكە ئۆز ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ھىدايەت يېنىنىڭ پېشىۋاسى، ماڭا ئۇ مەڭگۈلۈك ھايات ئىگىسى قۇشلار ئىچىدە ئالاھىدە مەرتىۋە بېرىپتۇ. ئىنسانلارنىڭ قولىدىن ئاش-تاماق يەيدىغان قىلىپ يارىتىپتۇ. خالايىق مېنىڭ ئۆيۈم ۋە ئۇۋىلىرىمنى ياساپ بېرىدۇ. سۇ بىلەن داننى ئالدىمغا ئەكىلىپ بېرىدۇ. مەن دۇنيادا خالايىقنىڭ ئەسىرى بولغانمەن. شۇڭا ئۇلار بىلەن ئۈلپەتلىشىپ ياشايمەن. ئۇلۇغ تەڭرى ماڭا مۇشۇ ھالەتنى نېسىپ قىلدى. تەقسىمات داستىخىنىدىن مېنىڭ نېسىۋەمنى دائىم ئىنسانلار ئايرىپ بېرىپ تۇرىدۇ. تەڭرى نېسىۋە بەرگەن يەردىن ئۆزىنى تارتىش ئەقىل قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. تەڭرىنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ، ئۆمرۈمنى ئۇپراتماي، رەنجۇ مۇشەققەت چەكمەي ئۆتكىنىم ياخشىدەك قىلىدۇ.

## ھۆپۈپنىڭ كەپتەرگە جاۋاب بەرگەنلىكى

— ئەي باھانە - سەۋدىكە بېرىلگەن ساختىپەز، — دېدى ھۆپۈپ كەپتەرگە، — ھىيلە - مىكىر بۇلۇڭلىرى ساڭا ماكان بوپتۇ. ھالىتىڭدىن جىمى قۇشلار ھەيراندۇر. چۈنكى سەندەك غەيرەتسىزدىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ. تەڭرى تائالا ساڭا بىر دەمدىلا پۈتكۈل كائىناتنى كېزىپ چىققۇدەك قاناتنى بېرىپتۇ. ئەمما سەن ئۆزۈڭنىڭ غەيرەتسىزلىكىڭ تۈپەيلىدىن خالايىقنىڭ پەرمانىغا قاراشلىق بولۇپ يۈرىسەن. دان ۋە سۇ ئۈچۈن ئۇلارغا ئەسىر بولۇپسەن. ئۇلار ھەمىشە سېنى باللىرىڭ بىلەن قوشۇپ قوغلايدۇ. باشلىرىغا لاتا ئارتىپ ئۈركۈتىدۇ. سەندىن ۋە بىچارە پەرزەنتلىرىڭدىن تاملىرىنى خالىي قىلماقچى بولىدۇ. سەن شۇنچىۋالا خار ۋە زار بولغان تۇرۇپمۇ ئۇ يەردىن باللىرىڭنى ئېلىپ كەتمەيسەن. باشقا بىر تامغا بېرىپ قونۇشقا تىرىشىپ باقمايسەن.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

خەلق ئارىسىدا بىر غەيرەتسىز كىشى بار ئىدى. خالايىق ئۇنىڭ ئۆلۈمتۈك ۋە غەيرەتسىزلىكىنى كۆرۈپ، ھەر بىرى بىردىن مۇشت ياكى چاپا تەستەكلىرىنى ئۇراتتى. شۇ ئارقىلىق ئۇ كىشىلەردىن بىر لوقمىدىن نان ئېلىپ يەتتى. كىشىلەر قانچە قوغلىسىمۇ كەتمەيتتى. بەلكى ئۇ باغرى تاش زالىملارنىڭ ئۆيىدىن چىقمايتتى. كىشىلەر ئۇنى بۇ چاپالارغا ئۆگىتىۋالغانىدى. ئۇنى خالىغان بىر كىشى كېلىپ تەپسە بىر چۆرگىلەپ توختايتتى. ئۇ غەيرەتسىز پەس كىشى بۇنىڭ بەدىلىگە تەپكۈچى كىشىدىن بىر نەرسە ئالاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ نەرخى شۇنىڭغا توختىتىلغانىدى. ھەر كىشى ئۇنىڭغا بىر پارچە نان بەرسە نەپسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سالاتتى. نان بەرگۈچى شۇ ھامان بىر مۇشت سالاتتى - دە، ئۇ كىشى يەرگە يىقىلاتتى. گەرچە ناننى يەپ قورسىقى تويسىمۇ، لېكىن مۇشتنى يەپ ھېچ نەرسە يېمىگەندەك يۈرەتتى.

## تاغ كەكلىكىنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

تاغ كەكلىكى ھۆپۈپكە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي قۇشلار جامائىتىنىڭ رەھبىرى، مەن تاغلار ئىچىدە ماكان تۇتقان بىر قۇش ئىدىم. ئۇ يەردە تىلىم تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۆزۈم جاھان ئەھلىنىڭ غەلۋە - غوۋغالىرىدىن ئېتەكىمنى سىلكىپ، تاغ ئېتەكىدە ئارام تاپقانىدىم. بەخت - تەلىيىم ماڭا يار بولۇپ، بۇ يەككە - يېگانىلىك مەنزىلىنى ماڭا نېسىپ قىلدى. تاغنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرى ماڭا ئارامگاھ ئىدى. بۇنداق

سەپەر ماڭا لايىق ئەمەس. چۈنكى مەن تاغدا كانلار ئۈستىدە كېزىپ يۈرىمەن. بۇنىڭدىن ئارزۇيۇم گۆھەر ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت. مېنىڭ مەقسەت گۆھەرىم يەنىلا ئاشۇ تاغدىكى كانلاردا. سەن باشلىغان بۇ سەپەر بولسا مەن ئۈچۈن مەنىسىز سەيلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## ھۆپۆپنىڭ تاغ كەكلىكىگە جاۋاب بەرگەنلىكى

— ئەي خىيالپەرەس، — دېدى ھۆپۆپ تاغ كەكلىكىگە، — بۇ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيالدۇر. مېڭەڭدە ناھايىتى كۆپ خىياللار بار ئىكەن. سەن تېخى: «تاغلاردا يەككە - يېگانىلىق ۋە مەخپىي ئىستىقامەت قىلىش بىلەن مەشغۇلمەن» دەيسەن. ئەمما بۇ نەپسىڭنىڭ ھاۋايى ھەۋىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرىڭ، تاغنىڭ باغرىلىرىدا پىرقىراپ يۈرۈپ قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇر. شۇنداق تۇرۇپ يەنە ھەر نەپەستە سەۋەبسىزلا قاھقاھلاپ كۈلۈشلىرىڭ ساراڭلارنىڭ قىلىقىدۇر. گۆھەرلەرنىڭ كېپىنى قىلغانلىقىڭ تېخىمۇ نالايىق ئىش. ئەي ھوشسىز نادان، سەن كىم؟ مەنە گۆھەرى دېگەن كىم؟ نادانلىق بىلەن مەست بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆز پەرەس بولۇپ كېتىپسەن. مەنە گۆھەرلىرىدىن سۆز ئاچمىغىن، ئۆزۈڭگە بۇنداق يالغانلار بىلەن تۆھمەت قىلمىغىن. بۇ سېنىڭ تېگى پەس، بىمەنە ۋە خارلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇپ قالمىسۇن. بۇ يالغانلار بىلەن كۈن كەچۈرۈپ، يەنە قاھقاھلاپ كۈلۈپ يۈرسەڭ بۇ ئىشىڭدىن بېشىڭغا يۈزلىگەن بالا - قازالار يۈزلەنگۈسى.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر بەتبەخت ئادەم بار ئىدى. ئۆزىگە جاۋاھىرشۇناسلىق كەسپىنى مۇناسىپ كۆرۈپ، ئۆز ئىسمىنى جەۋھەرى دەپ ئاتىغانىدى. لېكىن ئۇ ئېشەك مونچىقى بىلەن پىروزىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيتتى. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزىنى جاۋاھىرلارنى تونۇيدىغان كىشى دەپ داۋراڭ سېلىپ، گادايلىقتىن خالاس بولدى. بۇ جەۋھەرى ئاق تاشلارنى خىلمۇ خىل رەڭلەردە بوياپ، ئۇنى گۆھەر، ھېقىق، ياقۇت دەپ ئاتاپ، بىھۇدە لاپ ئۇراتتى. ئۇنىڭ مۇجمەل ۋە چالا - چولتا ئىشلىرىنى ئاۋام خەلقىنىڭ ھەممىسى راست دەپ ئىشىنەتتى. بىر كۈنى ئۇ يۇقىرىقىدەك ھىيلە - مىكىر بىلەن بىرمۇنچە «جاۋاھىر» لارنى تەييارلاپ، بىر بايغا ساتتى. جەۋھەرى ئادەتتىكى تاشلارنى چىرايلىق رەڭدە بوياپ ساتقاچقا، ئۇ بايدىن ھەددۇ ھېسابسىز پۇل ئوندۇرۋالدى. شۇ كۈنى بۇ كىشى ئۇ پۇللارنى شۇنداق خىراجەت قىلدىكى، سېتىۋالمىغان ھېچ نەرسىسى قالمىدى. يېنىدا بىر يارماقمۇ قالدۇرماي سەرپ قىلىپ تۈگەتتى. «جاۋاھىر» سېتىۋالغان باي بۇ مەككارنىڭ بىر تىللالىق ئاق تاشنى

ياقۇت رەڭگىدە بوياپ، يۈزمىڭ تىللاغا
ساتقانلىقىنى بىلىپ قالدى. باي يالغان
گۆھەر سودىسىنى بىكار قىلىپ، تىللالىرى-
نى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.
قارىسا جەۋھەرىنىڭ يېنىدا بىر يارماق،
بىر دەرەمگە چاغلىق پۇل قالمىغاندى.
ئۇنىڭ بۇنداق كاززاپلىقى ئۆزىنىڭ قىيە-
ناپ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى.

## قىرغاۋۇلنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

گۈل يۈزلۈك قىرغاۋۇل ھۆپۈپكە
مۇنداق دەپ ئەرز قىلدى:
— ئەي مۇۋەپپەقىيەت يوسۇنلى-
رىنىڭ باشلامچىسى، مەن گۈلشەن ئىچىدە
ھۆسنۈم ھەممىدىن چىرايلىق، قامىتىم بار-
چىدىن يېقىملىق بىر قۇشمەن. ئۇلۇغ
تەڭرى ماڭا گۈزەللىك، لاتاپەت ۋە رەنا-
لىقنى نېسىپ قىپتۇ. جامالىمغا تەڭداشسىز
گۈزەللىك بېرىپ، مېنى ھەممىدىن سۆيۈم-
لۈك قىپتۇ. سۆيۈملۈكلەرنىڭ ئىشى جەبرۇ-
جاپا ئەمەس، بەلكى ناز-ئىستىغنادۇر.
ياخشىلارنىڭ رەنج ۋە مۇشەققەت چېكىشىنى
ھېچكىم راۋا كۆرمەيدۇ.

## ھۆپۈپنىڭ قىرغاۋۇلغا جاۋاب بەرگەنلىكى

— ئەجەبلىنىمەن، — دېدى ھۆپۈپ
قىرغاۋۇلغا، — خىيالىڭدىن، خىسلىتىڭدىن
ۋە سۆز-ھەرىكىتىڭدىن تولىمۇ ئەجەبلىنىمەن.
ئۆزىنىڭ ھۆسنى جامالىدىن لاپ ئۇرىدىغان
بۇنداق سۆزنى ھېچكىم سۆزلەپ باقمىغان.
بۇنداق سۆزنى گۆدەك باللارمۇ، گول-
گوموشلارمۇ، سارالڭ-مەجنۇنلارمۇ قىلمايدۇ.
پاھىشە ئاياللارمۇ خىلمۇ خىل ۋە رەڭگا-
رەڭ كىيىملەرنى كىيىدۇ. ئەمما سەن دېگەن
سۆزلەرنى قىلىشنى شۇلارمۇ ئار-نومۇس
دەپ بىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەرنى قىلغۇچى-
لار ئەڭ ياخشىنىسى ئۇ پادىشاھنىڭ يولىغا
قەدەم قويمىغىنى تۈزۈك. سەن خوتۇن
كىشىلەردەك ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشكە ئامراق
كەنسەن، ۋۇجۇدۇڭدا ئەركەكلىك نىشانىسى
يوقكەن. چۈنكى بۇنداق دەۋالارنى قىل-
غانلارنى ئەركەكلەر قاتارىغا قوشقىلى بول-
مايدۇ. ئەركەكلەر ئۆزىنىڭ غەيرىتى ۋە
ھىممىتى بىلەن ئەرەنلەر قاتارىدا تۇرالاي-
دۇ. زىبۇ-زىننەتنى بىلەن پەخىرلەنگۈچى-
لەر ئەر ئەمەس. بۇ ھەقتە ئۇلۇغلار: «زىبۇ-
زىننەت ۋە كىيىم بىلەن ماختىنىش ئايال-
لارنىڭ ئادىتى» دېگەن. ئەر كىشىنىڭ گۈزەللىكى
ۋە زىننىتى ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى
ئەمەل بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئۇلار يېڭى
زەرباپ توندىن كونا پالازنى ئەلا بىلىدۇ.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

ئېيتىشلارغا قارىغان بىر يولدا ئىككى
كىشى بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇپ سەپەر
قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى مەسلەك يوللىرىدىن
بىخەۋەر ئىدى. يەنە بىرى بولسا بۇ جەھەتتە يول
تاپقانىدى. بىرى كالتە پەم ئىدى، يەنە بىرى
كامالەت تاپقانىدى. بىرىنىڭ ئىسمى مۇدبىر

(تەلیی كاج، بەتبەخت) ئىدى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مۇقبىل (بەختلىك، تەلەيلىك) ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئىسمىغا ماس ئىدى. مۇقبىل ئاللانى تونۇغان، دىندار، دانا ۋە كامىل كىشىلەردىن سۆز ئاچاتتى. مۇدبىر بولسا خۇددى بۇددىستلار ئۆزىنىڭ بۇتىنى ماختىغىنىدەك پاسىق ۋە نۇقسانلىق كىشىلەردىن سۆز ئاچاتتى. مۇقبىل دەرد-ھەسرەتلىك ئەھۋاللاردىن ھېكمەتلەرنى بايان قىلسا، مۇدبىر ئۆزىنىڭ ھۆسنى جامالى، زىبۇ-زىننەتلىك كىيىملىرى ۋە گۈزەللەر ئەھۋالىدىن بىھۇدە سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ بىر-بىرىدىن ھېچبىر مەنپەئەت تاپالمىدى، ئاخىر بىر مۇبارەك شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئىككىسى بۇنى غەنىمەت بىلىپ بىر-بىرىدىن دەرھال ئايرىلدى. مۇقبىل پەقىرلەر كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. مۇدبىر مەيخانىگە يول ئالدى. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مۇقبىلنىڭ سۈپەتلىرى ۋە پەزىلەتلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. پادىشاھ مۇقبىلغا كۆپ ھۆرمەت-ئېھتىراملارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ كەمتەر ۋە ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلدى. دەل شۇ سورۇنغا پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى قانخور ۋە پاسىق مۇدبىرنى مەھكەم باغلىغان ۋە خارۇ-زار قىلىغان ھالدا ئېلىپ كەلدى. ياساۋۇللار:

— بۇ كېچە باشباشتاقلار مەي ئىچىشىپ، يامان ئىشلارنى قىپتۇ، بۇشۇ ئەبلەخنىڭ سەۋەبىدىن قان تۆكۈلۈش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. بۇ نېمىدېگەن زىيانكار ۋە بەتقىلىق ئادەم-ھە! گەپنىڭ قىسقىسى بۇ ناكەس قاتىل ئۆلگۈچىنى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرگەن، — دەپ مەلۇم قىلدى.

پادىشاھ ياساۋۇللارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ، مۇدبىرغا دەرھال قىساس (ئۆلۈم) جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

مۇقبىل ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكى بىلەن ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتى. مۇدبىر ئۆزىنىڭ مەنمەنلىكى تۈپەيلىدىن ھالاك بولدى.

## قارچىغىنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

قارچىغا ھۆپۈپكە تۇمشۇقى ۋە چاڭگىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مېنى باشقا قۇشلاردەك چاغلاپ قالما، مەن نۇرغۇن قۇشلارنىڭ خوجىسى بولىمەن، مۇنچىۋالا قۇشلار ساڭا سۆزلىرىنى بايان قىلدى. بىلگىنىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تائامدۇر. مېنىڭ ئارامگاھىم شاھلارنىڭ ئالقىنىدۇر. ئۇلار ھەر كۈنى ماڭا ئۆز قولى بىلەن يېمەكلىك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھەرقانداق قۇشنى ئۇۋلاش ئۈچۈن قانات-قۇيرۇقۇمنى ئاچىدىغان بولسام، بۈركۈت بولغان تەقدىردىمۇ چاڭگىلىمدىن قۇتۇلۇشى قىيىن. شاھلار ئالدىدا بۇ ئىشىم ئاللىقاچان ئېتىبارغا ئېرىشكەن. پەزىلىتىم ۋە شەۋكىتىم ھەر ھالدا سۇمۇرغچىلىك بار. شاھلارنىڭ قولى مېنىڭ تەختىمدۇر. بېشىمدا تاجىممۇ بار. شۇڭا سۇمۇرغ تەرەپكە بېرىشقا ئېھتىياجىم يوق.

## ھۆپۈپنىڭ قارچىغىغا جاۋاب بەرگەنلىكى

— ھەي تەكەببۇر، — دېدى ھۆپۈپ قارچىغىغا، — مەغرۇرلۇقۇڭ تۈپەيلىدىن غۇرۇر قولىدا خار بولۇپسەن. نادانلىق بىلەن غەپلەتكە ئەسىر بولۇپسەن. شاھلار

ئاياغلىرىڭغا چوڭ-چوڭ تاقاقلارنى سېلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي تېخى ھەربىر ئۇۋچىنىڭ قولىغا باغلىنىپ قاپسەن. ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبىدىن سۆڭەكلىرىڭ ئۈستىدىكى ئەتلىرىڭ خۇددى يېنىۋاتقان شامدەك ئېرىپ كېتىپتۇ. زۇلۇم بىلەن بېرىلىدىغان بىر لوقما غىزا يېتىپ كەلگۈچە كۆپ پەريادلارنى چېكىسەن ۋە بەرگەن بىر پارچە گۆشنى غەنىيمەت بىلىپ يەيسەن. تەڭرى تائالا بەرگەن ئۆز نېسىۋەڭنى يەيسەنۇ، لېكىن خارۇ-زارلىق بىلەن پەسقىق ئادەملەرگە مۇھتاج بولغان ھالدا يەيسەن. قۇشچى سېنى باشلاپ، ناغرىنى چېلىپ، ئارقاڭدىن قوغلاپ يۈرۈپ خالىغان ئوۋنى ئوۋلاتقۇزىدۇ. سەنمۇ ئاچ قورساقلىقىڭ تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭدىن ئاجىزراقلارنى تېپىپ ئوۋلايسەن. ئاندىن ئوۋلىغىنىڭنى ئىتائەتچانلىق بىلەن قۇشچىغا تاپشۇرىسەن. ئۇ ساڭا نېمە بەرسە قانائەت قىلىسەن. مۇنچىۋالا خارۇ-زارلىقنى بېشىڭغا ئېلىپ يۈرۈپ، يەنە بىھۇدە سۆزلەيسەن، لاپ ئۇرۇسەن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سەندە ھىممەت ۋە ئۇيات بولغان بولسىدى، نومۇستىن جىسمىڭدا ھايات بولمىغان بولاتتى. بىراق سەن ھەددىدىن زىيادە نادان بولغاچقا، نەپسىڭ يەنىلا مۇشۇنداق بىھۇدە سۆزلەرگە ھېرىسمەندۇر.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر تاغلىق كىشى بىر ئېيىقنى تۇتۇۋالدى. ئۇنى كۆندۈرۈپ رام قىلىپ بولغىچە ئوت-خەس بېرىپ يېگۈزەتتى، كۈندە ئىككى ۋاق ئۆلگۈدەك تاياق بېرەتتى. ئاچلىق ۋە تاياق ئازابى بىلەن ئۇ ئېيىقنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى جاراھەتلەندۈرەتتى. ئۇ تاغلىق ھەربىر تاياق سالغاندا ئېيىق تۇپراق بىلەن تەڭ بولۇپ يىقىلاتتى. تاغلىق كىشى ئېيىقنى يېتىلەپ، ئىشىكمۇ-ئىشىك يۈرۈپ ئويۇنچىلىق قىلاتتى. ئۆيىگە قايتار ۋاقتىدا بولسا ئوتۇنچىلىق قىلاتتى؛ ئۇ ئېيىققا ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئوتۇننى يۈكلەپ، ئۆيىگە توشۇيتتى. كۆپ يۈك توشۇغانلىقتىن ئېيىقنىڭ تېنىدە بىر تالمۇ تۈك قالمىغانىدى. ئىمكانىدىن ئارتۇق جاپالارنى تارتقان ئۇ ئېيىق بارغانسېرى نادان ۋە قاششاق بولدى. نادانلىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ نەپسىدە تەكەببۇرلۇق پەيدا بولدى. ئۇ گاھىدا: «قاپلانلارنىڭ بېشىنى ھىيلە-مىكىر بىلەن يانجىپ تاشلايمەن» دەپ خىيال قىلسا، يەنە بەزىدە: «شىر، يولۋاسلار يولۇقسا، قارنىنى يېرىپ، ئۆزۈمگە تائام قىلىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئۇ دائىم ئاشۇنداق تائاملارنى ۋە قارچىغىغا ئوخشاش خام خىياللارنى ئويلايتتى. ئاقىۋەتتە ئۆزى ئىتلارغا غىزا بولدى. سېنىڭ دائىم بۇنداق بىھۇدە خىياللاردا بولۇشۇڭ ئاشۇ ئېيىقنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. سېنىڭ ئاقىۋىتىڭمۇ ئاشۇ ئېيىقنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## شۇڭقارنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

— ئەي خالايىقنىڭ رەھبىرى، — دېدى شۇڭقار ھۆپۈپكە، — ھۇشيارلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ پەرمانىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ماڭا ئۇلۇغ تەڭرىم ئالىي مەرتىۋە

ئاتا قىلىپ، مېنى بارچە قۇشلاردىن قۇد-
رەتلىك يارىتىپتۇ. بارلىق پادىشاھلار ماڭا
زوقلىنىدۇ. ئىسمىمنى قۇشلار پادىشاھى
دەپ ئاتايدۇ. بېشىمدا ئالتۇن تۇمۇغىدىن
تاجىم بار. تەگرى راستتىنلا مېنى تاجدار
قىپتۇ. سەن پۇتكۇل ئەھۋالىمدىن خەۋەردار،
قۇشلار توپى ئارىسىدىكى تەقى-تۇرقۇمنى ۋە
ئات-ئابروييۇمنى ياخشى بىلىسەن. بىر پا-
دىشاھ ئۆز بېشىغا شاھلىق تاجىنى كىيگەن
تۇرۇقلۇق يەنە بىر پادىشاھقا ھاجەتمەنبو-
لۇش ياخشى ئەمەس. مەن ئۆزۈم پادىشاھلىق
قائىدىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا
باشقا بىر پادىشاھقا تەۋە بولغۇدەكمەن؟

## ھۆپۈپنىڭ شۈگقارغا جاۋاب بەرگەنلىكى

ھۆپۈپ شۈگقارغا مۇنداق دېدى:
— ئەي كۆڭلى قارا نادان، بۇ خىيا-
لىڭ ۋۇجۇدۇڭغا قورقۇنچ سالغۇسى. ئۆ-
زۈڭنى پادىشاھ دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىڭ
ئاجايىپ كۈلكىلىك ۋە ھەددىدىن زىيادە
خام خىيالدۇر. قاپقارا ساپالنى كاپۇر
رەڭگىدە بوياپ، ئۇنى خەلق ئارىسىدا كاپۇر
دەپ ئاتىغان تەقدىردىمۇ، قارا ساپال
قۇرۇق نام بىلەنلا كاپۇر بولۇپ قالمايدۇ.
كىشىلەر ئارىسىدا سۇلتان ئاتلىق ئادەملەر
ناھايىتى نۇرغۇن. ھەتتا بەزى نەسلى
پەس ئادەملەرمۇ ئاشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلى-
دۇ. شۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار سۇلتان بولۇپ
قالامدۇ؟ مەن ئەر دېيىش بىلەنلا ئەر
بولۇپ قالامدۇ. قولدىن كەلمەيدىغان ئىشنى
دېگىلى بولامدۇ؟ پەقەت نادان خەلقلەرلا
سېنى پادىشاھ دەيدۇ. بۇ خۇددى بۇددىست-
لارنىڭ بۇتنى، زەردۇشتلارنىڭ ئوتنى خۇدا
دېگىنىدەك بىر ئىش. ساڭا شاھماتتىكى
شاھ ياخشى دەلىلدۇر. شاھماتتىكى شاھ
گەرچە ئۆزىنى شاھ دېسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
قارشى تەرىپىدە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان
يەنە بىر شاھ بار. ئەخلەت-چاۋارلار ئارى-
سىدا يەنە شاھتارادەك «شاھ» لارمۇ بار،
لېكىن ئۇنداق «شاھ» نى بىر شامال چىقسا
گاھ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، گاھى يەرگە
ئۇرىدۇ. سەن ئۇ ھەقىقىي شاھتىن ئىنتايىن
يىراق، سېنىڭ بۇنداق شاھلىقىڭدىن گا-
دايلىق ياخشىراق.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بىر پادىشاھ بىر مۇبارەك ئىمارەتنى
لايىھىلىتىپ، بىنا قىلدى. ئۇ ئىمارەت
بىلەن پۈتكۈل خەلق شادلىققا چۆمدى.
ئۇ ئىمارەتكە شۇ قەدەر ھېسابسىز زىبۇ-
زىننەت بەردىكى، ئۇنى قىياس قىلىپ
بولغىلى بولمايتتى. بۇ ئىمارەت شەھەر
خەلقى ئۈچۈن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ھەم-
مە تەرىپى ئەينەك بىلەن بېزەلگەنىدى.
ئۇنىڭ راۋاق ۋە گۈمبەزلىرى سەنئەت
قوللىرى بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئىمارەت
ئۈستىدە خۇددى پەلەك ئۈستىدىكى نۇرلۇق
قۇياشتەك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ ئىمارەت
ئۇستىلارنىڭ قولىدىن شۇ قەدەر چىرايلىق
ۋە كۆركەم بولۇپ پۈتۈپ چىققىتى. بۇنىڭ-
دىن شەھەر خەلقى چەكسىز شادلاندى.
كىشىلەر بۇ شاتلىق ئۈچۈن مۇراسىم تۈزدى.

هەربىر كىشى ئۆز ئەپسۇنى بىلەن نۇرغۇن ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ، كۆلكە ئۈچۈن نامايان قىلىشتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق شادلىقنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشتى. كىشىلەر ئارىسىدىن بىر بەھايا قاشاڭ كىشىنى ئويۇن ۋە مەسخىرە ئۈچۈن تېپىپ كېلىشتى. ئۇنىڭ ئىسمى بورىچى شاھ ئىدى. ئۇ بېشىدىن ئايىغىغىچە بورا بىلەن ياسالغان كىيىملەرنى كىيگەنىدى. ئوقياسى ۋە قالقىنىمۇ بورىدىن ياسالغانىدى. بورىچى شاھ ئۆزىگە ئوخشاش قاشقاق، بەلكى مەسخىرىگە نىشان بولغۇچى ئەخمەقلەردىن بىر نەچچىنى ياساپ-جابدۇپ مەيدانغا ئېلىپ كىردى. ئۇلارمۇ بورا كىيىملەرنى كىيىشىپ ئويۇن كۆرسەتتى. بورىچى شاھنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ ھەر نەپەستە يېڭى-يېڭى قىلىقلارنى چىقىرىپ، خالايىقنى كۈلدۈردى. لېكىن بورىچى شاھ ھەزىل-چاقچاق بىلەن قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ چۈشىنىپ، ئۆزىنى راست پادىشاھتەك ئويلاپ قالدى. شۇڭا مۇراسىم ئاخىرلىشىپ، ئويۇن توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئەخمەق مەن ئۆلگەن ئوخشايمەن دەپ، ئۆزىگە ئۆزى ماتەم تۇتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بورا چېدىرى، بورا تاجى، بورىدىن پۈتكەن تونلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. بورىچى شاھ شۇنىڭدىن كېيىن چۈشەندىكى، ئۇنىڭ بۇ «شاھ»لىقى پۈتۈنلەي مەسخىرە ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن.

## بۇركۇتنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

— ئەي قۇشلارنىڭ خوجىسى، — دېدى بۇركۇت ھۆپۈپكە، — مېنىڭ ئەھۋالىم باشقا قۇشلارغا ئوخشىمايدۇ. خالايىق مېنىڭ خۇسۇسىيىتىمنى بۇلبۇل ۋە پەختەكلەرگە ئوخشاتمايدۇ. ئاجايىپ شەكىل-سۈرىتىم ۋە قەھرىمىنىڭ زىيادىلىكى تۈپەيلىدىن تاغ ۋە شەھەرلەردە مەندەك قەھرىمان يوقتۇر. ھەر كۈنلۈكى غىزايىم ئۈچۈن نەچچە كەكلىك بولمىسا، كېچىسى ئۇيقۇم كەلمەيدۇ. ئەگەر ئوزۇق ئىستەپ، كۆكتە پەرۋاز قىلسام، ھەيۋىتىمدىن قۇلۇنلار ۋە كىيىكلەرمۇ خاتىرجەم بولالمايدۇ. بىراۋنىڭ ئىشتىھاسى بۇنداق چوڭ بولسا، ئوزۇق بولماي تۇرۇپ، بۇ يولنى قانداقمۇ داۋاملاشتۇرالىسۇن؟ مەن بۇ يولدا ئاچلىقتىن قاناتلىرىم تۆكۈلۈپ، يىقىلىپ قالدىم. سەن ئەمدى مېنى كەچۈرگىن.

## ھۆپۈپنىڭ بۇركۇتكە جاۋاب بەرگەنلىكى

— ئەي مەقسەت ئىگىسى، — دېدى ھۆپۈپ بۇركۇتكە، — جاھان ئەھلى سەندەك مەخلۇقنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان. يولۋاسلىق سۈپىتى ۋە پالۋانلىق جاسارىتى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا خاستۇر. بۇ تومشۇقۇڭ، چاڭگىلىڭ ۋە شەۋكەتلىك قانات-قۇيرۇقلىرىڭغا نومۇس. شۇ قەدەر سالاپەتلىك بولساڭمۇ، لېكىن ئارزۇ-ئۈمىدلىرىڭنى ئىزدىمەي، قارنى يامانلىق ۋە ھىممىتى پەسلىك قىلىپ، يول يۈرۈشتىن ئاجىز بولۇپسەن. يولغا راۋان بولماي، قاناتلىرىڭنى تاشلاپسەن ئۇنداق چاڭگال تومشۇق ۋە قاناتلىرىڭدىن ئۇياتقىن، مۇشۇ ھالىڭ بىلەن يەنە تېخى ئۆزۈڭنى ماختاپ، شان-شەۋكىتىڭنى زورمۇ زور تەرىپلەيسەن. جاندىن كېچىپ، يولغا راۋان بولغىن. پالۋانلىق ۋە قەھرىمانلىق دېگەن ئەنە شۇ.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

بۇرۇنقى زامان بىر مۇشتۇمزور پالۋان بار ئىدى. ھۈنەرسىزلىك كەسپىدە تەڭداشسىز ئىدى. چاشكا ۋاقتىدا ئون پاتمان تاماقنى يېسە، كەچتە يەنە شۇنچىلىك غىزاغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالاتتى. بۇ ئىككى تاماقنىڭ ئارىلىقىدا يەنە ئاشۇنچىلىك مىقداردىكى تاماقنى يەپ تۈگىتەتتى. ئەگەر ئۇ مەست پىلغا ئوخشاش زورلۇق قىلىدىغان بولسا، ھەر قانداق پالۋاننىڭ بېلىنى پۈكۈپ تاشلايتتى. بىر چاغلار كەلگەندە ھاياتنىڭ ماۋادىساتلىرى يۈز بېرىپ، يۇرتتا قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك پەيدا بولدى. بۇ بالا-قازا شۇنداق ئەۋج ئالدىكى، كىشىلەر يۇرتىنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇر بولدى. كىشىلەر جانلىرىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ، تەرەپ-تەرەپلەرگە باش ئېلىپ كېتىشتى. بىر توپ خالايىق شۇ قاتاردا باشقا يۇرتلارغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى كۆچتۈگۈر پالۋانمۇ بار ئىدى. بىراق ئۇ پالۋان يول ئازابى تارتىپ باقمىغانىدى. يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپلا دەشت-چۆللەردە يۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، نەپسى يامانلارنىڭ ھالى ئىنتايىن يامان بولدى. پالۋانمۇ قورسىقى تويغۇدەك غىزاغا ئېرىشەلمەي، ئۆز ھالىغا ھازا تۇتۇشقا باشلىدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭ جىسمىدىن قۇۋۋەت ۋە ماغدۇر دېگەنلەر چىقىپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئوزۇق يەتمىگەنلىكتىن چۆلدە ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىسى ئاجايىپكى، بۇ يولدا ئۇششاق بالىلارمۇ، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن بوۋاي-مومايلارمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچ كۈن جاپالىق يول يۈرگەندىن كېيىن ساق-سالامەت ھالدا مەمۇرچىلىققا ئۇلاشتى. ئۇ پالۋان بولسا بۇ مېھنەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەجەل ئالدىدا ئاجىز بولدى. ئۇنىڭ ھالاكىتىگە نەپسىنىڭ يامانلىقى سەۋەب بولغانىدى.

## مۈشۈكياپىلاقنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

مۈشۈك ياپىلاق ھۆپۈپكە ئۆزىنىڭ ئاجىزانە ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن بىر زەئىپ ناتىۋانمەن. بۇ يول بەك خەتەرلىك. مەن ۋەيرانىلەردە ماكان تۇتۇپ، بېشىمغا ئۆرۈلگۈدەك كۈلپەتلەردە ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن بولغاچقا، كۆڭلۈم دائىم غەم-ئەندىشە بىلەن ئۆتكەن. ماتەم دەستىدىن دەرد-پىغان چېكىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. مەن ئاشۇ ۋەيرانىلەردىن خەزىنە ئىزدەيمەن. شۇ ئۈمىد بىلەن پىغان چېكىمەن. ئاشۇ ئۈمىد ئۈچۈن ئۆزۈمنى خاراب قىلىمەن. بىر كۈنى ماڭا خەزىنە ئۇچرىشى مۈمكىن. شۇڭا ئۆمۈر بويى رەنج-مۇشەققەت چەكسەممۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. مەن خەزىنە ئۈمىدى بىلەن دىۋانە بولغانمەن. شۇڭا كېچە-كۈندۈز ۋەيرانىدە يۈرىمەن. مەن كىم، سۇمۇرغ كىم؟ كوھىقاپ دېگەن قەيەر؟ مەن بۇ ئۇزۇن سەپەردىن ئۈمىدسىزلەندىم. مېنى ئەپۇ قىلغىن.

## ھۆپۈپنىڭ مۇشۇكياپىلاققا جاۋاب بەرگەنلىكى

— ئەي ھىيلىگەر، — دېدى ھۆپۈپ مۇشۇكياپىلاققا، — ئىشلارىڭنىڭ ھەممىسى ھىيلە - مىكىردىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇزۇن ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭ جېنىڭغا زامىن بولغىلىۋېتىپتۇ. كۆڭلۈڭدە ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق ئۈمىدلىرىڭ ئورۇن ئاپتۇ. مەسىلەن، خەزىنىگە ئېرىشتىڭمۇ دەيلى، ئۇنىڭدىن يۈزلىگەن بالا - قازادىن باشقا پايدا تاپالمايسەن. ھەر نەپەستە ئۆزگىچە غەملەرگە مۇپتىلا بولىسەن. ھەتتا شۇ تۈپەيلى خارۇ - زارلىق بىلەن ھالاك بولىسەن. ئۇ خەزىنە بولسا دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قارار تاپىدۇ.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

ئىلگىرى مەلۇم بىر دىياردا بىر دىۋانە بار ئىدى. كېچە - كۈندۈز ۋەيرانىلەردە يۈرەتتى. بۇ ئارقىلىق خەزىنە تېپىش ئۈمىدى بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزەتتى. ھەر كۈنى ئۇ ۋەيرانىنىڭ بىر تەرىپىنى قېزىپ، خەزىنە ئىزدەيتتى. ئۇ دىۋانە بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئىنتايىن كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەكتى. ئاخىر ئۇنىڭ تەلىيى خەزىنە تەرەپكە يول باشلىدى. ئۇ قازغان لەخمىدىن بىر ئىشىك پەيدا بولدى. كىرىپ قارىسا بىر چوڭ ساراي ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە پەرىدۇنىنىڭ بايلىقى، بەلكى قارۇننىڭ خەزىنىسىدەك كۆپ خەزىنە بار ئىدى. شاھانە كۆپتىن قىرىق دانە چوڭ كۆپتە دەپى - دۇنيا بار ئىدى. ئۇ دىۋانە خەزىنىلەرنى كۆرۈش بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇ يەرگە توساتتىنلا بىر يارامسىز ناكەس ئادەم كىردى. قارىسا خەزىنە ئۈستىدە بىر كىشى ھوشسىز يېتىپتۇ، ئۇ يارىماس لەنىتى بۇ دىۋانىنى ئۆزىگە خەۋپ دەپ بىلىپ، دەرھال تىغ تارتىپ، خەزىنە ئۈستىدىلا دىۋانىنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى. خەزىنىلەر ئۇ ناكەسكە بىر ئۆمۈرلۈك دەسمايە بولدى، ئەمما دىۋانە بولسا بۇ ئىش ئۈچۈن جان دەسمايىسىنى قولىدىن بېرىپ قويدى.

## ھۇماينىڭ① ئۆززە ئېيتقانلىقى

ھۇماي ھۆپۈپكە ئۆززە ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ئاداشقانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، مېنىڭ ئورنىم ۋە مەرتىۋەم شۇنىڭدىن مەلۇمكى، سايەمنىڭ شاراپىتىدىن كىشىلەرگە بەخت ۋە ئىقبال يۈزلىنىدۇ. بۈيۈك ۋە پاك تەگرى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا شۇ قەدەر شاراپەت بەردىكى، پەقەت سايەم تۈپەيلىدىنلا گادايلار پادىشاھ بولىدۇ. شۇڭا مەندەك بىر شاھنىڭ يەنە بىر شاھنى ئىستى-

① ھۇماي — بىر خىل ئەپسانىۋى قۇش، بەخت قۇشى، دۆلەت قۇشى. قەدىمدە كىشىلەر بۇ قۇشنىڭ سايىسى كىمنىڭ بېشىغا چۈشسە، شۇ كىشى پادىشاھ بولىدۇ دەپ قارىغان.

شمىنىڭ كېرىكى يوق. بۇ يولدا ئۆزۈمنى
مۇشەققەتكە سېلىشىمىنىڭ ھاجىتى يوق.
ئۇنىڭدىن كۆرە ھاۋادا سەيلە قىلىپ، ئۆز
سايەم بىلەن پادىشاھلارغا باشپاناھ بول-
غىنىم ياخشى.

## ھۆپۈپنىڭ ھۇمايغا جاۋاب بەرگەنلىكى

— ئەي ئەپسانچى، — دېدى ھۆپۈپ
ھۇمايغا، — بۇ سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى قۇرۇق
ئەپسانىدىنلا ئىبارەت. بۇنداق سۆزلەرنى
دىۋانىلەرلا سۆزلەيدۇ. ئۆزۈڭ ئۆز ۋۇجۇ-
دۇڭنى ھەممىدە يېتىلگەن دەپ چاغلاپ،
«سايەمدىن كىشىلەرگە شاھلىق يېتىدۇ»
دېگەن ئەپسانىنى بايان قىلدىڭ. ئەمما
سەن بۇنىڭ بىلەن توغرا يولدىن ئازدىڭ.
سىزگە مەلۇم بولغان شاھلاردىن ھېچقايسى-
سىنىڭ تارىخىدا سەن دېگەندەك ئەھۋالنىڭ
بولغانلىقى يېزىلمىغان. بۇ خاتا ئەپسانە
بىلەن ئۆزۈڭنى خۇش قىلىپ، بۇ ئىشەنچ
بىلەن يارىماس خىياللارنى سۈرۈپ يۈرۈپ-
سەن. مەسىلەن، سېنىڭ بۇ دەۋالىرىڭنى راست
دەپمۇ تۇرايلى، ئەگەر ئۇلۇغ تەكرى سې-
نىڭ سايەڭ سەۋەبىدىن بىراۋلارغا پادى-
شاھلىق ئاتا قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ
ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق. سەن
يەنىلا ئىتقا ئوخشاش تىمىسقىلاپ، چۆللەردە
قۇرۇپ، قاقشال بولۇپ قالغان سۆڭەكلەرنى
يەپ يۈرىسەن. شۇنى بىلگىنكى، سەن
ئاقمايدىغان خىياللارنى تولا قىلغاچقا
مۇشۇنداق تەمەگەرلىك ھالىتىگە چۈشۈپ
قاپسەن.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

ئۇمان دەرياسىنىڭ ساھىلىدا ياشايدى-
غان بىر سودىگەر سودا ئۈچۈن دەريا سا-
ھىلىغا باراتتى. سودىگەر جاۋاھىر ئۈچۈن
غەۋۋاسلارغا بىر نەچچە دەرھەم پۇل بېرەت-
تى. غەۋۋاسلار بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە
سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ، يۈزمىڭلارچە جاپا-
مۇشەققەتلەر بىلەن دەريانىڭ تېگىگە يېتەت-
تى. ئۇ يەردىكى سەدەپلەرنى ئېلىپ چىقىپ
سودىگەرگە بېرەتتى. ئۇ سەدەپلەرنىڭ
ئىچىدىن يا ئۇششاق ئۈنچىلەر چىقاتتى
ياكى بولمىسا بىرەر چوڭ گۆھەر تېپىلىپ
قالاتتى. بۇنداق گۆھەرلەر شاھلار تاجىنىڭ
شان-شەرىپى بولاتتى. لېكىن ئۇ غەۋۋاس-
لارنىڭ ئالدىغىنى ئازغىنا ئىش ھەققىدىنلا
ئىبارەت ئىدى. سودىگەر شۇ قەدەر قىممەت-
لىك بايلىقنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ،
لېكىن غەۋۋاسلارغا بىر-ئىككى يارماقتىن
پۇل بېرىپلا بولدى قىلاتتى. ھەر ھالدا
ئۇ غەۋۋاسلار بىر-ئىككى يارماق بولسىمۇ
ئىش ھەققى ئېلىپ، بەھرىمەن بولىدۇ.
لېكىن سەن ھۇمايغا ھېچكىم ھەق بەرمەيدۇ.
ئىت يەيدىغان سۆڭەكلەرنى يەپ، نەپسىڭ-
گە ئارام بېرىسەن. شۇڭا ئەگەر ئەقىل-
ئىگىسى بولساڭ، بۇنداق بىھۇدە سۆزلەرنى
قىلمىغىن. بۇنداق سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى
خاتا.

## ئۆردەكنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

ئۆردەك ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىپ
مۇنداق دېدى:
— ئەي تەۋەرۈك زات، مېنىڭ ھا-
ياتلىقىم پەقەت سۇ بىلەنلا مەۋجۇت بولا-
لايدۇ. ئەگەر سۇدىن ئايرىلسام، گوياكى
بېلىق سۇدىن ئايرىلغاندەك قايغۇ ۋە
ئىزتىراپ ئىچىدە قالىمەن. ۋۇجۇدۇم سۇ
ئىچىدىلا ئارام تاپىدۇ. ماڭا مۇشۇنداق
پاكلىق ئادەت بولۇپ قاپتۇ. مېنىڭ
پاكلىقنى ئادەت قىلغىنىم
ئۈچۈن، گۈزەللىك سۈپەتلىرى ماڭا لايىق-
تۇر. سۇدىن بىر دەم ئايرىلىپ قالسام،
پۈرقەت ئازابىدا يۈز خىل ماجىرالارنى
قىلىمەن. قايىنامىلاردىن ئىبارەت ئاجايىپ
جەينامازنى سۇ ئۈستىگە سالغانمەن. سۇدىن
ئىبارەت ئاشۇ ئەينەكتە ماڭا مەقسەتنىڭ
چېھرىسى نامايان بولىدۇ. مەن پەقەت ئاشۇ
سۇ بىلەنلا مەقسىتىمگە يېتىمەن. باشقا تە-
رەپكە سەپەر قىلسام خاتالاشقان بولىمەن.

## ھۆپۈپنىڭ ئۆردەككە جاۋاب بەرگەنلىكى

— ھەي ھەق يولغا خىلاپلىق قىلغۇچى، —
دېدى ھۆپۈپ ئۆردەككە، — بۇ سۆزۈڭ خاتا
«جىسمىمنى سۇ بىلەن پاك قىلدىم»، «سۇ
ئۈستىگە جەيناماز سالدىم» دەيسەن. سەن
بەلكىم خىزىرنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر
ئوخشايسەن. ئۆزۈڭنى پاك دەپ ئويلاپ
قالما، باشقىلارنى پاك ئەمەس دەپ، ئۆزۈڭ
سۇدا يۈرىسەن. ئەگەر پاك بولساڭ نېمە
ئۈچۈن سۇغا چۆمۈلىسەن. بۇزۇقلۇق ئۇرۇ-
قىنى تېرىغان ئادەملەر سۇغا چۆمۈلۈپ پاا
بولىدۇ. سەن كېچە - كۈندۈز سۇغا چۆمۈلى
دىكەنسەن. دائىم سۇغا چۆمۈلۈپ، شۇڭغۇپ
تۇرساڭمۇ پاكلانمايدىغان قانداق جىنايىتىڭ،
قانداق پاسىقلىقىڭ بار؟ سەن ئەگەر ئەر-
كەك بولىدىغان بولساڭ، ئالدىڭدا يوقلۇق
دەرياسى تۇرۇپتۇ، شۇ دەرياغا شۇڭغۇ-
غىن - دە، يوق بولغىن.

## مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت

ھىندىستان دىيارىدا بىر سودىگەر
بار ئىدى. سودا ساھەسىدە تەڭداشسىز
ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە سودا دەس-
مايىسىنى كۆپەيتىش خىيالى كىرىۋېلىپ،
خەتەرگە يولۇقۇش ئېھتىمالىنى يادىدىن
چىقىرىپ قويىدى. سودىدا پايدا تېپىش ئۈ-
چۈن، بىر مەملىكەتتە تۈزۈكرەك ئۇن كۈن
دەم ئالماي، تەرەپ - تەرەپكە سەپەر قىلات-
تى. سودىگەر سۇ ئۈستىدە نەچچە يىللاپ
ئاشۇنداق سەپەر قىلدى. دەريانى ھەرقان-
داق ئاپەتنىڭ ماكانى دەپ بىلسە بولىدۇ.
بىر چاغلاردا ئۇنىڭ سودا كېمىسى مەككە
ئەتراپىدا سۇ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ سو-
دا قىلدى. مەككىگە يېقىن كېلىپ قالغان

بولسىمۇ، لېكىن ھەج پەرىزىنى ئادا قىلماي ياندى. ئۇنىڭ كېمىسىدىكى خالايىق سودىگەرگە:

— بۇ يەرگە كەلگەن بولغاندىكىن ھەج شەرىپىگىمۇ مۇيەسسەر بولغىن، — دەپ تەۋسىيە قىلىشتى.

لېكىن پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىك سودىگەرنىڭ ھەج قىلىشىغا يول بەرمىدى.

بىر كۈنى دەريادا قاتتىق بوران چىقتى. دولقۇن پەيدا بولۇپ، كېمە، گاھى پەسكە چۈشۈپ، گاھى ئېگىزگە سەكرەشكە باشلىدى. نەتىجىدە سودا ۋە پايدا قايىنىمىغا غەرق بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىنىڭ كېمىسى دەريادا غەرق بولۇپ تۈگەشتى. سودا خىيالى ھەجگە يول بەرمىگەن بۇ كىشى ئاخىر بىر بېلىققا غىزا بولدى.

## توخۇنىڭ ئۆزرە ئېيتقانلىقى

توخۇ ھۆپۈپكە ئۆزىنىڭ ئۆزرىخاھلىقىنى ئاشكارە قىلىپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي ئۇچارلىقلار جامائىتىنىڭ تاجدارى، تەڭرى تائالا ھەر ئىككىلىمىزگە تاج ئاتا قىپتۇ. لېكىن ھەر بىرىمىزگە بىر ئىشنى ئۆگىتىپتۇ. ساڭا رەھبەرلىك مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىپ، جەمئىي قۇشلارغا رەئىس ۋە پېشىۋا قىپتۇ. ماڭا بولسا دائىم خالايىقنى تائەتكە چاقىرىش ئۈچۈن يېقىملىق ئاۋازنى ئاتا قىپتۇ. ئۇ قۇدرەت ئىگىسى ئۇچارلىقلار جامائىتىنى ياراتقاندا، ماڭا بىر يەردە تۇرۇشنى، ساڭا بولسا سەيلە ۋە سەپەر قىلىشنى ئىرادە قىپتۇ. مەن خورازنىڭ ئەرلىكى دائىم كۈچلۈك بولغاچقا، ماڭا نەچچە - نەچچىلەپ گۈزەل كېلىنچەكلەرنى ئاتا قىپتۇ. شۇڭا مېنى بۇ سەپەردىن قالدىڭ دەپ ئەيىبلىمىگىن. كوھىقاپقا، سۇمۇرغنىڭ يېنىغا ئۈندىمىگىن.

## ھۆپۈپنىڭ توخۇغا جاۋاب بەرگەنلىكى

— بۇ سۆزۈڭ ئۆزرە ئېيتىشقا سەۋەب بولالمايدۇ، — دېدى ھۆپۈپ توخۇغا، — ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن بۇنداق سۆزلەرنى قىلمايدۇ. ساڭا ئوخشايدىغان يەنە بىر قۇش بار. ئۇ قۇش قانىتىنى ئاچماستىن سىدرە① دەرىخىنىڭ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ خىلۋەتگاھ ئۇنىڭغا ئارامگاھ بوپتۇ. ئۇ قۇش بىر يەردە ئولتۇرۇپلا سەيلىگاھلارنى سەيلە قىلىدۇ. ئۇ سىدرە دەرىخىدە ئولتۇرۇپ ئەرشكە پەرۋاز قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ پەرۋازىنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ. ئۇ قۇش سۇمۇرغدىن بىر نەپەسمۇ جۇدا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقىچە بىر ۋىسال دۇنياسى بار. بېشىدا بولسا بەخش ئەتكۈچىلەرنىڭ تاجى بار. ۋىسال مېراجى ئۇنىڭ جىلۋىگاھىدۇر. ئۇنىڭ جېنىغا ھىجران خەۋپلىرى يەتمەيدۇ. دائىم ۋىسال خىلۋەتگاھىغا گۈل چېكىدۇ. ۋىسالدىن شاد - خۇرام بولسىمۇ لېكىن ئۇنى مەخپىي تۇتىدۇ، زادى ئاشكارىلىمايدۇ. ئۇ ۋىسال تاپقانلىقتىن، دەردتىن خالى، كۆڭلى خۇشال. لېكىن ئۇنى

① سىدرە — رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەرشتىكى بىر دەرەخ.

كۆڭلىدە بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزى سەدەپنىڭ ئاغزىدەك چىڭ. لېكىن سەن بولساڭ شۇنداق بىر قۇشسەنكى، كۆرۈنۈشتىكى خۇشاللىققا بېرىلىپ، ھەددىدىن تاشقىرى بىھۇدە ئىش قىلىسەن، بىھۇدە گەپ قىلىسەن ۋە ھاياسىزلىق قىلىسەن. كېچە - كۈندۈز قىلىدىغىنىڭ پاسىقلىق ۋە سەۋەبسىز غوۋغادىنلا ئىبارەت قالايمىقان ئىشلىرىڭ ناھايىتى تولا. مۇشۇنچىۋالا يامان ئىشلىرىڭ بىلەنمۇ يەنە ئۆزۈڭنى ياخشىلاردىن قىلىپ كۆرسىتىسەن، تېخى ئۆزۈڭنى خوراز دەيسەن. لېكىن بۇنچىۋا سۇس ۋە ھورۇن بولىدىغان بولساڭ، سەن خوراز ئەمەس، مېكىيانكەنسەن.

## قۇشلارنىڭ ھۆپۈپتىن ئۆزلىرىنىڭ سۇەۋرغ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سورىغانلىقى

قۇشلارنىڭ ھەربىرى ھۆپۈپكە ئۆزرخاھلىق ئېيتقىنىدا، ھۆپۈپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۆز لايىقىدا تولۇق جاۋاب بەردى. قۇشلار جامائەسى ھۆپۈپنىڭ جاۋاب ھېكمەتلىرى ئالدىدا ئاجىز بولدى. شۇڭا باشقىلىرى ئۆزرە ئېيتىشقا ئىختىيار قىلمىدى، چۈنكى قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەھۋالىنىڭ زەئىپلىكى تۈپەيلىدىن پەرىشان بولدى. ئۇلار ھۆپۈپتىن بىرلىشىپ تۇرۇپ سوئال سوراشقا باشلىدى:

— ئەي رىياسەتچىلىكنىڭ يېگانە گۆھىرى، سېنىڭ بېشىڭغا ھىدايەت تاجى لايىقتۇر. سەن سەيلە ئۈچۈن دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ، مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتەلەيسەن. يوللارنىڭ ھەممە خەۋپ - خەتەرلىرىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا چارە - تەدبىر قىلالايسەن. ئەمما بىز بولساق ئاجىز، خارۇ - زار ۋە زەئىپ جامائەتمىز. ھەممىمىزنى بەختى قارىلىق خار قىلغان. كۆڭۈللىرىمىزگە مەخپىي سىرلار ئايان ئەمەس. نادانلىقىمىز تولا، بىلىمىمىز ئاز بولغاچقا خۇددى زەررىچىلەردەك چېچىلغان ۋە پاراكەندە بولغانمىز. ئۇ زاۋال تاپمايدىغان پادىشاھنىڭ مەنزىللىرى يۈكسەك ئاسماندىنمۇ ئېگىزرەك، بۈيۈك دەرگاھى بولسا مۇقەددەس ئەرشتىنمۇ ئازادىرەكتۇر. بارگاھى توققۇز پەلەكنىمۇ ئارتۇقراقتۇر. ئۆزى بولسا كامالەت ئەۋجىدە نۇرلۇق قۇياشتىنمۇ يورۇق ۋە پارلاقتۇر. بىز بولساق خەس - خەشەكتىن خار، توپا - تۇپراقتىنمۇ خىرە ۋە نۇرسىزمىز.

قۇشلار يۇقىرىقىلارنى ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق سايرىدى، بېيىت:

شاھلار شاھى كېلىپ ئول پادىشاھ،<br>
بىز گەدالارنىڭ گەدايى خاكى راھ.

قۇشلار يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ پادىشاھ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا نەسەب جەھەتتە قانداق مۇناسىۋەت ۋە ھېكمەتنىڭ بارلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. بىز نادانلارغا بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگىن. چۈنكى بۇنى بىز ئۇ زەئىپلىقىمىز بىلەن سېزەلمەيمىز. بىز بولساق ئىنتايىن خار ۋە ئەرزىمەس مەخلۇقلارمىز. ئۇنىڭ ئالىي دەرگاھى بىلەن بولغان نەسەب مۇناسىۋىتىمىز دەريا بىلەن تامچە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتەك بولسا كېرەك. بىر تامچە سۇنىڭ دەريا بىلەن قانداق ئورتاقلىقى بولسۇن؟

## ھۆپۈپنىڭ سۇمۇرغ ۋۇجۇدى ھەققىدە قۇشلارغا جاۋاب بەرگەنلىكى

ھۆپۈپ قۇشلارغا يېتەرلىك ۋە پايدىلىق جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ شاھىنشاھى ئالىيجاناب ئەسلىدە بىر مەخپىي خەزىنە ئىدى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ۋۇجۇدىنىڭ ھۆسنىگە جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش ئەينەك بوپتۇ. «مەن يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن بېشارەتتۇر. ئۇ پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارىلاش نىيىتىدە جىلۋىلەندى. بۇ جىلۋىلىنىشتىن ئۇنىڭ قۇياشتەك يۈز تۈمەنمىڭ سايىلىرى ئاشكارا بولدى. قايسى سايە پاكلىق بىلەن جىلۋىگەر بولسا، ئۇ پادىشاھ ئۇنىڭغا قۇدرەت كۆزى بىلەن نەزەر سالدى. شۇنى بىلگىنكى، بارچە ئالەم قۇشلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ سايىسىدۇر. دېمەك، سىلەردەك قۇشلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقى سۇمۇرغ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىدۇر. ئەي ئەقىل ئىگىلىرى بۇنداق ھەقىقەت سىلەرگە ئاشكارا بولسا، ئۇنى ھەرگىز پاش قىلمىغايسىلەر. كىمكى بۇ مەخپىي سىرنى بىلسە، ئۇ كىشى ھەقىقەتكە چۆمۈلگەن بولىدۇ. ئەمما، ئۇ كىشىنى ھەقىقەت دەپ چۈشىنىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. چۈنكى ھەقىقەتكە چۆككۈچىنى ھەقىقەت دېگىلى بولمايدۇ. بەلكى ئۇنى ھەقىقەتكە چۆمۈلگۈچى دېيىش كېرەك. سەن ئۆزۈڭنىڭ كىمنىڭ سايىسى ئىكەنلىكىڭنى چۈشەنسەڭ، ئۆز چۈشەنچەڭگە ئۆزۈڭ كۈچلۈك دەلىل بولىسەن. شۇنى بىلگىنكى، سۇمۇرغ ئۆز سايىسىنى چۈشۈرۈشنى خالاپ، ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن بولسا ئۇ سايىسىنى چۈشۈرمىگەن بولاتتى. سۇمۇرغ ئۆزىنى يوشۇرۇشنى ئىستىگەن بولسا، ئۇنىڭ سايىسى ھەرگىز ئاشكارا بولمىغان بولاتتى. سايىنىڭ پەيدا بولغانلىقى سايە سالغۇچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك پاكىتتۇر. ئەگەر كۆزلىرىڭ سۇمۇرغنى كۆرەلمىسە، كۆڭلۈڭ ئەينەكتەك نۇرلانمايدۇ. كىمكى ئۇ يۈزنى كۆرەلىسە ئۇ كور ئەمەس، ئۇمۇ ئۆزى كۆرگەن يۈزدىن باشقىسىنىڭ كېپىنى قىلمايدۇ. ئۇ بۈيۈك پادىشاھ ئۆز ھۆسنىگە ئاشىقلىقنى ئارزۇ قىلغاچقا، قۇياشتەك نۇرلۇق ئەينەكنى پەيدا قىلدى. ئۇ ئاشۇ ئەينەكتە جىلۋىلىنىپ، ھۆسنىگە ئاشىقلىق ئىزھار قىلىشنى ئىستىدى. ئەي كامالەت ئىگىلىرى، ئۇ ئەينەك باشقا نەرسە ئەمەس، پاك كۆڭۈلدۇر. ئۇ بۈيۈك پادىشاھ ھەمىشە ئاشۇ ئەينەكتە نامايان بولىدۇ. ئۇ ھەقىقىي پادىشاھ ئۆز ھۆسنىنى ئاشكارا قىلغاندا، سەن ئۆز كۆڭلۈڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئەينەك تۇتقۇچى بولىسەن.

## ئۆز ھۆسنىنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن، ئەينەكنى ۋاستە قىلغان پادىشاھنىڭ ھېكايىتى

مۇھەببەت سىرلىرىدىن سۆز ئاچقۇچىلار ئۆز قەلىمىدىن مۇنداق گۆھەرلەرنى تۆكتى: بىر گۈزەل پادىشاھ بار ئىدى. ھۆسن-جامالدا شەرق قۇياشىدەك ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئاي يۈزلۈك

گۈزەللەر ئىدى، ئۇ پادىشاھنىڭ كېلىشكەن قامەتلىرىگە سەرۋىلەرمۇ بەندە ئىدى. نۇرلۇق يۈزلىرى ئالدىدا قۇياشمۇ شەرمەندە ئىدى، يۈزلىرى پۈتكۈل ئالەمگە ئوت سالاتتى. چىرايىغا قاراش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىك غوۋغالىرى پۈتۈن جاھاننى قاپلىدى. ئىشقىنىڭ قاراقچىلىرى جانلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ جاھانغا زىننەت بەرگۈچى چىرايىدا يۈزمىڭلىغان ناز ۋە ئۇلۇغلۇق نامايان ئىدى. ئۇ پادىشاھ گاھى ئاتلىنىپ، مەيدان ئىچىدە ئات چاپتۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كېلىپ قالغان كىشى، ئۇنىڭ ھۆسنىنى كۆرۈش بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ، جېنىدىن جۇدا بولاتتى. مەيداندىن يانغاندا ئۇ پادىشاھنىڭ ھۆسن-جامالىنى كۆرۈپ، ئۆلگەنلەرنىڭ تولىلىقىدىن يوللار توسۇلۇپ، جاھان ئىچىدە ھەددىدىن تاشقىرى كۈچلۈك سۈرەن - چۇقان پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ زۇلمىدىن جان مەملىكىتى بۇلاڭ - تالانغا ئۇچرايتتى. پادىشاھ خالايىقنىڭ ئۆلۈمىدىن مالال بولۇپ، كىشىلەرگە ئۆز چىرايىنى ئەينەن كۆرسەتمەسلىك نىيىتىگە كەلدى. شۇڭا پەرمان چۈشۈرۈپ بىر ئەينەك تەييار قىلدۇرۇپ، تەختىنىڭ ئالدىغا ئورناتتى. ئاندىن قەسرىنىڭ ئالدىدا بىر ئورۇن راسلاپ، ئۇ يەرگە جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياشتەك بىر ئەينەكنى ئورناشتۇردى. بۇ ئەينەك ئورنىتىلىشتىن بۇرۇن شاھنىڭ ھۆسنىدىن ھېچكىم مەنپەئەت ئالالمىغانىدى. ئەينەك تەييار بولغاندىن كېيىن پادىشاھمۇ ئەينەكتىن ئۆز ھۆسنىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. خالايىقمۇ پادىشاھنىڭ ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ، مەنپەئەتلىنەلەيدىغان بولدى. بۇ گۈزەللىكتىن ئۆزىمۇ بەھرىمەن بولدى. باشقىلارمۇ بەھرىمەن بولدى.

ئەي مەسلەك ئىگىسى، سەنمۇ كۆڭلۈڭنى ئاشۇ ئەينەك دەپ خىيال قىلغىن. ئۇ مۇتلەق پادىشاھ ئۆز جامالىنىڭ ئەكسىنى سېنىڭ ئاشۇ كۆڭۈل ئەينىكىڭگە سالىدۇ. تېنىڭ قەسرىدە كۆڭلۈڭنى ئەينەك دەپ بىلگىن. شاھ ھۆسنىگە ئاشۇ ئەينەكتىن نەزەر سالغىن. سەن ئالدى بىلەن ئۇ ئەينەكنى تازىلاپ، نۇرلاندۇرمىساڭ، شاھ ئۆز ئەكسىنى ئۇ يەرگە سالمايدۇ. كۆڭلۈڭنى پاك تۇتقىن، ئاندىن ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنىڭ ئەكسى كۆڭۈل ئەينىكىڭدە دائىم جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. سەن ئۇ ئەينەككە ئۇدۇل تۇرۇپ، سولماس گۈزەللىكنى تاماشا قىلغىن. كۆڭۈل ئەينىكىڭ قانچە پاك ۋە روشەن بولسا، ئۇ گۈزەل ھۆسنمۇ ئۇنىڭدا شۇنچە نۇقسانسىز ئەكس ئېتىدۇ.

## ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى ئەلچىلىككە بارغانلىقى

مەنە سىرلىرىدىن بېشارەت بەرگۈچىلەر مۇھەببەت سەھىپىسىگە گۆھەر چاچقۇچى رەقەملەرنى مۇنداق يازدى:

بىر كۈنى ئىسكەندەر مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ گويا سۇمۇرغنىڭ كەپتەر ئورنىدا خەت توشۇش ۋەزىپىسىنى بېجىرگىنىدەك ئىش بولدى. ئەلنىڭ زىننىتى بولغان ئىسكەندەر مەقسەت ئىلىگە ئەلچىلەر قىياپىتىدە يېتىپ كەلدى. كىشىلەرگە ئىسكەندەرنىڭ سۆزلىرى-

نى يەتكۈزدى. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇنى
يەتكۈزۈۋاتقىنى دەل ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى
ئىدى. ئۇ ئەلچىلەردەك تەلەپپۇزدا سۆزلەيت-
تى. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ سۆزىنى
ئۆزى بايان قىلىۋاتاتتى. ئۆز ھۆكمىنى
ئۆزى يەتكۈزمەكتە ئىدى. كىشىلەر بۇ ئەل-
چىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى
بىلمەيتتى. ئىسكەندەر ئۆزىنى ئەلچى سا-
لاھىيىتىدە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مەقسەت ھۆ-
كۈملىرىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يەتكۈزدى.
كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسكەندەر ئىكەنلىكىنى بىل-
مەي، بۇ پەردىنىڭ ئىچىدە كىم باردۇ؟ دەپ
قىلىشتى. سىلەردەك قۇشلارمۇ ئۇ پادىشاھ-
تىن ھېكمەتلەرنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىسىلەر.
لېكىن ئاڭلىغانلىرىڭلارنى غايىبتىن بىردى-
گەن بىشارەت دەپ بىلىڭلار.
قۇشلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يوشۇ-
رۇنلۇق پەردىسى ئىچىدىكى سىرلاردىن
خەۋەر تاپتى. ھەممىسى مەقسىتىگە ئۇلاندى.
ئارزۇ - ئارمانىغا ئۇلىشەت ۋە ئاشىنالىق تاپتى-
ھۆپۈپتىن ئىبارەت بۇ پېشىۋا ئاشىنالىق
سۆزلىرى ئارقىلىق ياتلارنى ئاشىنا قىلدى.
يەنە ھەممىسى ھۆپۈپتىن سوئال سوراشتى:
— ئەي كامالەت ئىگىسى، — دېدى
ئۇلار ھۆپۈپكە، — سەن ھىدايەت ئىشلىرىدا
بىزنىڭ يولباشچىمىز. بىزلەر بولساق
بىر توپ زار، زەئىپ ۋە بىچارە قۇشلارمىز.
جىسمىمىز بىلەن جېنىمىز ئىنتايىن ئاجىز
ۋە ناتىۋاندۇر. لېكىن بۇ ئىش ناھايىتى
چوڭ ئىش، يولىمىز ئىنتايىن يىراق.
قورقۇنچىمىز ھەددۇ ھېسابسىزدۇر. چۈنكى
بىزنىڭ جانلىرىمىز ئىنتايىن خەۋپلىك
ئەھۋالدا تۇرماقتا. قانداق قىلغاندا بۇ يول-
دا سەپىرىمىز ياخشى بولار؟

## قۇشلارنىڭ يول كەيپىياتى ھەققىدە ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

ھۆپۈپ قۇشلارغا مۇنداق ياخشى
جاۋابلارنى بەردى:
— سىلەر شۇنى بىلىڭلاركى، تەلەپ
يولىدا ئىشق ھەممىگە كۇپايىدۇر. ئىشق
ئەھلىدىن مەسلىھەت يىراقتۇر. كىمىكى
راست ئاشىق بولىدىغان بولسا، جاندىن
ئەنسىرىمەيدۇ. ئىمانىغا پەرۋا قىلماي، كۇ-
پۇرلۇقنى قوبۇل قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئە-
گەر ئاشىققا جانان مۇيەسسەر بولىدىغان
بولسا، ئۇنىڭ جان ۋە جاھاندىن كېچىشى
ناھايىتى ئوڭاي. جان بەلكى ئاشىقلارنىڭ
يولىنى توسقۇچى سېپىلدۇر، گوياكى كى-
شىنىڭ يولىدىكى ئورەككە ئوخشايدۇ. ئاشىق-
لار تەن، جان، ئەقىل، ھوش، سەۋر - تا-
قەت، كۇپۇرلۇق، ئىمان دېگەنلەرنى تونۇ-
مايدۇ. ئىشقنىڭ خىسلىيىتى شۇكى، ئۇ
جان ۋە جاھاننى، كۇپۇرلۇق ۋە ئىماننى
پۈتۈنلەي ھاياجان ئوتلىرىدا كۆيدۈرۈپ
تاشلايدۇ. ئاشىقلار ئار - نومۇستىن، نام -
ئاتاقتىن، مىللەت ۋە ئىسلامدىنمۇ كېچىپ،
دەرد بىلەن ئۆرتىنىشنى ئەلا كۆرىدۇ.
چاقماقتەك چۆكىلەپ، ھەيرانلىق ئىچىدە
شەيدا بولىدۇ. كىمنىڭ ئىشقتىن دەردى
بولسا، ئۇنىڭ جاننى تەرك ئەتكىنى ئەلا.
ھەربىر تەلەپكارنىڭ ئەگەر جانانى تەرەپكە
بېرىش تەلىپى بولسا، ئۇنىڭ جېنىغا ئاپەت-
لەر يەتكەن تەقدىردىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ.
غەم كېچىلىرىدە دەرد ۋە ئۆرتىنىش بىلەن

بولىدۇ. ئىشقتىن باشقا ھېچ ئىشقا مەشغۇل بولمايدۇ. جاننى ئۆرتىگۈچى ئاھ ئوتلىرى بىلەن كېچىلەرنى يورۇتىدۇ. پىراق ئازابى بولسا، ئىشق ۋە ئۆرتىنىشتىن بېشارەتتۇر. دەرد بولمايدىغان ئىشق بولمايدۇ.

ئەي سازەندە، بىر دەردلىك مۇقامىنى باشلا، چۈنكى مەن دەردسىزلىك بىلەن ھالاك بولماقتىمەن. ئەي ساقىي، ماڭا دەرد شارابىنى ۋۇجۇدۇمنى خار ۋە ناتىۋان قىلغۇدەك دەرىجىدە تۇتقىن. شۇ ئارقىلىق ئىشق دەردى كۆڭلۈمگە تەسىر قىلسۇن. سەن تۇتقان شارابنى ئىچىپلا، جاندىن قول ئۈزەي. ئەقىل - ھوشۇمدىن، سەۋر - تاقەت ۋە گۇمان دېگەنلەردىن بىراقلا كېچىپ كېتەي. كۇپۇرلۇق بۇتخانىسىدا ئورۇن ئېلىپ، چېركاۋ زۇننارى تەرەپكە سەپەر قىلاي. بۇتخانا راھىبى ئالدىدا مەست بولۇپ، «قۇرئان» نى كۆيدۈرۈپ، بۇتپەرەس بولاي. ئىشق مەيخانىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، جېنىمنى ئىمانىمدىن خالاس قىلاي. بۇتخانىدا ساماۋى توڭغۇراقنى چېلىپ، يەر سۆيگەن ھالدا بۇتقا سەجدە قىلاي. بېلىمگە زۇننارنى مەھكەم باغلاپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ كۇپۇرلۇقۇم بىلەن شادمان بولاي.

## شەيخ سەنئان (تەگرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) نىڭ ھېكايىتى

رىۋايەتچىلەر دەرد بىلەن ئۆرتىگۈچى ئىشق سەھىپىلىرىگە مۇنداق رىۋايەتنى نەقىل قىلدى:

ھەزرىتى شەيخ سەنئان (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) مەغپىرەت بارگاھىغا يەتكەن زات ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى غايىب سىرلاردىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلۇغ كەبىدە ئەۋلىيالار ئارىسىدا بۇ زات بەئەينى ئەسھابلار ئارىسىدىكى پەيغەمبەردەك ئورۇن ئالغانىدى. مۇقەددەس كەبىدە شەيخلەرگە ئۇستاز بولۇپ، خەلقنى توغرا يولغا باشلاشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەنىدى. شاھلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا گادای بولۇشقا تەييار ئىدى. ھوشيارلار ئۇنىڭ قۇلى بولغانلىقىغا پەخىرلىنەتتى. ئۇ زات بىر غەمكىن ئۈچۈن قولىنى دۇئاغا كۆتۈرسە، پەرىشتىلەر گۇرۇھى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «ئامىن» دېگىنىچە قوللىرىنى ئاچاتتى. مەقسەتلەر چېھرىسى ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۆڭۈل ئەينىكىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن كېچە - كۈندۈز سۆھبەتتە بولىدىغان تۆت يۈز سۆھبەتداش ۋە مۇرىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى شەيخ جۇنەيد① ۋە شەيخ بايەزىددەك② ئۇلۇغلۇق ۋە كامالەت ئىگىلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ شەۋ-

---

① شەيخ جۇنەيد — تولۇق ئىسمى: ئەبۇلقاسىم زۇجاج قەۋارىرى ئۇ باغدادتا تۇغۇلغان، ھىجرىيە 297 - (مىلادى 910 -) يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان. شەيخ جۇنەيد دىني ئىلىملەردىن فىقھى ۋە تەسەۋۋۇپ ئىلىملىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. تەقۋادارلىق، زاھىدلىقتا كاتتا شۆھرەت قازانغان.

② شەيخ بايەزىد — پارسلاردىن چىققان مەشھۇر سوپىست ئالىم. ئۇ مىلادى 875 - يىلى ۋاپات بولغان.

كىتى بۈيۈك ئاسمانىنى ئاجىز قىلاتتى، ھىممىتى ئالدىدا مۇقەددەس ئەرشمۇ تۆۋەن كېلىپ قالاتتى. دەۋران ئاپەتلىرىدىن پۈتكۈل ئالەمنى قاراڭغۇ زاۋالەت قاپلاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، شەيخ سەنئاننىڭ دۇئاسى بىلەن بىردەمدىلا نۇرلىنىپ، روشەن بولاتتى؛ ھەر قانداق كىشى بىر بالا-قازاغا دۇچار بولغان بولسا، ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن خالاس تاپاتتى. ئەرشتىن كەلگەن ئۇچۇرلاردەك، ۋەھيي ۋەقەلىرى ۋە ئىلھامدەك ئەقلىي چۈشەنچىلەر ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى رېئاللىقتا بىر-بىرلەپ ئايان بولاتتى.

ئەلقىسسە، شەيخ سەنئان بىر چۈشنى نەچچە كۈنگىچە تەكرار-تەكرار كۆرۈۋەردى. ئۇ چۈش شەيخنىڭ سەۋر-تاقەت بىشتىلىرىنى ئۈزەتتى. شەيخ ئويغانغان ھامان توۋا-ئىستىغپارلارنى ئېيتاتتى. لېكىن كۆزىنى يۇمسىلا يەنە ئاشۇ چۈش تەكرار ئايان بولاتتى. شەيخ سەنئان چۈشىدە رۇم شەھىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارغانمىش، ئۇ يەردە بۇتخانىنىڭ ئىچىدە بىر بىچارە مەستنى كۆرگەنمىش، ئۇ كىشى مەستلىك تۈپەيلىدىن خۇددى بۇتخانا راھىبلىرىغا ئوخشاشلا بۇتقا تىۋىنىۋاتقۇدەك.

شەيخ سەنئان بۇ چۈشنى تەكرار-تەكرار كۆرۈۋەرگەچكە، كۆڭلىدە: «ئۇ بالا-قازادىن قۇتۇلغىلى بولمىغىدەك. چۈنكى بىر كىشىنىڭ مەنزىل ۋە ئورنى مەيلى شەرەپلىك ھەرەم بولسۇن، ياكى بۇتخانا بولسۇن ئۆزىنگە قىسمەت بولغان تەقدىرنى كۆرمەي ئامالى يوق. ئەمدى رۇم ئېلىگە سەپەر قىلىشىم كېرەك. تەڭرىنىڭ تەقدىرى قاياققا بېرىشقا ئۈندىسە، شۇ تەرەپكە بېرىشىم لازىم. تەقدىر بىزنى شۇ تامانغا بېرىشقا پەرمان قىلسا، بېشىمىزغا كەلگەننى تارتماسلىققا ئىلاجىمىز يوق» دەپ ئويلىدى. شەيخ ئۆز ئەھۋالىغا چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا نەزەر سالدى. ئەمما شۇ تامانغا سەپەر قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. ئۇ ھەرەمگە كىرىپ، نالە-زار قىلغان ھالدا شەرەپلىك ھەرەمنى تاۋاپ قىلدى. ئاندىن تارام-تارام كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزغان ھالدا ھەرەم بىلەن خوشلاشتى.

شەيخ سەنئان مىڭلىغان دەرد-ئەلەم ۋە قايغۇ غەمگە پاتقان ھالدا ھەرەمنى تاۋاپ قىلىپ، ئاندىن بۇ مۇقەددەس جاي بىلەن ۋىدالاشتى-دە، رۇم ئىقلىمىغا قاراپ يول ئالدى. شەيخنىڭ ھەمسۆھبەت شاگىرتلىرى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقتى. تەرىقەت پېشىۋاسى يولنى داۋام ئەتمەكتە، تۆت يۈز نەپەر تەرىقەت ئەھلى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يۈرمەكتە ئىدى. يول بويى شەيخنىڭ كۆڭلىگە ئۇنى نابۇت قىلغۇدەك دەرىجىدىكى ھاياجان ۋە سەۋدالار يېپىشقانىدى. ئۇ ھەر بىر قەدەمدە ھالاكەتلىك خىياللار بىلەن بەند ئىدى، بەلكى بالا-قازا قايىنىمىغا غەرق بولغانىدى. ھەمراھلىرى شەيخنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنىڭ سەۋرى-تاقەت ۋە ئەقىل-ھوشتىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىماللىنى پەملىدى. شەيخنىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورايتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئاجايىب-غارايىب ھالەتلىرىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدى، سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالماي، شەيختىن ئارتۇقراق ساراسىمىگە چۈشكەنىدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئاخىر مەقسەت قىلغان جايغا، يەنى رۇم ئېلىگە يېتىپ كەلدى. شەيخنىڭ كۆڭلىنى هاياجان، بەلكى شىددەتلىك توپىلاڭ چىرمىۋالدى.

شەيخ هەر نەپەستە بىر جاينى كېزىپ كېتىۋاتاتتى. توساتتىن ئاجايىب بىر بۇتخانا كۆرۈندى. ئۇنىڭ گۈمبىزى ئاسمان گۈمبىزى بىلەن جۈپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ گۈمبىزىدە ئاجايىپ كۆپ مەخپىي سىرلار يوشۇرۇنغانىدى. بۇ بىنانىڭ تاشلىرى غەم ۋە مۇشەققەت تاغلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن، خىشلىرى دەرد ۋە بالا تۇپراقلىرىدىنىڭ لېيىدىن ياسالغانىدى. بۇخىشلارنى كاهىشكارلار يۈزخىل مۇرەككەپ هۈنەرلەر بىلەن هەر خىل بوياقلارنى بېرىپ، تۈرلۈك-تۈرلۈك نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەپ پىشۇرغانىدى. بۇ بىنانىڭ بالىخانىلىرىدىن پىتنە-پاساتلار قاراپ تۇراتتى. ئۇلار چارە-تەدبىر ئەهلىنى بىچارە قىلماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ هەر بىر تۈڭلۈكىدىن ئىشىق كۆزلىرىنىڭ نۇرىدەك يورۇقلۇقلار نامايان ئىدى. بۇ تۈڭلۈكلەردە بالا-قازالار ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ بىنانىڭ كۈنگۈرىلىرىدىن ئىمانلارغىمۇ دەز يېتەتتى، بۇ كۈنگۈرىلەرنىنىڭ هەر بىرى ئىشىق ئادىتى بويىچە ياسالغانىدى. هەر بىر كۈنگۈرىگە تىرەلگەن تاشلار ئەمەلىيەتتە ئىشىق تىغى بىلەن كېسىلگەن باشلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنى ئىسلام ئەهلىنىڭ باشلىرىنى ئۇچۇرۇش ئۈچۈن، ياق، بەلكى پۈتكۈل ئالەم ئەهلىنى تاش بوران قىلىش ئۈچۈن تەييار قىلىنغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ دەرۋازىسى پىتنە-پاسات كۆرۈنۈشىنىڭ ئۆتىدىغان يولى ئىدى. بۇ دەرۋازىنىڭ هالقىسى هىيلە-نەيرەڭدىن، زەنجىرى سارالىڭلىق، سەۋدايىلىقتىن پۈتكەنىدى.

ئۇ بۇتخانا ئىچىدە ئىشىق ئوتىدىن هاسىل بولغان يۈز ئوتخانا بار ئىدى. ئۇنىڭ هەر بىرى ئەتراپىدا يۈز تۈمەنلىگەن سەۋدايى مەجنۇنلار ئورۇنلاشقانىدى. بۇتخانىنىنىڭ ئۈستى ئوتخانىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى بىلەن خۇددى كۆپۈرلۈق زۇلمىتىدەك قارىيىپ كەتكەنىدى. بۇ كونا ئالەم توختىماي سەيلە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق بۇتخانىنى هېچ يەردە كۆرۈپ باقمىغانىدى.

شەيخ بۇ يەرگە كېلىپ، بۇتخانىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىسمىدىن دەرمانى كەتتى. كۆڭلى بىتاقەت بولۇپ، ئىزتىراپقا چۈشتى. زەئىپلىك، دىشۋارچىلىق ئۇنىڭغا بارغانسېرى غالىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە هەر نەپەستە ئۆزگىچە بىر ئالەم نامايان بولاتتى. شەيخ شۇ قەدەر پاراكەندە هالەتتە هەر تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى، كۆزى ئىختىيارسىز هالدا بىر جايغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئاجايىپ مەنزىرە جىلۋىگەر بولدى. ئۇ جايغا پەردە تۇتۇلغانىدى. ئۇ پەردە بىر قۇياش سۈپەت گۈزەلگە ئۈپۈق پەردىسى بولغانىدى. شۇ چاغدا توساتتىن شامال چىقىپ، پەردە بىر ياققا قايرىلدى. ئۇ قۇياشنىڭ نۇرلىرى هەر تەرەپلەرگە چېچىلدى. ياق، ئۇ قۇياش ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇنىڭ هۆسنى شاهىنىڭ ئەتراپىدا يۈزلىنگەن قۇياشلار پەرۋانە، ياق، بەلكى دىۋانە ئىدى. ئۇنىڭ سىياقى بەئەينى روهنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭدىن روهقا هەر نەپەستە ئۆزگىچە

هالەتلەر يۈزلىنەتتى. ئۇ ھۆر سۆپەتلىك
پەرىزات، بەلكى گۈل يۈزلۈك سەرۋى ئازاد-
نىڭ ئاجايىپ قىياپىتى روھلارنى سەر-
گەردان، جانلارنى ھەيران قىلاتتى. ھۆر-
پەرىلەر ئۇنىڭ گۈزەل سۈرىتى ئالدىدا ئۆزد-
نى يوشۇرغان، ئۇنىڭ جامالى ئالدىدا شەرق
قۇياشىمۇ خىجىلچىلىقتا قالغانىدى. يۈزى
قۇياش كەبى نۇر چاچسا، چاچلىرى كېچە
زۇلمەتلىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ زۇل-
مەت بىلەن نۇر ئۆزىگە كىرىشىرلۈق بىلەن
مۇسۇلمانلىقنى مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى.
ئۇنىڭ يۈزلىرى ئۈستىدىكى چاچلىرى
ئىپاردەك چېچىلىپ تۇراتتى، ئۇ چاچلار
ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يېپىپ، زۇلمەت ئىچىگە
نۇرنى يوشۇرغانىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى
نۇر ئەھلىنىڭ زۇلمەتلىك دۇنياسى ئىدى.
سەۋدايىلارنىڭ بۈيۈك مەنزىلى ئىدى. قاش-
لىرى كىشىلەر ئۈچۈن يېڭى ئاي ئىدى.
سەۋدايىلار بۇنداق يېڭى ئايدىن ھەيران
ئىدى. قاشلىرى گۈمبىزىنىڭ ئاستىدىكى
كۆزلىرى خۇددى بۇتخانا گۈمبىزى ئاستىدا
ئولتۇرغان ئۆزىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ
كۆزى ئەتراپىدىكى كىرپىكلىرى خۇددى
پىتنە-پاسات قوشۇنىنىڭ سەپ تىزغىنىدەك
ئىدى. كۆزلىرى ئاستىدىكى مېڭى «بالا»
خېتىنىڭ ئاستىدىكى چېكىتتەك كۆرۈنەتتى.
بۇ مەڭ «بالا» ئاستىدىكى ۋە «يۈز» ئۈس-
تىدىكى چېكىتتىن يۈزلىگەن مىسالارنى
كەلتۈرەتتى. ئېغىزلىرى غايىب سىرلاردىن
بېشارەت بېرەتتى. ئەمما ئۇ ئېغىزنىڭ
ئۆزى غايىبلاردەك يوشۇرۇن ئىدى. ياقۇت
لەۋلىرى جانلار جاراھەتلىرىنىڭ مەلھىمى
ئىدى. سۆزلىرىدە بولسا ئەيسا ئەلەيھىسسالام-
نىڭ جان بەخش ئەتكۈچى نەپەسلىرى
بار ئىدى. ئۇ ياقۇت لەۋلەر سۆيۈنۈش ۋە
شادلىقلارنىڭ دەسمايىسى ئىدى. تىنىقلى-
رى، خەستە جانلارنىڭ ئوزۇقى ئىدى. زى-
ناقلىرىدا يۈز مىڭلاپ جان ئەسىر ئىدى.
بۇ قىزدۇق ئىچىدە بەئەينى يۈز مىڭلاپ
كەنئان يۈسۈپى مەھبۇس بولغانىدى. ئۇ
قۇدۇق ئىچىدىن كىشىلەرنى چىقىرىۋېلىش
ئۈچۈن چاچلىرىنى سىرتماق قىلىپ سال-
سىمۇ، لېكىن بۇ چاچلار كىشىلەرنى ئازاد
قىلماقتا يوق، بەلكى تېخىمۇ مەھكەمرەك
باغلاپ، تۇتقۇن قىلاتتى. ئۇ زىناقلارنىڭ
ئاستىدىكى «نۇن» كەبى ئەگىم ياڭاقلىرى
خۇددى ئابىھايات ئۈستىدە ھاسىل بول-
غان كۆپۈكچىگە ئوخشايتتى. لېكىن ئۇ
كۆپۈكچىنىڭ بېشى تۆۋەنگە قاراپ تۇرات-
تى. ئۇنىڭ ياش كۆچەتتەك قامىتى گويا
جان كەبى يېقىملىق ئىدى. يۇرۇشلىرى
خۇددى ھاياتلىق سۈيىنىڭ ئېقىشلىرىدەك
سىيلىق ئىدى. كۆزلىرى بىلەن لەۋلىرى
ئاجايىب ھۈنەرلەرنى نامايان قىلاتتى،
كۆزلىرى جاننى ئالاتتى، لەۋلىرى ھايات
بەخش ئېتەتتى. بىرى ئۆلتۈرسە، يەنە
بىرى تىرىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ جىسمى گۈل
رەڭلىك، كۆڭلەكلىرىمۇ گۈل رەڭلىك
ئىدى. بۇ خۇددى گۈل ئۈستىگە گۈل
بولغانىدى. ئۇنى كۆرۈپ يۈز مىڭلىغان
كۆڭۈلمەر بىتاقەت بولاتتى. كۆڭلىكىنىڭ
ئۈستىگە خىلمۇ خىل لىباسلارنى كىيگەن،
ئۇ لىباسلارنى زىننەتلەش ئۈچۈن پۈت-
كۈل رۇم ۋە پەرەڭ ئەھلى جانلىرىنى پىدا
قىلغانىدى. ئۇ لىباسلارنىڭ رەڭگى-
قانچىكى قاتىل بولسا، ئۇنىڭ ئەتىرلىرىنىڭ
خۇش پۇراقلىرىدىن يەنە يۈزلىگەن جانلار-
ھاسىل بولاتتى. ئۇنىڭ كاپىر سۈپەت كۆز-
لىرىنىڭ ھەدەم. مۇددىئاسى دىن ئەھلىنى
قىرغىن قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. كىمكى ئۇ

گۈزەللىكنىڭ چاچ ۋە زۇننارلىرىنى خىيال قىلسا، ئۆزىنىڭ دىن ۋە ئىمانىنى يەرگە ئۇراتتى. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنىڭ شو-لىسى دەۋرانىغا ئوت سالسا، چوغدەك لەۋلىرى جانغا ئوت سالاتتى. ئاقىل ۋە ھوشيار كىشىلەر ئۇنىڭ ئىشق ئوتخانى-سىنى تاپقاندىن كېيىن، تەقۋادارلىقلىرىنى ئاشۇ ئوتتا كۆيدۈرۈپ، زاھىدلىقىنى تاشلىغاندى.

دېمەك، ئۇ قەسىر ئىچىدىكى نىسارا قىزى، ياق، بەلكى قۇياش قەسرى ئىچى-دىكى ئەيسا قىزى ئەنە شۇنداق سۆلەت - سالاپەت بىلەن نامايان بولدى. شەيخنىڭ كۆڭلىدە ئەنە شۇنداق چاقماق چېقىلدى، ئۇنىڭ جېنى ئوت دەرياسىغا غەرق بولدى. شەيخ تەكرار - تەكرار ئىستىغپار ئوقۇپ، بۇ شىددەتلەردىن ئۆزىنى ئاسرىماقچى بولات-تى. تەڭرىدىن پاناھلىق تىلەپ «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە» ئايىتىنى ئوقۇيتتى، لېكىن شۇ شوخ گۈزەل رۇخسارىنىڭ نۇرلىرىنى نامايان قىلىش بىلەنلا، بۇ شوللار شەيخ-نىڭ تۇۋا - ئىستىغپارلىرىنى ۋە ئوقۇۋات-قان ئايەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. شەيخنىڭ تېنى شۇ ھامان يەرگە ئاغدۇرۇ-لۇپ چۈشكەن بولاتتى، لېكىن قولىدىكى ھاسىسى ئۇنىڭ بەدەن ئۆيىگە بىردەم تۈۋرۈك بولدى. شەيخ بۇتخانىنىڭ تېمىغا ئارقىچىلاپ يۆلىنىپ قالدى. ئۇ كۆز ئال-دىدىكى بۇ غارايىباتقا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، قېتىپ قالغانىدى. بىر پەستىن كېيىن شەيخنىڭ جىسمى ۋە ھاسىسىغىمۇ شىكەستە يەتتى، شەيخ يەرگە يىقىلدى. ئىشق ئۇنىڭ پاك جېنىغا كىردى ۋە قانغا ئوخشاش شەيخنىڭ يەتتە ئەزاسىغا قاراپ ئاقتى. شەيخ سەنئان گاھ بىھوش بولاتتى، گاھ ھوشىغا كېلەتتى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئامالسىز قالدى. ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن بىر - بىرىگە قاراپ، ئۆز ئالىقانلىرىنى مۇشتلايتتى. باشلىرىنى تۆۋەن سالغىنىچە غەم - ئەندىشە قىلاتتى. شەيخنىڭ ئەھۋالى تاكى ئاخشامغا قەدەر ئەنە شۇنداق ئەجەبلىنەرلىك ھالەتتە ئىدى. بەلكى شەيخنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز ئەھۋالىدىن ھەيران ۋە سەرگەردان ئىدى.

گوياكى بۇتخانا ئىچىنى كۆپكۆك كېچىسى قاپلىغاندەك، تۈن قاراڭغۇلۇقى كۈن يۈزىنى قارا قىلدى. شەيخنىڭ بېشىغا ئەنە شۇ تۈن كەبى قارا كۈنلەر چۈشكەن، بەختى ۋە روزىگارىمۇ قارا بولغانىدى. ئۇنىڭغا تەۋە كىشىلەرگىمۇ قارا مۇسىبەت چۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئاتەشپەرەسلەر بۇتخانىسى-نىڭ تۇپرىقىدا، ياق، تۇپراق ئەمەس، بەلكى بالا - قازا تېگىدە قالدى. شەيخ شۇنداق كۈنلەرگە دۇچار بولدىكى، بۇنداق قاراڭغۇ تۈننى ھېچقانداق ئادەمزات كۆ-رۈپ باقمىغانىدى.

تۈن كۆك يۈزىگە بەختسىزلىكنىڭ قارا پەردىلىرىنى يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇلتۇز مىخلىرىنى قاقتى. پەلەك كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇش ئۈچۈن ئىسرىق سال-دى. ئۇنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى پۈتكۈل ئەتراپنى قارايتىۋەتتى. ئاسمان ھەرىكەت-لىنىشتىن توختاپ، ئۆز ئورنىدا خۇددى تاغ كەبى تەۋرەنمەستىن تۇرۇپ قالدى. پەلەك دەردمەنلەرگە زۇلۇم سېلىپ، تاغ - تاغ قايغۇلارنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى. جاھاننى ئاشۇ تاغلار ئارىسىغا يوشۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يۈز تۈمەنلىك تاشلارنى

ياغدۇراتتى. ئاسمان كۆزلەرىدىن يۇلتۇز
ياشلىرىنى تۆكۈپ، شەيخنىڭ ئەھۋالىغا
ماتەم ئىزھار قىلماقتا ئىدى. بۇ ماتەم
سارىيى پۈتكۈل جاھان ئەھلىگە ئۇنىڭ
ماتەمى تۈپەيلى قارا كىيگۈزدى.

ئۇ ئاجىز، زەئىپ، بىچارە شەيخنىڭ
بېشىغا چۈشمىگەن كۈنلەر چۈشكەنىدى.
ئۇ زالىم ئىشقىنىڭ كۈلپىتىدىن زار ۋە
ھالسىزلىنىپ، بۇتخانا تۈپرىقىدا خارلانغان
ھالدا ياتاتتى. ئىشق ئۇنىڭ جىسمى ۋە
جېنىغا ئوت سالغان، كۇپۇرلۇق ۋە ئىمان-
لىرىنى بىراقلا كۆيدۈرۈپ تاشلىغانىدى.
ئۇ كۆز ياشلىرىنىڭ كەلكۈنى ئىچىدە
ياتاتتى. ئېكىن ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ
قاقشال بولغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلب
ئوتلىرىنىڭ يالقۇنلىرى ئاغزىدىن باشلى-
رىنى سوزۇپ چىقىپ تۇراتتى. ئىشق
ئۇنىڭ تىرىكچىلىكىنى قارا قىلغان بولسا،
تۈن ئۇنىڭ بار-يوقىنى قارا قىلغانىدى.

يۈز تۈرلۈك بالا-قازا! ئۇ بىچارە
شەيخكە قىسمەت بولدى. ئۇ غېرىب ئۆزى-
نىڭ ھالىغا يىغلاپ، مۇنداق دەپ نالە
قىلدى:

— قايغۇ مۇسىبىتىم بارغانسېرى ئاش-
ماقتا، ئەي پەلەك، ماڭا نېمىلەرنى قىلى-
ۋاتىسەن!؟ مېنى خاتىرجەملىكتىن ئىشق
تەرەپكە باشلىدىڭ، يۈزلەرچە يانار ئوت
ئىچىگە ئاپىرىپ تاشلىدىڭ! كۆزۈمگە
ئاۋۋال نۇرلۇق قۇياشنى كۆرسىتىپ قو-
يۇپ، ئاندىن ئۇنى يوشۇردۇڭ-دە، مېنى غەم
كېچىسىگە تۇتقۇن قىلدىڭ. غەم كېچىسى
ئەمەس، بەلكى ئاسمان بوشلۇقىدىكى پۈت-
كۈل مەۋجۇداتنىڭ يۈزلىرىنى قارا قىلدىڭ!
پۈتكۈل ئالەمنى غەم دوزىخىنىڭ تۈتەك-
لىرى قاپلاپ كەتتى. دوزاخنىڭ ئوچقۇن-
لىرىنى كۆڭلۈمنىڭ ئوتلىرى بىلەن يال-
قۇنجاتتىڭ. ئاللا-ئاللا، بۇ قانداق كېچە-
ھە؟! ئەي تەڭرىم، مۇنداق مۇشەققەتلەر
بولۇپ باققانمۇ؟! مەن تالاي كۈلپەتلىك
كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەنىدىم، ئېكىن بۇنداق
ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلى-
كىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇ تۈن ئەمەس،
بەلكى دوزاخ ئوتىنىڭ تۈتۈنى، ياكى
پەلەكنىڭ قارا تۈتەكلىرى بىلەن تولغان
دەردلىك ئاھى. ئەي خۇدا، بۇنداق تۈن
زادى مەۋجۇت بولمىسۇن، ھېچ ئادەم بۇن-
داق تۈنگە گىرىپتار بولمىسۇن. بىلمەيمەن،
ماڭا چۈشكەن بۇ بالا-قازالارنى كۈن
بالاسى دەيمۇ ياكى تۈن بالاسى دەيمۇ؟!
ئىشق تۈپەيلىدىن جىسمىم، بەدەن ئەزا-
لىرىم، سەزگۈلىرىم ۋە ئەقىل-ھوشۇمنىڭ
ھەممىسى يوقالدى، ئۇلاردىن ئىشق كۈل-
پەتلىرىدە نابۇت بولمىغان بىرەرسىمۇ
قالمىدى. تېنىمدە ئۇنىڭ يولىدا كۆز يې-
شىچىلىك ماڭغۇدەكمۇ ماغدۇر يوق. بېشىم-
نى غەم تاشلىرىغا ئۇرۇپ سۇندۇرغۇدەكمۇ
ماجالىم يوق. مەندە ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ جاما-
لىغا نەزەر سالغۇدەك، ئۇ قۇياش نۇرلىرى-
دىن نۇر ئالالىغۇدەك كۆز قېنى؟ مەندە قول
پادىشاھقا تەزىم قىلغاندەك ئۇ دەرگاھقا
سۈرتىدىغان يۈز قېنى؟! كۆكسۈمگە تاش-
لار بىلەن ئۇرۇپ، بېشىمغا تۈپراقلارنى
چاچىدىغانغا قوللىرىم قېنى؟! ئۆزۈمنى
تۇتۇۋېلىشىمغا، ئەقلىمدىن ئېزىپ قالماس-
لىقىمغا ياردەم قىلغۇدەك ھوش قېنى؟!
ئىشلىرىمغا تەدبىر قىلىپ، بۇزۇلغان كۆڭ-
لۈمنى ياسايدىغان ئەقلىم قېنى؟! دەر-
دىمگە چارە قىلغۇدەك، يۈرىكىم يارىسىغا
دەۋا قىلالىغۇدەك سەۋرى-تاقىتىم قېنى؟!
ھالىمغا غەم يېگۈدەك مەندە. كۆڭۈل

قىنى؟! هازىر كۆڭلۈم خۇددى ئۆلۈكنىڭ
ساندا بولۇپ قالدى. مەندە بىر تىنىق
تىنغۇدەك جان قىنى؟! ئۇمۇ خۇددى
كۆڭۈلگە ئوخشاش غايىب بولدى. ماڭا بۇ
يول نېمە دېگەن بالا - قازالىق يول بول-
غان - هە! هەر قانچە دىشۋارچىلىق بولغان-
دىمۇ بۇنىڭدىن ئۆتە بولماس. هەي ئىسىت،
تىرىك بولمىغان بولسام، هاياتىمدا بۇنداق
دىشۋاچىلىقلارنى تارتماس ئىدىم. بىر خە-
تەر چاقمىقى چېقىلىپ، ۋۇجۇدۇم قومۇش-
زارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان بولسا نېمە
دېگەن ياخشى بولاتتى - هە؟! ئەي دوست-
لار، ماڭا ياردەم قىلساڭلارچۇ، هەممەڭلار
بىر بولۇپ، مەن ناتىۋاننى ئۆلتۈرۈپلا
ئاتساڭلارچۇ؟! شۇنداق قىلساڭلار، جاهان
مېنىڭ سەتچىلىكىمدىن قۇتۇلغان، جاهان
ئەهلىمۇ، نالە - پىغانىمدىن قۇتۇلغان بولاتتى.
ئەي هەمراهلىرىم، ئەي دوستلىرىم، جېنىمغا
ئۆلۈم تېغىنى ئۇرۇڭلار. جىسمىمنى كۆيدۈ-
رۈپ، كۈلۈمنى تەرەپ - تەرەپلەرگە سورۇڭ-
لار! بۇ ئالەمدە بۇقەدەر رەسۋالىشىپ تۇرۇۋەر-
مەي، هەر نەپەستە يۈز قېتىملاپ ئۆلگە-
نىمدىن كۆرە، بىراقلا ئۆلۈپ تۈگىشەي.

هەمراهلىرى شەيخنىڭ هالىغا هەي-
ران بولۇپ يىغا - زارە قىلىشتى. شەيخ-
نىڭ دەرد - ئەلەملىرى ئۈچۈن هەممىسى
قان يىغلاشتى. ئۇلار شەيخنىڭ ئەتراپىغا
ئولىشىپ، ئۇنىڭغا هەر بىرى بىر تۈرلۈك-
تىن مەسلىهەت كۆرسىتىپ، نەسىهەت قى-
لىشتى. ئەمما شەيخ ئۇلارنىڭ پەند - نە-
سىهەتلىرىنى زادىلا ئاڭلىمىدى. سۆز-
لىرىنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمىدى. ئۇلار
شەيخكە ئەقىل مىزانى بىلەن خىتاب
قىلسا، شەيخ ئۇلارغا ئىشق يۇسۇنى
بويىچە جاۋاب قايتۇراتتى.

— ئەي دىن ئەربابلىرىنىڭ پىرى-
ئۇستازى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى نەسىهە-
تىنى باشلاپ، — سېنىڭ ماڭغان ئىزلىرىڭ
تەقۋادارلارنىڭ كۆزلىرىگە سۈرمە بولغۇ-
سىدۇر. كىشىلىك هايات يولىدا بۇنداق
ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنى تۇتۇ-
ۋالغان كىشىلەرلا ئۇنىڭدىن خالاس
بولىدۇ.

شەيخ جاۋاب بېرىپ:

— ئەي پەرزەنتىم، مەن ئاللىقاچان
ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئۆزۈمنى تۇتۇ-
ۋالىدىغانىغا مېنىڭ ئۆزلۈكۈم قېنى؟! —
دېدى.

يەنە بىرەيلەن:

— ئەي تەرىقەت ئەهلىنىڭ پېشىۋاسى،
سېنىڭ قىلغىنىڭ بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر.
كىشى بۇنىڭدىن تەۋبىنى ياد ئېتىش،
زىكىر قىلىش ئارقىلىق قۇتۇلالايدۇ، —
دېدى.

شەيخ جاۋاب بېرىپ:

— بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈل خاتىرجەم
بولۇشى شەرت، مېنىڭ ئەهۋالىم مۇشۇن-
داق پەرىشان تۇرسا، بۇنداق قىلىشنىڭ
نېمە خاسىيىتى بولسۇن؟! — دېدى.

يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

— بۇ بالا - قازانى يوق قىلىش
ئۈچۈن، ناماز ئۆتەشلىرى كېرەك.

— ماڭا بۇ نەقتە گەپ قىلما، —
دېدى شەيخ، — مەن بىر تەلۋە، تەلۋىگە
هېچكىم ئەقىل ئۆگىتىپ ئولتۇرمايدۇ.

— قوپىقىن، تەرەت ئېلىپ، ئەلنى
تائەت - ئىبادەت يولىغا باشلا، — دېدى يە-
نە بىرى.

شەيخ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— تىلەرەتكە كۆز ياشلىرىمدىن ئۆزگە

سۈيۈم يوق. كۆزلىرىنىڭ سۈيىمۇ جىگەر
قانلىرىم بىلەن ئارىلىشىپ كېلىدۇ.

يەنە بىرى مۇنداق خىتاب قىلدى:

— غۇسلى تەرەت قىلىش ئارقىلىق كۆڭلۈڭنى پاكىزلاپ، ئۇنىڭدىن غەم-غۇسسىنى تازىلىغىن، ئەنە شۇ ئەڭ توغرا يول.

— مەن يوقلۇق دەرياسىغا غەرق بولغان كىشىمەن. مېنىڭدىن يەنە نېمە ئىستەيسىلەر؟ — دېدى شەيخ.

— سەن ئۆز تەسۋىيىڭنى قولۇڭغا ئال، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — شۇ ئارقىلىق بۇ چېچىلاڭغۇ ھالەتتىن يىراقلاشقىن.

شەيخ جاۋاب بېرىپ:

— تەسۋىيىمنىڭ يىپى ئۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا زۇننار يىپىنى باغلىدىم، — دېدى.

يەنە بىرى نەسىھەت قىلىپ:

— سەن مىسۋاكقا① ئىلتىجا قىلغىن. ئۇنى ئاغزىڭغا سېلىپ، سۈننەتنى بەجا كەلتۈر، — دېدى.

— ئەگەر مىسۋاكقا ھەۋەس قىلىدىغان بولسام، ئاغزىمدىكى ئاجىزلىق ۋە ھەيرانلىق بارماقلىرىنىڭ ئۆزى كۇپايە، — دېدى شەيخ.

— سەندىن بىرەر خاتالىق سادىر بولغان بولسا، ئۆزرە ئېيتىپ، يەر سۆيۈپ سەجدە قىلغىن، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

شەيخ كۆزلىرىدىن قان-ياشلىرىنى ئاققۇزغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— مەن بەرىبىر بۇ ئىشىكتىن بېشىمنى كۆتۈرمەيمەن.

— رۇمغىمۇ سەپەر قىلىپ بولدۇق، — دېدى يەنە بىرى، — ئەمدى قايتىپ، كەبىگە ئورۇنلاشقىنىمىز ياخشى.

شەيخ:

— ئۆيەردە ئىزدىگەنلىرىمنى بۇ يەردە تاپتىم. يەنە ئۇ تەرەپكە قايتىمەن دەپ نېمىشقا ئاۋارە بولغۇدەكمەن؟! — دېدى.

يەنە بىرەيلەن:

— ئەمدى سەھرا تەرەپكە يۈزلىنىپ، مەككىگە يول ئالىدىغان ۋاقتىمىز يەتتى، — دېدى.

— مەن كەبىنى بۇ يەردە تاپتىم، — دېدى شەيخ، — رۇم تۇرغان يەردە مەككىنى نېمە قىلىمەن؟!

— چۈنكى ھازىر سەپىرىمىز تامام بولدى. ئەمدى ۋەتەنگە قايتقىنىمىز ياخشى، — دېدى يەنە بىرى سۆز ئېلىپ.

شەيخ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— كەرەملىك تەگرىم ماڭا مۇشۇ بۇتخانىنى ۋەتەن قىلغان ئوخشايدۇ.

— باشقا شەيخلەر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپسا، بىزگە قاتتىق ئاچچىقلايدۇ، تاپا-مالامەت قىلىدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— مېنىڭ ئۇلار بىلەن چاتىقىم يوق، — دېدى شەيخ، — چۈنكى مېنىڭ ئىستەيدىغان كىشىم خارابات ئىچىدە.

يەنە بىرى:

— سېنىڭ ئىلگىرىكى زوق-شوق بىلەن تائەت-ئىبادەت قىلغانلىرىڭ قېنى؟ زاھىدلىق، تەقۋادارلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن پاكىز چاغلىرىڭ قېنى؟! — دېدى.

— بۇتخانىدىكى مۇشۇ ھالىتىم ئۈچۈن، ئاشۇ پاكىز ۋاقىتلىرىمدىن يۈزى بولغان تەقدىرىمۇ سەدىقە قىلىۋېتىمەن، — دېدى شەيخ.

① مىسۋاك — تەرەت ئالغاندا، چىشنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان.

ئۇ كېچىسى شەيخنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۈچۈن يۈزلەرچە كۆيۈپ-پىشىپ، پايپېتەك بولۇشتى. شەيخكە تاپا-تەنىلەرنى قىلدى. لېكىن شەيخ قىلچە پەرۋا قىلمىدى. پەند-نەسىھەتمۇ قىلىشتى، ئەمما قىلچە تەسىر قىلمىدى.

تاڭ ئاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇتخانا ئەھلى چوقان كۆتۈرۈشۈپ دىن ئەھلىنىڭ بۇ خىل ھالەتلىرىنى تاماشا قىلدى. بۇ ئەھۋال تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ رەسىم-قائىدىلىرىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى. شۇ ئارقىلىق ئۆز دىنلىرىنىڭ تەرىققەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ماختىنىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ يولدىن ئازغان خىياللىرى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، «لات» (بۇت) نىڭ «لا» سىنى، «ئىللەللاھ» نىڭ «لا» سى بىلەن تەڭ بىلىشتى. شەيخنىڭ ھەمراھلىرى بىر ياقتىن بۇنداق بەختسىزلىككە دۇچار بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىش تۈپەيلىدىن بۇتخانا ئەھلىنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى. ئۇلار بۇتخانا ئەھلىگە ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، سۆزلەپ باقتى. لېكىن شەيخ بۇتخانا ئەھلىنى قوللاپ، ھەمراھلىرىنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. تاڭ ئاتقۇچە بۇ خىل ئەھۋال داۋاملاشتى. مۇسۇلمانلار ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ۋە قىيىنچىلىقتا قالدى.

ۋاقىتىكى، تاڭ ئاتتى. يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنى پەست قىلدى. بۇددىستلار ھەيۋەتلىك قوڭغۇراقلىرىنى چالدى. خۇددى نىسارا قىزى جامالىنى كۆرسەتكەندەك، پەلەك قۇياش نۇرلىرىنى ئاشكارىلىدى. بۇتخانا ئەھلىنىڭ شەيخ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ گىرىپتار بولغان ئىشقى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلىرى تېخىچە داۋاملاشماقتا ئىدى. ئۇلار بۇتخانا ئىچىگە يىغىلىپ، بۇتپەرەسلەرنىڭ مىللىتىگە قۇۋۋەت بەخش ئەتكۈچى بۇ ئەھۋالدىن سۆيۈنۈپ كېتىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ خىجالەتچىلىكى بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشتى، ئۇلار ئۇيات ۋە نومۇسقا چىدىيالماي، شەيخنى يالغۇز قالدۇرۇپ، تارقىلىپ كېتىشتى. شەيخ سەنئان بۇتخانىدىكى ئۇششاق باللارغىمۇ بىر مەسخىرە بولدى، باللار ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىغا مەززە قىلىپ كۈلۈشەتتى.

بۇ ياشانغان، بىچارە شەيخ ئاشىقى زار بولغان ھالدا نىسارا قىزى تەرەپكە كۆز تىكىپ، يول ئۈستىدە ياتاتتى. ئۆتكەن-كەچكەن كىشىلەر ئۇنى خارلاپ مەسخىرە قىلسىمۇ، ئىزا-ئاھانەتلەرنى قىلسىمۇ، ھەتتا بۇنىڭدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق كۈلپەتلەرنى سالسىمۇ، شەيخ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭ چەككەن مېھنەت-مۇشەققەتلىرىگە بارا-بارا شۇ يەردە بار ۋە يوق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ رەھمى كەلدى، ئازاب-كۈلپەتلىرىگە مۆمىنلەر ۋە كۇپپارلارنىڭ ھەممىسى ئىچ ئاغرىتىپ، ئېچىنىشتى. بىراق شەيخنىڭ كۆڭلىرىنى قارا قىلغان، ئۇنى دىن يولىدىن پاك-پاكىز خالاس قىلىپ، كۇپپارلار بۇتخانىسىدا رەسۋا قىلغان، ئالەمگە ئوت سالغۇچى ئۇ نىسارا قىزى ئۆزىنىڭ زار-زار بولغان ئاشىقىغا، ئەسىرگە چۈشكەن بۇ بىچارىگە پەردە ئارقىسىدىن يوشۇرۇنچە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ شەيخنىڭ پايمال بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، غەپلەتتە قالغان بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى بىلمەسلىككە سالاتتى. شەيخنىڭ ھالىغا يېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئۇ گەرچە

شەيخنىڭ دىنىغا قەست قىلغان، ھەتتا جى-
نىنىمۇ تالان - تاراج قىلـغان بولىسىمۇ،
لېكىن ئەتەي ئۆزىنى گول ۋە نادان
قىلىپ كۆرسىتىپ، گويا كى ھېچ نەرسىنى
بىلمىگەندەك ئولتۇراتتى.

ئۇ قىزنىڭ پۇرقىتى تۆپەيلىدىن
شەيخنىڭ جانلىرى ئۆرتەنمەكتە، ياق،
يەلكى ئۇنىڭ بارلىقى ۋە يوقلۇقىنىڭ ھەم-
مىسى كۆيۈپ، كۈل بولماقتا ئىدى. ئەتى-
گەندىن - كەچكىچە ئۇنىڭ باغرى چاك -
چاك بولاتتى. جۇدالىق ئازابى تۆپەيلىدىن
كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا
ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالاتتى.
ئۇنىڭ بۇ مۇشەققەت ئىچىدىكى ھەر بىر تىنىقى
بىر ئايدىن ئارتۇق تۇيۇلاتتى. شەيخ بىر ئاي
ۋاقتىنى شۇ خىل ئەھۋالدا ئۆتكۈزدى.

ۋاقتىكى، شەيخنىڭ دەرد ۋە ئازاب-
لىرى ھەددىدىن ئاشتى. غەمكىن جىسمى
تۇپراق بىلەن تەڭ بولدى. ئۇ ناز - كەرەش-
مىلىك كۇپپار قىزى ئۆزىنىڭ ھۆسن - جا-
مالى ۋە ناز - كەرەشمىلىرى بىلەن ئالەمگە
ئوت سالغان ھالدا، ئاشۇ پەردە ئارقىسى-
دىن يەنە نامايان بولدى. ئۇ خارۇ - زار
بولغان شەيختىن ھال - ئەھۋال سورىدى:

— ئەي، ئىسلام ئەھلىنىڭ رەھبىرى،
ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ پېشىۋاسى، — دېدى
ئۇ قىز پەرۋاسىز ھالدا، — سېنىڭ ھۈنىرىڭ
ۋە ئادىتىڭ كەبىنى تاۋاب قىلىشتىن ئىبا-
رەت ئىدى، قانداق بولۇپ بۇتخانا ئىشى-
كىدە ۋەتەن تۇتۇپ قالدىڭ؟ سېنى كىشى-
لەر «دىن ئەھلىنىڭ باشپاناھى» دېيىي-
شەتتى. خوش، ئۇنداق بولسا، نېمىشقا
كۇپپارلارنىڭ بۇتخانىسىغا ئەسىر بولدۇڭ؟
ھەر قانداق يولۇچى بىر جايغا چۈشسە،
بىرەر كېچە تۇرۇپلا، ئەتىسى ئۇ يەردىن
يۈرۈپ كېتىدۇ. بىراق ساڭا بۇ يەردە
تۇرۇۋاتقىلى بىر ئاي بوپتۇ. بۇتخانا
تۇپرىقىنى ئۆزۈڭگە ماكان قىلىۋاپسەن.
كۇپۇرلۇق بۇتخانىسى ساڭا ئارامگاھ
بوپتۇ. سەن بۇ زۇلمەت ئەھلىدىن نېمە
مۇددىئا ۋە مەقسەتنى ئىزدىمەكچىسەن؟

ئۇ قىزنىڭ جاھانغا زىنىنەت بەر-
گۈچى گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ
جان بەخش ئەتكۈچى سۆزلىرىنى ئاڭلاش
بىلەنلا شەيخ سەنئاننىڭ پۈتكۈل جىسمىغا
ھاياجاندىن تىترەك ئولاشتى. ئۇنىڭ جىس-
مى گاھ ئېگىلىپ، گاھ تۈزلىنەتتى. شەيخ
ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆزىدىن پۈتۈنلەي
بىخەۋەر بولدى، تېنىدە ھاياتلىقتىن
ئەسەرمۇ قالمىدى. بۇتخانىدىكىلەر ئۇنى
كۆرۈپ، ئۆلدى دەپ گۇمان قىلىشتى،
بەلكى مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆلگەنلەر بىلەن
تەڭ بولدى دەپ ھېسابلاشتى.

شەيخ شۇ ئەھۋالدا بىر كېچە - كۈن-
دۈز ئۆلۈكتەك ياتتى. ئۇ سەنەم بولسا
شەيخنىڭ بۇ ئەھۋالغا قاراپ ئەپسۇسلان-
غان ھالدا باشلىرىنى چايقىماقتا ئىدى.
باشقا كۇپپارلارمۇ شەيخنىڭ بۇ خىل
ھالىتىدىن ھەيران ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ
ھالىغا ئاشۇ قان تۆككۈچى قاتىلىنىڭمۇ
رەھمى كەلدى، ئۇنىڭ بېشىغا بارلىق
مۇسۇلمانلار ۋە كۇپپارلار يىغىلىپ، شەيخ-
نىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىشق - مۇھەببىتىگە
ئاپىرىن ئېيتىشتى. كىشىلەر شەيخنىڭ
بېشىنى تۇپراقتىن كۆتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ
تېخىچە تىرىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.
ئۇنىڭ ئىشقى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تەسىر
قىلدى، ئۇ سەنەممۇ مۇئامىلىسىنى ئۆزگەر-
تىپ، ئىشق تۆپەيلى ھالاك بولغان بۇ
شەيخنىڭ قېشىغا قەدەم قويدى. ئۇ خەستە

شەيخنىڭ دىماغلىرى مەقسەت ھىدىنى
سەزدى ـ دە، گۈل يۈزلۈك مەشۇقىگە
قاراش ئۈچۈن كۆز ئاچتى. لېكىن ئۇنىڭ
چىرايىدا رەڭ، ئاغزىدا سۆزدىن ئەسەر
يوق ئىدى. شەيخ بىر پەس ئەنە شۇنداق
گاراڭ ۋە لال بولدى. ئۇنىڭ تىلىدا سۆز
ئېيتىشقا ماجال يوق ئىدى.

ۋاقتىكى، ۋىسال زوقى شەيخنى ئۆز
ھالىغا كەلتۈردى. ئۇ جاپاكار زالىم قىز
شەيخكە يەنە مۇنداق دېدى:

— بىز شەيخنىڭ بۇ كەيپىياتىنىڭ
ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن ھال ـ ئەھۋال
سورىغاندۇق. بىراق شەيخ ھىيلە ئىشلىتىپ
ئۆزىنى بىھوش بولغان قىلىپ كۆرسىتىپ،
بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلغىلى ئۇنىمىدى.
مانا ئەمدى ئۆز ھالىغا كەلدى. بىزنىڭ
ئىلگىرى سورىغان سوئاللىرىمىزغا جاۋاب
بەرسۇن.

— ئەي كۆڭلۈمگە تۇپىلاڭ سالغۇ ـ
چى، — دېدى شەيخ ئاھ ئۇرۇپ، كۆزلىرى ـ
دىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزغان ھالدا، —
سېنىڭ سورىغانلىرىڭنى بايان قىلماي نېمە
چارەم بار، ئۇنى مەن قايسى تەكەللۇپ
بىلەن يوشۇرالايمەن؟! بۇ ئىشلارنىڭ ھەم ـ
مىسى مەخپىي سىر بولۇشتىن ئاللىقاچان
ئۆتتى. ئەمدى ئۆز باغرىمنى تىرنىغان
ھالدا، ئۇنى ساڭا بايان قىلىمەن. مەن بۇ
بۇتخانا ئىچىدە بۇ قەدەر خارۇ ـ زار بول ـ
دۇم، ئىشقىنىڭ قارمىقىغا گىرىپتار بولدۇم.
جېنىم ھەر قىسما بالا ـ قازالارغا دۇچار
بولدى. بۇنىڭغا سېنىڭ جامالىڭنى كۆرگەن ـ
لىكىم سەۋەبكار بولدى. گوياكى تۆتىنچى
ئاسماندىن تۇغقان قۇياشتەك سېنىڭ ھۆس ـ
نىڭ بۇ بۇتخانىنىڭ ئاجايىپ بىر جايىدىن
نامايان بولدى. شۇندىن بېرى مەندە

سەۋر ـ تاقەت، ئەقىل ـ ھوش دېگەنلەردىن
ئەسەرمۇ قالمىدى. ساڭا ئۆز ئەھۋالىمنى
قىسقىچە ئىزھار قىلدىم، دەردلىرىمدىن
سېنى خەۋەردار قىلدىم. ئەگەر دەردىمگە
چارە قىلاي دېسەڭ، بۇ ساڭا ئاسان.
ئەگەردە مېنى ئۆلتۈرىمەن دېسەڭ، بۇمۇ
مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھاياتتىن ئەلادۇر.
ھال ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپتىڭ، ئۆلتۈ ـ
رەمسەن ياكى رەھىم قىلامسەن، بۇنى
ئۆزۈڭ بىلگىن.

ئۇ شوخ قىز بىپەرۋا ھالدا مۇنداق
دېدى:

— ئەي ئالىي سۈپەتلىك پېشىۋا،
ئىسلام ئەھلىدە ئۇيات يوق ئىكەن. ئىسلام
ئەھلىنىڭ سەندەك بىر يولباشچىسى
مۇشۇنداق قالايمىقان سۆزلەرنى قىلسا،
سەندە نە ھايا، نە ئەدەب ـ ئەخلاقتىن
نىشان بولسۇن؟! سەن غەلىتە ئادەمكەن ـ
سەن، سۆزلىرىڭ ئۆزۈڭدىن ئۆتە غەلىتە.
ئەي پېشىۋا، كىمىكى ئىشق ئەھلى بول ـ
دىكەن ئۇ ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ھايا ـ نو ـ
مۇسىنىڭ كانى بولغان بولىدۇ. ئەي تەر ـ
ەقەتچىلەرنىڭ پىر ـ ئۇستازى، بۇنداق
بۇزۇق سۆزلەرنى ھېيقماستىن سۆزلەش
گۆدەك باللارنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيدۇ.
سېنىڭ شەيخلىق ساھەسىدە نام ـ ئاتىقىڭ
يوقمۇ؟ ھەتتا ئاشۇ ئاق ساقىلىڭدىنمۇ
ئۇياتمامسەن؟! يېشىڭ توقسان ياكى
يۈزلەرگە بېرىپتۇ. شۇ تاپتا سېنى ھەم
ياش ھەم قېرى دېسە بولغىدەك. ياشلار
ئەقىلسىزلىكتىن، قېرىلار ئالجىپ قالغانلىق ـ
تىن مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇ. سەن
ياش ئەمەس، بەلكى ئەقلىدىن ئازغان،
ھەتتا ئالجىپ قالغان بىر قېرىبىكەنسەن.
شۇنى بىلگىنكى، سەن دېگەن سۆزلەرنى

ئادەم بالىسى ئېغىزىغا ئالمايدۇ. ئەي بىكار تەلەپ، مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنىسى شەكسىز ئايانكى، بۇ سۆزلەردە سېنىڭ تىلىڭ بىلەن دىلىڭ بىر ئەمەس. ھەقىقىي سىرداشلار ئۆز ئىشقىنى مەخپىي تۇتىدۇ. ئۇنى پاش قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئىشقىنى خۇسۇسەن مەشۇق ئالدىدا مۇشۇنداق بايان قىلىش، بۇقەدەر يەڭگىلتەكلىك ۋە بىھايالىق قىلىش بولامدۇ؟ ئىشق دەردىگە مۇپتىلا بولغانلارنىڭ ئىش ۋە ئادىتى شۇنداق بولامدۇ؟ زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىق يولىنى تۇتقۇچىلارنىڭ چىدام ۋە سەۋر-تاقىتى شۇنچىلىك بولامدۇ؟!

ئۇ گۈزەل چېھرىلىك مەھۋەش شۇنداق سۆزلەرنى ئېيتقىنىدا، شەيخ ئۇياتتىن ئۆزىنى يوقاتتى.

— ئەي ئىنسان سۈپەتلىك ھۆر، — دېدى شەيخ ئىنتايىن خىجالەت بولغان ھالدا، — ئىشق مېنى شۇ قەدەر خارۇ-زار قىلدىكى، ئەقلىمنى يوقىتىپ، بىر ساراڭغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھېچ كىشى ساراڭدىن ئەقىل ۋە ھوش تىلىمەيدۇ، سەۋدايىلىق بىلەن ئەپسانە بولغانلاردىن ھېچكىم ئەدەب-ھايانى كۆزلىمەيدۇ. سەۋدايىلىقىم تۈپەيلىدىن ھېيىقماي سۆزلەپ قويغان بولسام، مېنى كەچۈرگىن. چۈنكى مەن خۇدۇمنى بىلمەيمەن. ئەمما مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. سەن قانچە ئېتىراز بىلدۈرسەڭ مەن رازى. بىراق، ئەي نىگارىم، مېنىڭ بۇ كۆيۈپ-ئۆرتىنىشلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىمدىن ئەمەس. تەنلىرىم قاقىغىر قاقشىماقتا، كۆڭلۈم كۆيۈپ ئۆرتەنمەكتە. شۇڭا سەن ھالىمنى سورىغاندا! ئىچىمدە بارنىڭ ھەممىسىنى دېدىم. مەن بۇنى ھەر-قانچە يوشۇرسامۇ، سۆزلىسەمۇ، بەرىبىر ئوخشاش. مەندەك بىچارە زار ئاشىق قانداقمۇ «ئاشىق ئەمەسمەن، يار ۋەسلىنى ئىستىمەيمەن» دەپ ئېيتالايمەن؟

شەيخ شۇنداق قىلىپ، دېگەن سۆز-لىرىدىن يانمىدى. مەشۇقىدىن يالۋۇرۇپ ئۆزرە سوراشقىمۇ ئۆتمىدى.

— ئەي تۇغما نادان، — دېدى ئۇ ئىتائەتسىز شوخ قىز، — ئۇنداقتا پېشانەڭگە پۈتۈلگىنىنى كۆرگىن. ئەگەر مېنىڭ ۋەسلىمگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولساڭ، مۇنداق تۆت ئىشنى قىلىشىڭ كېرەك: بىرى، مەي ئىچىسەن، ئىككىنچىسى زۇننار ① باغلايسەن، ئۈچىنچىسى «قۇرئان» نى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىسەن، تۆتىنچىسى، بۇتقا سەجدە قىلىپ، بۇتپەرەس بولىسەن. بۇ تۆت ئىش ئىشقىنىڭ شۇكرانىسىدۇر. يەنە ئىككى ئىش بار، بۇ ئىككى ئىش بولسا ئىشقىنىڭ جەرىمانىسىدۇر. يۇقىرىقى تۆتى چوڭ يوقىلىش بولسا، بۇ ئىككىسى ئۇنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرى: توڭغۇز (چوشقا) باقىسەن، يەنە بىرى ئاتەشپەرەسلەر ئوتخانىسىدا ئوت قالىغۇچى بولىسەن. ئەي شەيخ، ئەگەر سەن بۇ بۇتخانىدا ماڭا ھەقىقەتەن ئاشىق بولغان بولساڭ، ئىشق دەۋالىرىڭغا راستتىنلا سادىق بولساڭ، سەن بەجا كەلتۈرىدىغان شۇكرانە ۋە جەرىمانىلەر مۇشۇلاردىن ئىبارەت. جاھاندا بۇنىڭدىن ئارتۇق بالا-قازامۇ بارمۇ؟! ئەگەر مېنىڭ ۋىسالىمغا يېتىشنى تىلىسەڭ، سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇشۇمنى خالىساڭ، بۇ دېگەنلەرنى

① زۇننار — خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ بېلىگە باغلايدىغان چۇۋۇر، بەلباغ؛ خىرىستىئانلىق بەلگىسى.

لىرىمنى قوبۇل قىلىپ، ۋىسال يولىغا كىرىشىڭ كېرەك. ئەگەر بۇ ئىشلارغا مەشغۇل بولمايدىغان بولساڭ، كۆڭلۈمنى كەچ قىلماستىن يولۇڭغا مېڭىۋال.

— ئەي خەستە جېنىمنىڭ ئاپىتى، — دېدى شەيخ ئۇ شوخ قىزغا خىتاب قىلىپ، — ئىشقىڭنىڭ شىددىتى كۆڭلۈمنى، زوق-شوقلىرىڭنىڭ شولىسى ۋۇجۇدۇمنى، پۇرقىتىڭنىڭ چاقماقلىرى بار-يوقۇمنى ئۆرتىدى. مېنى غېرىب قىلدىڭ، ئاشىق قىلدىڭ، سەۋدايى قىلدىڭ، ئەقىل-ئىدراكتىن، سەۋر-تاقەتتىن ئايرىدىڭ. ئەمدى سەندەك پەرى يۈزلۈك گۈزەلدىن ھەرقانداق پەرماننى ئاڭلىسام، ئۇنى بېجىرمەسلىككە مەندەك سەۋدايى ئاشىقنىڭ نېمە ئىختىيارى بولسۇن؟! سېنىڭ نېمە تەلىپىڭ بولسا، بۇيرۇغىن. سەن ھاكىمسەن. مەن ھۆكمىڭنى ئورۇندىيالمىسام، زۇلۇم تىغى بىلەن بوينۇمغا ئۇرغىن.

شەيخ سۆزىنى شۇ يەردە توختاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۇ گۈزەلمۇ، بۇتخانا ئەھلىمۇ ماقۇل كۆرۈشتى. ئۇلار بۇتخانا ئىچىنى ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ زىننەتلىدى. ئۇنىڭ تۆرىدە پەلەكتەك يۈكسەك بىر تەختنى ئورناتتى. ئۇ تەختنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنىڭ ھەددى-قىياسى يوق ئىدى. ئۇ شوخ تەرسا① قىزى تەخت ئۈستىگە چىقىپ، شاد-خۇرام ھالدا ئولتۇردى. ئۇنى كۆرگەن شەيخ ھەر نەپەستە بىر مەرتە ھالاك بولماقتا ئىدى. شەيخ ئىماننىڭ يۈزلىرىنى قارا قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى بۇ ئولتۇرۇشنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىشتى. خاھى مۇساپىرلار بولسۇن ياكى شۇ يەرلىكلەر بولسۇن ھەممىسى بۇتخانىغا يىغىلىپ، بۇ بەزمىگە قاتناشتى. ئۇلار بۇ يەرگە كۆپ-كۆپلەردە مەي-شارابلارنى ئەكىلىپ تەق قىلىشتى. ھەرخىل نازۇ-نېمەتلەرنى تەييارلىدى. بۇتخانا قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازى ۋە ئەرغىنۇن سازلىرىنىڭ ئاۋاسى شەيخ دىنىنىڭ ماتىمى ئۈچۈن ئۇن تارتىپ، مۇزىكا ياڭراتماقتا ئىدى. پۈتكۈل راھىبلار ئەتراپتا سەپ-سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار: «بۇنداق ۋەقە ھېچچاچان يۈز بېرىپ باققان ئەمەس» دەپ مۇلاھىزە قىلىشاتتى. ئۇلار ئوتخانىدىن ئوت ئېلىپ كېلىشتى. شەيخ ئېلىپ كەلگەن «قۇرئان»نى ئالدى. بۇتخانا ئەھلىنىڭ زۇننارىنىمۇ تەييار قىلدى. ئاندىن ئۇ كۆكۈللەرنى رام قىلغۇچى گۈزەل قىز يۈزلىگەن ئەپسۇنلار بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مىڭلارچە مەغرۇرلۇق بىلەن تەختتىن چۈشتى، يۈز مىڭلارچە ناز-كەرەشمە بىلەن شەيخنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئولتۇردى. ئاندىن بىر جامدا ياقۇتتەك قىپقىزىل شارابنى ئېلىپ ئۆزى بىراقلا ئىچىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن شەيخ ھاڭۋاقىنىدىن ئېغىزلىرىنى ئېچىپ، قاراپ قېتىپلا قالدى. شەيخنىڭ ئەقلى-ھوشى بېشىدىن ئۇچتى. قىز ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ جامغا ئىككىنچى قېتىم لىپمۇلىق تولدۇرۇپ شاراب قۇيدى-دە، ئۇنى شەيخكە تۇتتى.

— ئەي ئالىيجاناب ئىنسان، — دېدى ئۇ قىز شەيخكە، — بۇ يوقىلىش شارابىنى پاك-پاكىز ئىچىۋەتكىن، بىر تامچە قېپقالسا، ھېساب ئەمەس.

ئىشقىۋاز شەيخ بۇ دىلناۋاز قىزنىڭ تۇتقان شارابىنى ھاياجان بىلەن قولىغا

① تەرسا — نىسارا، خرىستىئان دىنىغا تەۋە كىشى.

ئالدى. كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلىرىنى تۆكۈپ، بۇ ياشلار بىلەن ئىمان-ئىسلامدىن قوللىرىنى يۇيۇپ تۇرۇپ، ئاشۇ تىنىق شارابنى ئىچتى. ئۇنىڭ بارلىقىنى شاراب ئوتلىرى ئۆرتەپ، باشلىرىدىن دۇد چىقىپ كەتتى. شەيخكە شۇ يوسۇندا بىر نەچچە نۆۋەت شاراب تۇتۇلدى. ئىشق ئۇنىڭ ئەقىل-سەزگۈلىرىگە زۇلۇم سېلىشقا باشلىدى.

ۋاقتىكى، شەيخ شارابنىڭ كۈچى بىلەن خۇدىنى يوقاتتى. ئۇ ۋىسال ئارزۇسىنى ئايان قىلغاندى، تەرسا قىزى:

— شەرتنى ئەردىن تېخى بىرىلا ئورۇندالدى، — دېدى.

— ئەي شوخ بېپەرۋا، — دېدى شەيخ ئۇنىڭغا، — نېمە شەرتىڭ قالغان بولسا ۋېرۇغىن، ئۇنى ئورۇنداشقا تەييارمەن.

ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەل قىز بۇتخانا ئەھلى ئىچىدىكى كۈپۈرلۈقنىڭ رەسىم-قائىدىسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ماھىر راھىبلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا:

— سىلەر بۇ كىشىگە كۈپۈرلۈق ئادەتلىرىنى تەقدىم قىلىڭلار، ئۇنىڭغا بۇ قائىدە-يوسۇنلاردىن تەلىم بېرىڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

شەيخلەر بۇ پەرماننى جان-دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ، شەيخلىق تونلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، يالىڭاچ بولدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەنلەر يىغلاپ كېتەر ئىدى. كۈپپارلار شەيخنى مەي كۆلچىكىگە تاشلاپ، شاراب ئىچىدە غۇسلە قىلدۇرۇپ پاكلاشقا باشلىدى. شەيخمۇ قىلچە ئەندىشە قىلماستىن كۆلچەك ئىچىدە مەيگە چىلىشىپ، شۈڭغۇپ يۈرەتتى. ئۇلار كۈپپارلار كىيىندىغان كىيىملەرنى ئېلىپ كېلىپ، شەيخنى باشتىن-ئايىغىچە يېڭىباشتىن كىيىندۈردى. بېلىگە زۇننارنى تۆت قات ئايلاندۇرۇپ مەھكەم باغلىدى. ئۇلار بۇ تەرىقەت پېشىۋاسىنى كاپىر قىلىپ، خارۇ-زار قىلغان ھالدا بۇتخانىغا ئېلىپ كىردى. شەيخ غەرق مەست ھالەتتە بۇتنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرى كىيگەن شەيخلىق لىباسىنى ۋە ئېلىپ كەلگەن «قۇرئان» نى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى. ئۇ دەممۇ دەم ئۆزمەستىن ئىچىپ مەست بولدى. مەستانە ھالەتتە بۇتپەرەس بولدى. بۇ پەلەك جاھاندا بۇنىڭ بېشىغا سالمىغان ھېچ رەسۋاچىلىق قالمىدى.

كېيىنكى بۇ دىن پېشىۋاسىنىڭ مۇشكۈلىنى ئىشق ھەل قىلدى. ئىشق ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، بۇتخانا باللىرىغا مازاق قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئەمەك قىلىپ بەردى. ئۇ دىن پېشىۋاسى مەست-مۇستەغرەق ھالدا بۇتخانىدىكى پەرەڭ باللىرى بىلەن ئوينايتتى. ئۇ مۇبارەك خىسلەتلىك شەيخ بىر نەپەسمۇ ئۆز خۇدىنى بىلمەيتتى. قاچانكى ئۇ ھوشىغا كېلەي دېسە، ئۇنىڭغا يەنە مەي تۇتاتتى. ئۇ كېچە-كۈندۈز غەرق مەست ھالەتتە ئىدى. يا كېچىنى ياكى كۈندۈزنى سەزمەيتتى. شەيخ ئاشۇ ھالدا ئون كېچە-كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئۇنىڭ ئىشقى تاشقىنغا ئايلاندى:

— ئەي كۆڭلۈمگە بۇ ئىنتىزارلىقنى سالغان، ۋۇجۇدۇم بىناسىنى ۋەيران قىلغان، ئىشقى بىلەن جەبىر-زۇلۇملارنى سېلىپ، دىن ۋە ئىمانىمنى بەرباد قىلغان ئىنسان! — دەپ پەرياد قىلدى ئۇ بىر كۈنى تاڭ سەھەردىلا، — كۈپپار ئەھلىنىڭ دىنى مۇشۇنداق بولامدۇ؟! ۋەدىسى، لەۋ-

زى، قائىدە-يوسۇنى مۇشۇنداق بولامدۇ؟! كىشىنىڭ تىلەك ۋە ھاجىتىنى مۇشۇنداق راۋا قىلامدۇ، ۋەدىسىگە مۇشۇنداق ۋاپا قىلامدۇ؟! مەندىن كۆڭلۈك نېمىنى خالىسا، شۇنى تەلەپ قىلدىڭ، مېنى يۈز تۈمەنلىگەن بالا-قازا چاقماقلىرى بىلەن ئۇردۇڭ. سېنى قايسى تىلىكىڭگە يەتكۈزمىدىم؟! سېنىڭ قايسى شەرتىڭنى بەجا كەلتۈرمىدىم؟! سېنىڭ ۋاپا قىلىش ۋاقتى كەلگەندە بىلمەسكە سېلىۋالدىغان خۇيۇڭ، ۋىسال پەيتلىرىدە بولسا كېسەل بولىۋالىدىغان ئادىتىڭ باركەن. كۈپۈرلۈق زەنجىرىگە باغلانغان مەندەك غېرىب، قېرى، ناتىۋانمۇ بارمۇ؟! سەن ماڭا كېچە-كۈندۈزلەپ مەي تۇتتۇڭ، مۇشۇ ئارقىلىق ماڭا قىلغان ۋەدىلىرىڭنى ئۇنۇتقۇزماقچىمۇ؟! سەن بۇ دەۋادىكى مۇنۇ گۇۋاھ-ئىسپاتلاردىن، يەنى مۇشۇ تۇرغان «لات»، «مانات» ① لاردىنمۇ قورقمامسەن؟!

— تولا تاپا-تەنە قىلما، — دېدى ئۇ شوخ تەرسا قىزى، — ئەمدىلا تېخى تۆت شەرتنى ئورۇنداپ بولدۇڭ. بۇ تۆت شەرت بولسا ۋىسالنىڭ شۇكرانىسى ئىدى. يەنە قېپقالغان ئىككىسى ئىشقنىڭ جەرىمانىسىدۇر. ئەي ئۇۋاغلارنىڭ پەخرى، بۇ جەرىمانە مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرى، سەن مالال كۆرمەي، ھەر ئاخشىمى تاكى سەھەرگىچە ئاشگاھتا مۇلازىم بولۇپ، ئاتەشپەرەسلەر ئوتخانىسىغا ئوت قالايسەن. يەنە بىرى، خاپا بولماي، ھەر ئەتىگىنى تاكى ئاخشامغىچە چوپان بولۇپ توڭگۇز باقىسەن. بۇ ئىشنى بىر يىلغىچە داۋاملاشتۇرىسەن. يىل تامام بولغاندىن كېيىن ۋىسال چاقىرىقىدىن ئۈمىد كۈتكىن. مەنمۇ ۋىسال بەزمىسىگە تەييارلىق قىلىپ تۇرىمەن. سەنمۇ كۈپپارلار رەسىم-قائىدىلىرىنى تۈگىتىپ، جېنىڭنى ۋىسال بىلەن شاد قىلىسەن. ئەگەر بۇ يولغا قەدەم قويالمىساڭ، ئىشق رەسمىيەتلىرىدە چالا-چولتىلىق قىلىدىغان بولساڭ، دەرھال كۈپۈرلۈقنى تاشلاپ، ئىسلامنى قايتىدىن باشلاپ، بۇتخانىدىن كەينىگە قايتىپ كەتكىن. سەن نەچچە كۈندىن بېرى ئۇدا مەي ئىچىپ تازا يايرىۋالدىڭ. بوپتۇ، مەن سېنىڭ يۈز خاتىرىڭنى قىلىپ، بۇلارنى تىلغا ئالماي. سەنمۇ كۆيۈپ كەتكەن كونا شەيخلىق كىيىملىرىڭدىن كەچكىن، ئۇنىڭ ئارقاق-ئۆرۈشلىرىدىن سۆز ئېچىپ يۈرمە. ئەگەر ئۇ ئەسكى لىباسلىرىڭنىڭ دەۋاسىنى قىلىدىغان بولساڭ بۇمۇ مەيلى، مەندىن ئۇنىڭ ئۆز باھاسى بويىچە پۇلىنى تۆلىتىپ ئالغىن، قايتقۇچە يولدا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن چۆنتىكىڭگە سالغىن. بۇ يەردە قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قىلمىدىم، بۇ بۇتخانا تەرەپكە ھاۋا يۇ-ھەۋەس ئېتىنى ماڭغۇزمىدىم دەپ بىلگىن.

ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شەيخنىڭ ئىشق دەرياسى جۇش ئۇرۇپ، مۇنداق شاۋقۇن چىقاردى:

— ئەي، جېنىمدا سېنىڭ ئىشقىڭنىڭ شىددىتى، سەن كۆڭلۈمىزنىڭ ئارامى، تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى، مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن. نېمە مۇددىئايىڭ بولسا بۇيرۇغىن. ئورۇندىيالمىسام، ئۆلۈمىگە ھۆكۈم قىلغىن. بىراق جۇدالىق سۆزلىرىنى ئېغىزغا ئالما، بۇ ۋىسال ئىشرەتخانىسىدىن مەھرۇم قىلىدىغان سۆزلەرنى ئارىغا سالما، — شەيخ

① لات، مانات — ئەرەبلەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان بۇتلارنىڭ نامىلىرى.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە مۇنداق دېدى: — قېنى توڭغۇزلىرىڭنى ئەكەلگىن - دە، گويا قوينى چوپانغا تاپشۇرغاندەك ئۇنى ماڭا تاپشۇرغىن. مەن ئازغۇنغا مەدەتكار بولۇپ، رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئاتەشگاھقا باشلاپ بارغىن.

ئۇ تەرسا قىزى بۇتخانىدىكى بارلىق كۇپپارلار بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، شەيخنى توڭغۇزلار قوتىنىغا باشلاپ بېرىپ، توڭغۇزلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئاندىن ئۇنى ئاتەشگاھقا باشلاپ بېرىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇرادىغا يەتكۈزدى.

شەيخ كۈندۈزى توڭغۇز پادىسىدىن خەۋەر ئالاتتى. كېچىسى ئۇنىڭ ئورنى ئاتەشگاھتا بولاتتى. ئۇنىڭ تاڭ ئاتقۇچە قىلىدىغان ئىشى ئوت قالاش، يەنى بۇتخانىدا كۇپۇرلۇق ئوتلىرىنى يالقۇنجىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. قاپقارا زۇلمەت يورۇپ، سۇبھى ۋاقتى بولۇش بىلەنلا بۇتخانا قوڭغۇرىقى چېلىناتتى. شەيخ شۇ ھامان ئىس - تۈتەك ۋە كىزىل قوقاسلار ئارىسىدىن گويا كى مەجنۇندەك، يەنى گۈلخان ئۈستىگە دەسسەپ يۈرىدىغان ساراڭلاردەك چىقاتتى - دە، كۇپپارلارنىڭ ئادىتى بويىچە بۇتخانا قوڭغۇرىقىنىڭ ئاھاڭىغا ماسلاشتۇرۇپ غىڭشىپ كۈي كۈيلىگەچ توڭغۇزلار تەرەپكە ماڭاتتى. ئۇ يۈزدىن ئارتۇقراق توڭغۇزنى بېقىش، خەۋەر ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

شەيخ بۇ ئېغىر كۈلپەتكە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن شاگىرتلىرى قايتىپ كېلىپ، شەيخكە كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى، ھەددۇ - ھېسابسىز چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى؛ لېكىن بولار شەيخكە قىلچە تەسىر قىلمىدى.

شەيخنىڭ بۇ زۇلمەتتىن خالاس بولۇشىغا ئىمكانىيەت يوقلۇقىنى ھېس قىلغان بارلىق مۇرىد - مۇخلىسلار تارقىلىپ كېتىشتى. شەيخ بۇ يەردە يالغۇز قېپقالدى. شەيخنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى ئىلگىرى ھەمىشە كەبىدە مۇقىم ھالدا تۇراتتى. لېكىن ئۇلار بۇ قېتىم ئۇيات ۋە نومۇس تۈپەيلىدىن كەبىدە تۇرالماي، ھەر بىرى بىر تەرەپكە قاراپ تارقاپ كەتتى.

شەيخنىڭ يەنە بىر مۇرىتى بار ئىدى. ئۇ تەسەۋۋۇپ ساھەسىدە ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ فانىيلىق دەرىجىسىگە يەتكەن، ئىشق جامىدىن ھەددۇ - ھېسابسىز كۆپ شاراب ئىچكەنىدى. بۇ ئىخلاسمەن مۇرىت ئىلگىرى شەيخ بىلەن كۆپلىگەن سەپەرلەردە ھەمراھ بولغانىدى. شەيخ بۇ سادىق مۇرىتىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا سەپەر قىلغان مەنىۋى كارۋانلىرىغىمۇ يولباشچى بولغانىدى. شەيخ قەيەردە بولسا، بۇ شاگىرتىمۇ شۇ يەردە بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمما شەيخ رۇم تەرەپكە سەپەرگە چىققاندا بۇ شاگىرتى باشقا بىر مەملىكەتتە تۇرۇۋاتاتتى. بۇ قۇتلۇق قەدەملىك شاگىرت نۇرغۇن دىيارلارنى ئايلىنىپ، مەككىگە قايتتى. ئۇ قايتىپ كەلگىچە ھېسابسىز كۆپ مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ مەككىگە قايتىپلا شەيخنى پاناھ تارتىپ، كەبىگە كەلدى. ئۇ كېلىپ قارىسا، ئۇستازى يوق، خانىقا ئىچى ۋەيرانە، تۆت يۈز نەپەر تەقۋادار مۇخلىستىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ شاگىرت بۇ ئەھۋاللارنى ياخشىلاپ سۈرۈشتە قىلغانىدى، كىشىلەر شەيخنىڭ بېشىغا ئاجايىپ ئىشلارنىڭ چۈشكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ رۇم دىيارىغا كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

شەيخ مۇرىتلىرىنىڭ بۇ خەلىپىسى
(باشلىقى) شەيخنىڭ بارلىق مۇرىت - مۇخ-
لىسلىرىغا، دوست - يارانلىرىغا ئادەم ئەۋە-
تىپ، زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ
ھەممىسىنى يىغدى. ئۇلاردىن شەيخنىڭ
ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سوراپ،
سۈرۈشتە قىلدى.

ئۇلار ھەممىسى شەيخنىڭ چۈش
كۆرگەنلىكى، ئاندىن رۇمغا بارغانلىقى، ئۇ
يەردە بۇتخانىغا كىرىپ، بىر گۈزەل
تەرسا قىزىغا ئاشىق - بىقارار بولغانلىقى، ئۇ
قىزنىڭ شەيخقا ھېسابسىز زۇلۇم - كۈلپەت-
لەرنى سالغانلىقى، شەيخنىڭ ئۆز ئىختىيا-
رىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى، شۇگا
شاراب ئىچىپ، بىھايالارچە مەست بولغانلى-
قى، ئۆز دىنىنى تاشلاپ، بۇتپەرەس بول-
غانلىقى، ئاتەشگاھ ئىچىدە ماكان تۇتۇپ،
«كالا مۇللاھ» («قۇرئان») نى ئوتقا سال-
غانلىقى، بېلىگە زۇننارنى راسا چىڭ
باغلىغانلىقى، ئۇنىڭ ھازىر كېچىلىرى
ئاتەشگاھتا ئوت قالاپ، كۈندۈزلىرى توڭگۇز
بېقىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى
بىر - بىرلەپ بايان قىلىشتى.

— ئەي نومۇسسىزلىق، ۋاپاسىزلىقتا
توڭگۇزدىن بەتەر مەخلۇقلار! — دېدى ئۇ
دەردمەن شاگىرت بۇ كىشىلەرگە، — سىلەر
ئۇ دانىشمەن شەيخكە مۇرىت بولغان، ئۇنىڭ
باشلامچىلىقىدىن ياخشىلىق كۆزلىگەن ئەمەس-
مىدىڭلار؟! تەسەۋۋۇپ شەرتى بويىچە
سىلەر تەگىدىگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا
ئەگىششىڭلار، قاياققا باشلىسا، شۇ ياققا
مېڭىشىڭلار، ئۇ نېمە ئىش قىلسا، سىلەرمۇ
ئوخشاشلا شۇ ئىشنى قىلىشىڭلار كېرەك
ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى - يامان كۈنلىرى-
دە قانداق ئەھۋال سادىر قىلسا، سىلەرمۇ
ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالدا بولۇشۇڭلار،
ئۇنىڭغا ھېسداش، تەقدىرداش بولۇشۇڭلار
كېرەك ئىدى. ھەرىقەت ئىچىدە سىلەردەك
ۋاپاسىزلارغا نومۇس، سوپىلىق لىباسىڭلار-
غا، دەستار - سەللەڭلەرگە نومۇس! تىنىچ -
ئامانلىق پەيتىدە بىھۇدە لاپلارنى ئۇرات-
تىڭلار، شەيخنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە،
ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئېلىپ، تەرەپ - تەرەپ-
كە كېتىپسىلەر. پىر - ئۇستازىڭلارغا بىۋاپا-
لىق قىلىپ، قىبلىگاھىڭلارنى بۇتخانىدا
تاشلاپ قويۇپ قېچىپسىلەر. شەيخ كۈلپەتتە
قالغاندا، ئۇ سىلەرگە تازا موھتاج بولغان
چاغدا، تەگىرىدىن قورقماي، ئەلدىن ئۇيات-
ماي، ھەممىڭلار قايتىپ كەپسىلەر. ئۆز
پېشىۋايىڭلارنى تاشلاپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن
تويۇپ، شەكىل - سىياقىدىن بېزار بولۇپ،
يېنىپ كەپسىلەر. ئۆزۈڭلارچە بىر - بىرىڭ-
لارنى تەقۋادار دەپ بىلىشىپ، ئۆزۈڭلارنى
سۆلەت - سالاپەتلىك ۋە دىيانەتلىك
ھېسابلاپ، شەيختىن نومۇس قىلدىڭلارمۇ؟!
ئۇنداق زاھىدلىق، تەسۋى، دۇرۇت -
ئىستىغپارلىرىڭلاردىن خىجىل بولمامسىلەر؟!
بۇنداق مەسە - كالاچ، تون - سەللىلىرىڭلاردىن
ۋە ھاسىلىرىڭلاردىن ئۇياتمامسىلەر؟! ئەگەر
شەيخ سىلەرگە پىر - ئۇستاز بولماي، ئىت
باققۇچى بولۇپ، بىرنەچچە ئىتنى بېقىپ،
پەرۋىش قىلغان بولسىدى، ئۇنىڭغا پەلەك
بۇنداق جاپاكارلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇ
ئىتلار ۋاپادارلىق قىلغان بولاتتى، ئۇ ئىت-
لاردىن بەزىسى كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ،
يەنە بەزىسى شەيخنىڭ يېنىدا قالغان بولات-
تى. شەيخنىڭ ئەتراپىدىن يىراق بارماي،
ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن تۇتۇشقان بولات-
تى، شەيخنىڭ قايغۇ - ئەلەملىرى ئۈچۈن
پەرياد چەككەن بولاتتى. بىراق ئىنسانىدىن

ۋاپادارلىق يىمىراق، بۇ جەھەتتە ئىت
ئۇنىڭدىن ياخشىراقكەن. چۈنكى ئۇ سىلەرگە
ئوخشاش بىۋاپالىق قىلمايدۇ. ئەگەر سى-
لەردە مەردانىلىك بولغىنىدا ئىدى، ئىخلاس-
مەنلىك دەۋاسىدا ئاقىلراق بولغان بولاتتىڭلار.
شەيخ ئاشۇنداق بالا - قازاغا دۇچار بولغان-
دا، بىر ئاۋۇنىڭ ئىشتىغا مۇپتىلا بولۇپ ئۇنىڭغا
ھەر تۈرلۈك جاپامۇشەققەتلەر يۈزلەنگەندە،
سىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش بولۇشۇڭلار
زۆرۈر ئىدى. شەيخ ئۆزىدە نىسارالار سۆپەت-
لىرىنى زاھىر قىلغاندا، سىلەرنىڭمۇ شۇنداق
قىلىشىڭلار لازىم ئىدى، چۈنكى پىر - ئۇستاز
قانداق بولسا، مۇرىت - مۇخلىسمۇ شۇنداق
بولۇشى كېرەك. ھەممىڭلار بۇ ئىشتا دەرد-
سىز ئىكەنلىكىڭلارنى ئىپادىلەپسىلەر،
تەرىقەت يولىدا يۈز مىڭلارچە نامەردلىك-
ەرنى ئىزھار قىپسىلەر. مەن ئەركەك دەپ
پ ئۇرغان بىلەنلا ئەر بولۇپ قالامدۇ؟!
ولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى دېگەن بىلەن
ئىش ھاسىل بولامدۇ؟!

سۆزلىرى جانلارغا ئوزۇق بولغۇچى
بۇ سادىق مۇرىدنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى
بۇ مۇخلىسلارنىڭ ئېغىزىغا سۈكۈت مۆھۈرى
بولۇپ بېسىلماقتا ئىدى. ئۇلار لام - جىم
دېمەستىن سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى.
ئۇ مۇرىت بۇلارغا ئەنە شۇنداق كايىپ،
ئاچچىقلانغاندىن كېيىن:

— ئولتۇرغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ! —
دەپ، رۇمغا قاراپ سەپەر قىلدى. بۇ
جامائەتمۇ خالىسۇن - خالىمىسۇن، ھەر ھالدا
ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا چۈشتى.

ۋاقىتكى، ئۇلار چۆل - جەزىلەرنى
كېزىپ، شەيخ تۇڭگۇز بېقىۋاتقان جايغا
يېتىپ كەلدى. كۆردىكى، بۇ تۇڭگۇز باق-
قۇچى شەيختە ئىمان - ئىسلامدىن، ئەقىل -
ئىدراكتىن، تەقۋادارلىق ۋە سالاھىيەت
خىياللىرىدىن ھېچبىر ئەسەر ۋە نىشان
قالمىغانىدى. سەۋدايىلىق ۋە ئاشىقلىق مەي-
لىرىنى ئىچكەن ۋە بىخۇدلۇق دەردى بىلەن
مەستۇ مۇستەغرەق بولغانىدى. شەيخ ئۆزىنىڭ
بۇ مۇرىتلار جامائىتىنى تونۇمىدى. ئۇلاردىن
يۈزىنى ئۆرۈپ، تۇڭگۇزلار جامائىتى
تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇ ئىخلاسمەن مۇرىت
بۇ ئىشنى كۆرگەندىن كېيىن، شەيخ ئۈچۈن
كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئاھ ئۇردى، يۈزلىرىگە
ھەسرەتلىك ياشلىرىنى تۆكتى.

— ئەمدى بۇ يەردە قاراپ تۇرمايلى، —
دېدى ئۇ مۇرىت بارلىق مۇرىت - مۇخلىسلار-
غا قاراپ، — تەڭرىگە شۈكرى - سانا ئېيتىپ
قايتايلى. بۇ كامىل ئۇستازىمىز بولغان
شەيخ ئىشقىنىڭ شىددەتلىرى تۈپەيلىدىن
مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

زاماندىن زۇلۇم كۆرگەن بۇ مۇخلىس-
لار شەيخ سەنئان تۇرغان جايدىن يېنىپ،
شەھەر ئىچىگە كىردى. بىر جاينى تېپىپ،
ھەممىسى شۇ يەرگە چۈشۈپ ئورۇنلاشتى.
ئۇ پاك ۋە سادىق مۇخلىس تەڭرىنىڭ
دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلىپ، كېچە - كۈندۈز
ياش تۆكۈشكە باشلىدى. شەيخنىڭ بۇ
بالا - قازادىن خالاس بولۇشىنى تىلەپ،
تەڭرىگە مۇناجات ئوقۇپ، دۇئا قىلدى.
ئۇ ئىزتىراپقا چۈشكەن ھالدا ھەددۇ ھېساب-
سىز دۇئا - تەلەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ بۇ
ئىلتىجا ۋە دۇئالىرى ھەقىقەتەن چىن ئىخلاس
بىلەن قىلىنغان سەممىي تىلەك بول-
غانلىقى ئۈچۈن، كەزەملىك تەڭرى ئۇنىڭ
دۇئا ۋە ئىلتىجالىرىنى ئىجاۋەت قىلدى.

بىر كۈنى ئۇ مۇرىت ھاجەتمەنلىك
ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، دۇئا - تىلاۋەت بىلەن
يىغلاپ ھالىدىن كەتتى. ئۇ بىچارە زەئىپ-

لىك تۈپەيلىدىن ھالسىزلانغانىدى. ئاخىر
تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان مەزگىلدە ئۇيىقۇغا
كەتتى؛ كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان
ئارىلىقتا مۇنداق بىر چۈش كۆردى:

بىر مۇبارەك نۇر پەيدا بولۇپ، نۇر
ئارىسىدىن شۇنداق بىر قۇياش تۇغدىكى،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈزلىگەن قۇياشلار خۇددى
زەررىچىلەردەك ھەيران ۋە سەرگەردانىدى.
نۇر ئىچىدىن ئەنبىيالارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى،
پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمىسى بولغان مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلغان ھالدا،
جان بەخش ئەتكۈچى لەۋلىرى ئارقىلىق
سۆز قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ناتىۋان
ۋە ساداقەتلىك مۇرىتقا بۇ سىر - ئەسرار
خەزىنىلىرى ئايان بولغاندىن كېيىن، ھاجەت-
مەنلىك بىلەن سالام بەجا كەلتۈردى ۋە
بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

كەي رىسالەت مۈلكىدە ساھىب لاسەرىر،
لۇتف ئىلە ئەفتادەلەرگە دەستىگىر.
ھاجەت ئېرمەس ھاجەتىم قىلماق بەيان،
كىم ئېرۇر رەۋشەن زەمىرىڭغە ئەيان.

ئۇ پەيغەمبەرلەر پادىشاھى يۈز مىڭ-
لارچە ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت بىلەن مۇن-
داق دېدى:

— سېنىڭ بۇ قەدەر ساداقىتىڭ، تۈز
نىيىتىڭ ۋە ئالىي ھىممىتىڭگە ئاپىرىن.
سېنىڭ ئۈمىدىڭ يېغىدىن مۇراد گۈلۈڭ
ئېچىلدى. مۇددىئايىڭنى شۇ قەدەر ئاجىزانە
ئىلتىجالار بىلەن ئىزھار قىلدىڭ. تەڭرى
رەھىم - شەپقەت قىلىپ، نالە - زارىڭنى
ۋە ئەرز - دادىڭنى قوبۇل قىلدى. پاك ۋە
بۈيۈك تەڭرى ئۆزىنىڭ مەخپىي ھېكمەت-
لىرىنى مەسلەك ئىگىلىرىگە سەيلە - سەپەر

دەشتلىرىدە ۋە سۇلۇك ھەرىكەتلىرىدە ئايان-
قىلدى. بۇ خىل سەرگۈزەشتىلەردىن پەقەت
ئاشۇ تەڭداشسىز زاتنىڭ ئۆزى قۇتقازغۇچە-
نىجاتلىق تېپىش مۇمكىن ئەمەس. شەيخىڭ-
لارغا بۇ يولدىكى سەرگۈزەشتە شۇ قەدەر ئېغىر
ئىدىكى، ھېچبىر يولۇچى مۇنداق ئەھۋال-
غا دۇچ كېلىپ باقمىغانىدى. ئەمدى تەڭرى
تائالا ئۇنىڭغا نىجاتلىق بەخش ئەتتى.
سەن بۇنىڭغا شاد بولغىن، شۈكرى قىلغىن.
ئەمدى سەن قايغۇ - مۇسىبەتتىن ئازاد
بولدۇڭ. سېنىڭ تارتقان رەنجۇ مۇشەققەت-
لىرىڭ پىر ئۇستازىڭنىڭ نىجات تېپىشىغا
سەۋەبچى بولدى.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
بۇ سىرلارنى ئايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ
ساداقەتمەن مۇرىت ئىلتىجا ياشلىرىنى تۆ-
كۈپ، ئاھ چەككىنىچە ھوشىدىن كەتتى.
ئۇ ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىك بىلەن خۇدىنى
بىلمەستىن ئېڭرايتتى. خۇددى ئىپار ئۇس-
تىگە كاپۇر سېپىلگەندەك تۈن ئاقىرىپ،
تاڭ سۇزۇلدى. شۇ چاغدا ئۇ ناتىۋان
مۇرىتنىڭ ھوشى ئەسلىگە كەلدى.
قارىسا، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى بولغانىدى.
بۇ مۇرىت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن،
تەڭرى تائالانىڭ دەرگاھىغا سېغىنغان
ھالدا شەيخ سەنئان تەرەپكە يول ئالدى.
شەيخنىڭ باشقا شاگىرتلىرىمۇ بۇ ئەھۋال-
نى سوراپ، خەۋەر تاپتى. ئۇلار بۇ يول-
باشچى مۇرىتقا ھەمراھ بولۇپ، پاراكەندە
ھالەتتە يولغا كىردى. ئۇلار خۇددى سۇ
ئۈستىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ شامالدا
يۈرگىنىدەك يۈرۈپ، ئىشتىياق شەيخنىڭ
تۇرۇۋاتقان يېرىگە يېتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا شەيخنىمۇ ئازغۇنلۇق ۋە
ئاسىيلىق ئىللەتلىرى يوقالغانىدى. ئۇنىڭغا

غايىبلىق دۇنياسىدىن خەۋەر يەتكەن. كۆڭلىگە مۇۋەپپەقىيەت گۈلشىنىدىن ئەسكەن شامال قاتتىق تەسىر قىلغاندى. ئۇ خىجالەت ياشلىرىنى تۆكمەكتە. نادامەت ئاھلىرى بىلەن ئوتلۇق شوللارنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. ئۈستىبېشىدىكى كۇپۇرلۇق لىباسلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، باغلىۋالغان زۇننارىنى ئۈزدى. بۇ ئەھۋالنى شەيخنىڭ شاگىرتلىرى كۆردى. ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەممەيلەن شادىمان بولۇپ، تەڭرىگە كۆپتىن كۆپ شۈكۈر قىلىشتى.

— ئەي دانىشمەن پىر-ئۇستاز، — دېدى ئۇلار شەيخكە، — ساڭا خۇش خەۋەر بولۇپ قالسۇنكى، ھەزرىتى مۇھەممەد ەلەيھىسسالام سىزنىڭ ھىمايىچىڭ بولدى.

شەيخمۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقانى. ئۇ شاگىرتلىرىغا بۇ ھەقتە سۆزلىدى. ئاندىن ئۇلار ئىچىدە ئاشۇ ئىخلاسمەن شاگىرتىنى تېپىپ، قۇچاقلىدى. چۈنكى ئۇ شاگىرتى بىردەكلىك ۋە تەرەپدارلىق جەھەتتە مەردانىلىك كۆرسەتكەندى.

— ئەي ئەزىز پەرزەنتىم، جان-جىگىرىم، — دېدى شەيخ ئۇنىڭغا، — ساداقەت بابىدا قىلچە تەۋرەنمىدىڭ، دوستلۇق مىزانىدا قىلچە كەمچىلىك سادىر قىلمىدىڭ. ساڭا بولغان مىننەتدارلىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. بۇ سادىقلىقىڭنىڭ ئەجرىنى تەڭرى تائالا بەرگەي.

ئۇ ساداقەتمەن مۇخلىسمۇ شادىمانلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ. پىر-ئۇستازىنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. پۈتكۈل مۇرىت مۇخلىسلار بىتاقەت بولغان ۋە ئىزتىراپقا چۈشكەن ھالدا، بۇزۇلغان كۆڭۈللىرىنى ياسىشىپ، بىر پىكىرگە كېلىشتى.

— ئەي ئالەمنىڭ پېشىۋاسى، — دېدى ئۇلار شەيخ سەنئانغا، — تەڭرى ساڭا بۇ قەدەر بۈيۈك بەخت-سائادەتنى نېسىپ قىپتۇ. ئەمدى بۇ خەتەرلىك جايدىن كېتىشىمىز كېرەك. كەبە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقايلى.

شەيخمۇ غۇسلى-تەرەت ئېلىپ، پاك بولۇپ، شەيخلىق لىباسىنى كىيدى. مۇرىت-مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتىن سۆيۈنۈپ، شاد-خۇررام بولۇشتى. ئۇلار چىن ئىخلاس بىلەن يولغا راۋان بولدى. چۆل باياۋانلارنى كېزىشكە قەدەم قويدى. شۇنداق قىلىپ شەيخ سەنئان ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مۇرىت-مۇخلىسلىرى بىلەن بىرلىكتە مەككىگە قايتىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

ئەمدى ئاي يۈزلۈك تەرسا قىزىغا كېلەيلى:

ئۇ پەرى سۈپەت قىز ناز ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋېتىپ، چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇنىڭ يېنىغا شەرق قۇياشىدەك بىر نۇرانە سىما كېلىپ، ئۇنى چاقىردى. ئاندىن ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى: «ئەي ۋاپادارلىق بابىدا پىشىپ يېتىلمىگەن ئىنسان، زامان ئەھلىنىڭ پىر-ئۇستازى ۋە پېشىۋاسى بولغان شەيخ سەنئان سېنىڭ بۇتخاناڭغا كېلىپ مېھمان بولغاندى، سەن ۋاپادارلىق ۋە مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە-يوسۇنىنى بىلمىدىڭ؛ مېھمانىڭغا نۇرغۇن جاپا-كۈلپەتلەرنى سالدىڭ، شۇڭا ئۇ سېنىڭ بۇتخاناڭنىڭ مېھماندارچىلىقىنى تاشلاپ، ھەرەم شەرىپىنىڭ مېھماندارچىلىقى ئۈچۈن كېتىپ قالدى. ئەمدى سەن تېز ئورنىڭدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بارغىن؛ خىزمىتىنى قىلىپ، دىنىغا مۇشەررەپ بولغىن. شەيختىن ئەپۇ

سوراپ، ئۇنىڭ رەسىم - قائىدىسىگە كىرگىن.

شۇ چۈشتىن كېيىن تەرسا قىز ئۇيقۇدىن ئويغاندى، ئورنىدىن تۇرۇپ، شەيخنىڭ ئاياغ ئىزىنى ئىزدەپ، بۇتخانىدىن چىقتى. ئۆزىنىڭ شەيخقا قىلغان - ئەتكەنلىرى يادىغا يېتىپ، شادىمان كۆڭلىگە غەم قايغۇ ۋە نادامەت ئوتلىرى تۇتاشتى. ئاھ - پەرياد قىلغان ھالدا كەبەئىي ھەرەمگە قاراپ يولغا چىقىشنى قارار قىلدى. ئۇ قىز كۆز ياشلىرىنى پەلەكتىكى يۇلتۇزلاردەك تۆكۈپ، لەيلى كەبى نالە قىلاتتى، مەجنۇندەك يىغا - زارە قىلاتتى. ئۇ ئاشۇ خىل ھالەت بىلەن شەيخ سەنئان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يۈرگەن تەرەپكە قاراپ گوياكى شامالدا يۈرگەن پاكىز گۈلدەك راۋان بولدى. ئۇ ھالسىراپ، ھۆمىدىگەن ھالدا يۈرمەكتە ئىدى. بۇ ئاداۋەتخور پەلەك ئۇنىڭ شەيخكە قىلغانلىرىنى ئۆزىگە ياندۇرۇپ بەرمەكتە ئىدى. قىز دەشتۇ باياۋاندا يۈرۈپ، ھېسابسىز جاپا - مۇشەققەتكە دۇچار بولدى. بارغانسېرى جەبرۇ جاپانىڭ شىددىتى ئاشتى. بىچارىلىك ۋە غەمكىنلىك غالىب كەلدى. قىزغا زەئىپلىك ۋە ئاجىزلىق يۈزلەندى. بىر ۋادىغا يېتىپ كەلگەندە ئازاب - كۈلپەت دەستىدىن قىزنىڭ دەرمانى پۈتتى. ئۇ مۇڭداق نالە - زار قىلىشقا باشلىدى: «ئەي تەڭرىم، مەندەك ئاجىز سەرگەردانغا، كۆزى يۈرەك قېنى بىلەن بويالغان بىچارىگە رەھىم - شەپقەت قىلغىن. چۈنكى مەن يار - يۆلەكسىز بىر غېرىب بىچارىمەن. گەرچە مەندە گۇناھتىن ئۆزگە نەرسە بولمىسىمۇ، لېكىن سەن مېنىڭ پاناھىمسەن. سەندىن ئۆزگە ھىمايىچىم يوق.»

ئۇ قىز ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقى، بىچارە-مۇساپىرلىقتا ئىلاج قىلالماي، زار - زار يىغلايتتى. ئۇ نازىنىنغا شۇ قەدەر شىددەتلىك دىشۋارچىلىقلار يۈزلەندىكى، ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، قارا تۇپراق ئۈستىگە يىقىلدى. شۇ جايدىلا ھوشىدىن كەتتى. ئاغرىق ۋە دەرد - ئەلەم تۇپەيلىدىن خارۇ - زار بولۇپ ياتتى.

بۇ ئەھۋال شەيخ سەنئاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتىنىڭ كۆڭلىدە ئايان بولدى. ئىككىسى دەرھال ئارقىغا يېنىپ، ئۇ ئاجىز ۋە غەمكىن گۈزەل ياتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شەيخ بىلەن ئۇنىڭ بۇ كامالەتكە يەتكەن مۇرىتى باشقا شاگىرتلار توپىدىن ئايرىلىپ، ئارقىغا يېنىپ ماڭغىنىدا، ئۇ گۇرۇھتىكى كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ھەر بىر شاگىرتنىڭ كۆڭلىدە يۈز خىل خىياللار پەيدا بولدى. ئۇلار: «بۇ يانماقتىن مەقسەت نېمىدۇ؟» دەپ ھەيران قېلىشتى.

شەيخ بىلەن ئۇنىڭ ۋاپادار شاگىرتى ئۇ گۈزەل يۈزلۈك، سەرۋى بويلۇق قىز ياتقان ۋادىغا يېتىپ باردى. ئارقىسىدىن باشقا مۇرىت - مۇخلىسلارمۇ ئەگىشىپ كەلدى. شەيخ گەرچە ئۇ نازىنىنغا كۆز ۋە كۆڭلىنى سالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى يىغىدىن تۇتۇۋالالمىدى. شەيخ ئۇ بىھوش ياتقان نازىنىن قىزنىڭ بېشىنى قوينىغا ئالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە شەيخنىڭ كىرپىكلىرىدىن يامغۇردەك ياشلىرى تۆكۈلدى. گويا گۈل بەرگى ئۈستىگە گۈل سۈيى سېپىلگەندەك بولدى. قىزنىڭ ئۇيقۇ بىلەن مەست بولغان نەرگىستەك كۆزلىرى ئېچىلدى. قىز ئۆزىنىڭ بېشىنى شەيخنىڭ قوينىدا كۆرۈپ، يۈزلىرىگە ھەسرەت - نادامەت ياشلىرىنى تۆكتى. زەئىپلىك تۇپەيلىدىن دەرمانسىز ۋە كۈچ-



سىز ھالدا ئېڭراپ، نالە قىلاتتى. يۈزلىرىگە جىگەر پارىلىرىنى ئاققۇزماقتا ئىدى.

— ئەي تەقۋادارلىقنى ئادەت قىلغۇچى، ئەي دىننىڭ ھىمايىچىسى، قايسى يۈزۈم بىلەن سەندىن ئەپۇ سورايمەن، قايسى تىلىم بىلەن ساڭا ئۆزرىخاھلىق قىلىمەن؛ بۈيۈك دەرەخ ھەممە كىشىنىڭ بېشىغا تەڭ سايە سالىدۇ. لېكىن قارغىش تەگكۈر ئۇششاق باللار دائىم دەرەخكە تاش ئاتىدۇ. گۈلشەندە گەرچە يۈزمىڭلىغان تىكەنلەر باشلىرىنى سوزۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن باھار يامغۇرى ھەربىر تىكەندە گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ. مېنىڭ گۇناھلىرىم ھەددۇ ھېسابسىز. ئەمما سىنىڭ شەپقەت ۋە مۇرۇۋۋىتىڭنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ چەكسىز ۋە پايانسىزدۇر. مەن ساڭا بەكمۇ ئەدەبسىزلىك قىلدىم. لېكىن ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلەپ، قارا يۈز بولۇپ ئالدىڭغا كەلدىم. قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى قەبىھ ۋە يامان ئىشلاردىن ئىبارەت بولدى. چۈنكى مېنىڭ دىن ۋە مەزھىپىممۇ يامان ئىدى. ھەزرىتىڭگە بىرقانچە سىرنى ئېيتماقچى ئىدىم. ئەمما مېنى ئەجەل قىستاۋاتىدۇ. ئۆمرۈمنىڭ پۈرسەتلىرى ناھايىتى ئازلا قالدى، — ئۇ گۈزەل قىز شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولۇش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلدى ۋە ھەزرىتى ئەيسا رۇھۇللانىڭ بەرگەن بېشارىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى، — مېنىڭ بىھۇدە سۆز-ھەرىكەتلىرىمنى ئەپۇ قىلغىن. ھازىر مېنىڭ بىر نەپەسلىك ئۆمرۈم قالدى. ئەمدى ماڭا ئىمان ئۆگەتكىن، مەن مۆمىن مۇسۇلمان بولاي.

شەيخ كۆز ياشلىرىنى تارام-تارام ئاققۇزغان ھالدا، تەرسا يارىغا ئىمان ئۆگەتتى. ئىماننىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ مۇھەببەت رىشتىسى تېخىمۇ مەھكەم بولۇپ چىگىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىز شەيخنىڭ ئالدىدا ئاھ ئۇرۇپ جان تەسلىم قىلدى. بۇ ئەھۋالدىن پۈتكۈل دىن ئەھلى ئارىسىغا يەنە ھاياجان ۋە سۈرەن-چۇقان چۈشتى. پۈتكۈل خالايىق يەنە ئاھۇ پەرياد چېكىپ يىغلاشتى، ئەمما بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبى ۋە تېگى-تەكتىنى دىندارلارمۇ، كۇپپارلارمۇ چۈشىنىپ يېتەلمىدى. بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ، بەكمۇ ئاجايىپ بىر ئىش بولىدى. بىراق ئىشق ساھەسىدە بۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەر ناھايىتى كۆپ يۈز بېرىدۇ. ئىشق-مۇھەببەت بۇنداق. قىزىق ئويۇنلارنى ئىنتايىن تولا كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئىشق شۇ قەدەر پايانسىز بىر دەريادۇركى، بۇ دەريا بۇژغۇنلىرىدىكى ھەر بىر كۆپۈكچە گوياكى پەلەك گۈمبىزىدەك يۈكسەك ۋە

چەكسىزدۇر، ئىشق چەك - چېگرىسىز ۋە
ھېسابسىز كەڭ بىر ئالەمدۇر. ئۇنىڭ ئاس-
مىنى چەكسىز يۈكسەكتۇر، ئۇنىڭ بۇلۇتلى-
رى بۇ يۈكسەك ئاسمانىنمۇ پەستە قالدۇ-
رىدۇ. بۇ ۋادىنىڭ ئاجىز پاشىسىمۇ ئەنقا
(سىمۇرغ) نى ئاجىز قىلىدۇ. ئەگەر ئىشق
ئوتىدىن بىرەر ئۇچقۇن يېتىپ كېلىدىغان
بولسا، ئۇ يۈزلىگەن گۈلدۇرمامىلىق چاقماق-
لاردىنمۇ ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەگەر
ئىشق دېڭىزىدىن بىر تامچە سۇ ئايرىلىپ
يېتىپ كەلسە، ئۇ گويا كى شىددەتلىك كەل-
كۈندەك يامراپ بۇ ئالەمنى خاراب قىلىدۇ.
ئىشق تىغى يۈز مىڭ قېتىملاپ قىرغىنچى-
لىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن قىساس،
خۇن ھەققى ياكى ئىنتىقام ئالغىلى بول-
مايدۇ. ئىشقتىن يۈزلەپ ئاپەتلەرنى كۆر-
گەن كىشىلەرنىڭمۇ بۇ ئازاب ۋە كۈلپەتلەر
ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن مىننەتدار
بولۇشتىن ئۆزگە چارە - ئامالى يوق. يەنە
ئىشق بوستانىنىڭ ئاجايىباتلىرىنى كۆرسەك
ئۇنىڭ سۈيى ۋە گۈل - گىياھلىرىنىڭ
رەڭگى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىدىن ھاسىل
بولغان. بۇ بوستاندا ھەربىر كىرپىك يۈز
مىڭ جانغا سانجىلغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ-
دىن ئەجەبلەنمە. چۈنكى ھىندى قاتىلى-
نىڭ ئادىتى قىرغىنچىلىقتىن باشقا نەرسە
ئەمەس. بۇ بوستاندا بىر ئاجايىپ خال
(مەڭ) يۈز تۈمەن كۆز قارىچۇقىنى خۇددى
بىر ئارتۇقچە چېكىتنى يوقاتقاندەكلا يوق
قىلىدۇ. ئىشق مەملىكىتىدە شاھ بىلەن
گادايىنىڭ پەرقى يوق. بۇتخانىدا يولدىن
ئازغۇچى بىلەن يول باشلىغۇچىنىڭ پەرقى
بولمايدۇ. ئىشق ئىچىدە بالا - قازادىن،
زۇلۇم ۋە جاپادىن باشقا نەرسە يوق.

شەيخ سەنئاننى ئىشق شۇ قەدەر
شەيدا قىلدىكى، ئۇنى ئالەم ئەھلى ئىچىدە
رەسۋا ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن ئىشق ھېچ كىشىگە ماڭا سال-
غاندەك پاراكەندىچىلىك سېلىپ باقمىدى؛
ھېچكىمنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتىنى مېنىڭكىنى
تالان - تاراج قىلغاندەك بۇلاپ - تالاپ
باقمىدى. ئەي نەۋائىي، كەل، ئەمدى
سۆزۈڭنى تۈگەتكىن. ئىشق ئىچىدە كۆپ
دەۋا قىلمىغىن. ئەگەر بىر نەچچە كۈن
ئىشقتىن ئامان تاپساڭلا، ئىشقىڭ شەرھىنى
نەزمە قىلىپ بىر داستان يازىمەن. سۆزۈم-
نىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئىنساپلىق
كىشىلەر شۇنىڭدىن بىلىۋالسۇن.

ئەلقىسسە، شەيخ سەنئان بۇتخانا
ئىشلىرىدىن قول ئۈزدى. كەبىنىڭ تەييار-
لىقلىرىنى پۈتتۈردى. يارىنى ئىشق ئايۋىنى-
دا، يەنى دىن ۋە ئىمان ئەھلىنىڭ گۈلىس-
تانىدا دەپنە قىلدى. شەيخ ئۆز ۋاقتىدا
كەبىدىن بۇتخانىغا سەپەر قىلغىنىغا ئوخشاش،
ئەمدى بۇتخانىدىن كەبىگە قاراپ يول
ئالدى. ئاندىن تەگرى تائالاغا تائەت-
ئىبادەت قىلىپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا
تەۋۋا - ئىستىغپار ئوقۇدى. تەڭرىدىن مېھىر-
شەپقەت ۋە مەرھەمەت تىلىدى. ئاخىر
ئەجەل ئۇنى ئۆز يارىنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزدى.

## قۇشلارنىڭ پېشىۋالىققا قۇرئى سالغانلىقى ۋە قۇرئىنىڭ ھۆپۆپنىڭ نامىغا چۈشكەنلىكى

قۇشلار ھۆپۆپتىن بۇ ئاجايىب قىسسىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەممىسى ھاياتلىقتىن
ئۈمىد ئۈزۈشتى. ئىشق ئۇلارنىڭ قولىلىرى-
دىن ئۆزلۈكىنى ۋە ئىختىيارىنى تارتىۋالدى.

بارچىسى شەۋق ئوتى بىلەن بىقارار بولدى. ئۇلار بۇ يولنى گويا چاقماقتەك شىددەت بىلەن باسماقتا ئىدى. بىر قانات قىقىش بىلەنلا مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپىنى بىسىپ تاماملايتتى. قۇشلار زوق ـ شوق بىلەن ئالدىراپ قانات قاقماقتا، ھەر نەپەستە بىر خەتەرلىك ۋادىنى بىسىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى بۇ مۇشكۇل يولنى بىسىشقا قادىر ئىدى. يەنە بەزىلىرى بۇ سەپەرنى ئاخىرغا ئىلىپ چىقىشقا ئاجىز كىلىشكە باشلىدى. ئاجىز قۇشلار يولدا تويتىن ئايرىلىپ چۈشۈپ قالماقتا ئىدى. چۈنكى بىر قوۋمنىڭ ئارىسىدا بىرەر باشلىق ياكى يولباشچى بولمىسا، قوۋمنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرەر رەھبەر بولمىسا، بۇنداق قوۋم چىچىلىپ، پاراكەندە بولۇپ كىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ھالى بىلەن ئاۋارە بولۇپ كىتىپ، ئاخىر ھەممىسى تۈگىشىدۇ. قويلارنى باشقۇرۇپ، ئوت ۋە سۇغا قويىدىغان چوپان بولمىسا، بۇنداق قوي پادىسىنىڭ زايا بولىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال. ھەر قانداق بىر جامائەتنىڭ پىشۋاسى بولمىسا، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق يولغا قەدەم قويالىشى تەس.

ۋاقتىكى، قۇشلار ئۇ يولنىڭ ناھايىتى نازۇك ۋە يىراق يول ئىكەنلىكىنى بىلدى. ھەممىسى بىردەك پىكىرگە كىلىپ مۇنداق دىيىشتى:

— بىزدىن ئەقىللىق ۋە ھوشيار بىر سەردار چىقىپ، ھەممىمىزگە ھاكىم بولسا بولاتتى. يولىمىز بەكمۇ مۇشكۇل، ھەممىمىز ئاجىزلىشىشقا ۋە زەئىپلىشىشكە باشلىدۇق. بۇ مۇشكۇل ئىشلارنى بىلىدىغان بىرەر قابىل باشلىقىمىز يوق. بىرەر باشلىق تەيىنلىسەك، ئۇ بىزنىڭ بۇ جامائىتىمىزگە رەھبەرلىك قىلسا ئوبدان بولاتتى.

قۇشلار ئىچىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، چوڭدىن كىچىككىچە ھەممىسى بۇ رەھبەرلىك ئورنىغا ھۆپۈپنى كۆرسەتتى. بارچىسى بۇ ئىشقا ھۆپۈپنى لايىق كۆرۈشتى. لىكىن ھۆپۈپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تارتتى.

— مەن سىلەرگە بىلگىنىمچە يول باشلاپ، مەنزىلگە ئىلىپ باراي، بىراق ماڭا بۇنداق مەيلىم يوق ئىشنى تەكلىپ قىلماساڭلار. چۈنكى بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئارىمىزدا ئىناقسىزلىق يۈز بىرىشى مۇمكىن، — دەپ، رەھبەر بولۇشنى قوبۇل قىلمىدى.

قالغان قۇشلارنىڭ ھەممىسى رەھبەرلىك ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ۋە سەپەر ئىشلىرىدا بىلىمسىز ئىدى. ھەممەيلەن بۇ ئىشتا ئامالسىز قالدى. ئاخىر بۇ ئىش ئۈچۈن قۇرئە سىلىشقا كىلىشتى. ھەممەيلەنگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر ـ بىرلەپ قۇرئە سىلىپ كۆردى. قۇرئەدا رەھبەرلىك ئىشى يەنىلا ھۆپۈپنىڭ نامىغا كىلىپ چۈشتى. شۇندىن كىيىن ھۆپۈپمۇ بۇ ئىشتا ئۆزرە ئىيتىشقا ئەپسانە، «ياق» دىيىشكە باھانە تاپالمىدى. رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئامالسىز قوبۇل قىلدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا قول بەردى. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ھەممىدىن ئۈستۈن بولدى. ئۇنىڭ پىشىۋا بولۇشىنى ھەممەيلەن قوللىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىمۇ شۇ ئىدى. بۇ مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇلار بىردەك ھالدا:

— بىز ھەممەيلەن ساڭا تەۋە، سەن بىزنىڭ پىشۋايىمىز. سەن قانداق پەرمان قىلساڭ بىز ئۇنى قوبۇل قىلىمىز. سەن

سەردار بولغىن، بىز ھەممىمىز ساڭا لەشكەر بولىمىز. يولدا بىزنى باشقۇرغىن، توغرا تەرەپكە يېتەكلىگىن، — دەپ ئىلتىماس قىلىشتى.

**بىر ۋادىنىڭ گىرۋىكىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەردىكى مۈشكۈلچىلىكلەرقۇشلارنى ئامالسىز قالدۇرغانلىقى، بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى**

ھۆپۈپ قۇشلارغا رەھبەر بولغاندىن كېيىن، قۇشلار سەپەرنى داۋاملاشتۇردى. بىر نەچچە كۈن كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئاخىر بىر ۋادىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ۋادىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ قارىسا، ئۇ جاينىڭ ھەددى پايانى مەلۇم بولمىدى. ھەممە قۇشلار جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. چۈنكى بۇ ۋادىنىڭ چەك - چېگرىسى يوق ئىدى. ھەددۇ-ھېسابسىز جاپا ۋە كۈلپەتلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ مۇساپىسى ھىجران كېچىسىدەك چەكسىز ۋە پايانسىز ئۇزۇن ئىدى. ئۇنىڭغا نەزەر سېلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئۆمۈر ۋە جانغا ئاپەت ئىدى. لېكىن بۇ ۋادىنى بېسىپ ئۆتمەكتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەممە قۇشلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋەھشەت ۋە زىلزىلە چۈشتى. چۈنكى بۇ ۋادىنىڭ خەۋپ - خەتەرلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغىلى بولمايتتى. بۇ ۋادىغا ھېچكىمنىڭ قەدىمى يەتمىگەن، ئۇنىڭ ئاسمىنىدىن ھېچقانداق قۇش ئۇچۇپ ئۆتمىگەنىدى. بۇ ۋادىنى كۆرگەندىن كېيىن بارلىق قۇشلارنىڭ تەنلىرى بوشىشىپ، قانات - قۇيرۇقلىرى سالپىيىپ قېلىشتى.

شۇ چاغدا بىر قۇش ھۆپۈپتىن:

— بۇ يولنىڭ جانلىقلاردىن خالىي بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ — دەپ سورىدى.

ھۆپۈپ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپ:

— بۇ يولنىڭ ئۇلۇس غوۋغالىرىدىن خالىي بولۇشى شاھنىڭ ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق جەھەتتىكى ئېھتىياجسىزلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر، — دېدى.

## ھېكايەت

ھەزرىتى بايەزىد (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) بىر كېچىسى خىلۋەتتىن سىرتقا چىققانىدى. ئۇ ناھايىتى مۇلايىم، ھېسسىياتچان كىشى ئىدى. بۇ كېچە ئەتراپ ئاي نۇرى بىلەن شۇ قەدەر يورۇپ كەتكەنىدىكى، بۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمان، بايەزىدنىڭ ئەتراپىدا خۇددى پايانسىز بىر گۈلشەندەك كۆرۈنەتتى. دېڭىزدەك كۆپكۆك ئاسماندا يۇلتۇزلار شۇ قەدەر تاۋلىنىپ تۇراتتىكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر پاك گۆھەردەك نۇر چاچماقتا ئىدى. پەلەكتىن ئىبارەت بۇ ئالىي بارگاھ شۇ قەدەر يۈكسەك ۋە چەكسىز قىلىپ يارىتىلغان ئىدىكى، ئۇنىڭ ھەددى - پايانىنى بىلىشتە ئەقىل ئاجىز، ئىدراكمۇ يېتەرسىز ئىدى. ھەزرىتى بايەزىد (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) بۇ ئالىي بارگاھ ئىچىدە قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر مەخلۇقات ئىزناسىنى ئۇچرىتالمىدى.

كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن قانچىلىغان
شەھەر، دەشت ۋە تاغلارنى ئايلىنىپ، ئاخـ
تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر مەخلۇقاتـ
تىن نىشانە تاپالمىدى. ئۆزىدىن باشقا بىرەر
ناتىۋانىنمۇ ئۇچرىتالمىدى.
— ئەي تەڭرىم،— دېدى بايەزىد
ھەيران بولغان ھالدا،— بۇ بارگاھ نېمە
ئۈچۈن دەرد ۋە ئىشتىياق ئەھلىدىن
خالىيدۇر؟
بايەزىدقا غايىبتىن مۇنداق جاۋاب
ئاڭلاندى: «سەن بۇ دەرگاھتىن خەۋەردار
بولغىنكى، بۇ ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق دەر-
گاھىدۇر. بۇنداق دەرگاھقا ھەرقانداق كىشى-
نىڭ يول تاپالىشى ناتايىن. ئۇ شاھنىڭ ئىز-
زەت ۋە ئۇلۇغلۇق ھەرىمىنىڭ پايانى يوق،
بۇ ھەرەمگە مەھرەم بولۇشقا ھېچ كىشىنىڭ
ئىمكانى يوق. تەلەپكارلار ئۆمۈر بويى بۇ
يولدا جان پىدا قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ
بەخت ۋە دۆلەتكە يېتەلىشى مۈشكۈل.»

## قۇشلارنىڭ قىيىنچىلىق ۋادىسى ھەققىدە سوئال سورىغانلىقى ۋە ھۆپۈپنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى

دانىشمەن يول باشچى ھۆپۈپ يۇقـ
رىقى ھېكمەتلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن،
قۇشلارغا بۇ يولدىن ھېسابسىز قورقۇنچ ۋە
تەشۋىشلەر يۈزلەندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
چېكى يوق بالا - قازاغا، پايانى يوق كۆلـ
پەت ۋە جاپاغا دۇچار بولغانلىقىنى ھېس
قىلىشتى. دەرمانى يوق دەردكە مۇپتىلا
بولغانلىقىنى بىلىشتى. بۇ ۋادىدا كۆلپەت
ۋە رەنجۇ مۇشەققەت ئوتلىرى كۆكلەرگە
باش سوزغانىدى، بۇ ئوتلار ئەرش ۋە كۇر-
سىنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى.
بۇ ۋادىدىكى ئىستىغنا شاماللىرى شۇنداق
ئۇسۇل ئويىنىماقتا ئىدىكى، ئۇنىڭ شىددىتىـ
دىن پەلەكنىڭمۇ بېلى سونۇپ كېتىدىغاندەك
تۇراتتى.
بۇنداق ئېغىر مۈشكۈلچىلىكلەر بىلەن
تولغان يولنى جىسمى ۋە جانلىرى مېھنەت
ۋە كۆلپەتكە مۇپتىلا بولغان قۇشلارنىڭ بې-
سىپ ئۆتەلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!
بۇنى خىيال قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۈشكۈل
ئىش ئىدى، ۋاقتىكى، بۇ قورقۇنچ - ۋەھىـ
مىلەر تۈپەيلىدىن قۇشلارنىڭ جىسمىدا جانـ
دىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇلار بىر يەرگە
يىغىلىپ، ھۆپۈپكە كۆپتىن - كۆپ ئاجىز-
لىق، تۆۋەنلىك، يالۋۇرۇش - يېلىنىشلارنى
ئىزھار قىلدى:
— ئەي ھەممىدىن ئەزىز ۋە ھۆرمەتـ
لىك باشلىقىمىز،— دېدى ئۇلار ھۆپۈپكە،—
ئۇلۇغ تەڭرى سېنى بىزگە رەھبەر قىلىپ
تەيىنلىدى. شۇڭا بىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىمىز،
قىيىنچىلىقىمىزنى ئاڭلىشىڭ ساڭا پەرھىز
دۇر. چۈنكى بۇ يولنى سەن بىلىسەن،
شۇنداقلا بىزدەك ئازغۇنلارنى توغرا يولغا
باشلىغۇچىسەن. بۇ يولدا بىز كۆپ مۈشكۈل-
چىلىكلەرگە دۇچار بولدۇق. بۇنىڭ ئىلاجىنى
قىلىش بىز ئۈچۈن پەرھىزدۇر. ھەر بىرىمىز
ساڭا ئۆز سۆزىمىزنى ئېيتىپ، ئۆزىمىزنىڭ
ئەھۋالىدىن سېنى خەۋەردار قىلىشنى ۋە شۇ
ئارقىلىق بۇ رەنج ۋە قايغۇدىن خالاس
بولۇشنى ئارزۇ قىلماقتىمىز. سەن ھەممى-
مىزنىڭ سۆزلىرىمىزگە جاۋاب بېرىپ، مۈشـ
كۈلىمىزنى ھەل قىلغىن،- ئۇلارنى تەپسىلىي

شەرھلەپ بەرگىن. ھەربىر سۆزنىڭ تەپ-سىلاتى بولسۇن ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلىمىزدە ئورۇنلىشىپ قالسۇن. ئۇلار خاتىرىمىزدىكى شۇبھىلەرنى قوغلاپ، كۆڭلىمىزدىكى چېگىشلەرنى يەشسۇن. ھەممىمىزنىڭ دىلىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى تۆكتىپ، بىزنى ھەرخىل قىيىن ھالەتلەردىن قۇتقۇزسۇن. ھېچقايسىمىزنىڭ كۆڭلىدە بىر قىل ئۇچچىلىك ئىككىلىنىشكىمۇ ئورۇن قالمىسۇن. بۇ يولنى بېسىپ ئۆتمەكچى بولغان ئىكەنمىز، كۆڭلىمىز تىنچ بولۇشى زۆرۈر. بىرئاز ۋاقىت بىر يەردە توختاپ، جامائەتنىڭ كۆڭلىنى خەتەردىن تىندۇرغايسەن. كىمكى ساڭا ئۆزىنىڭ مۈشكۈل سۆزلىرىنى بايان قىلسا، ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جاۋاب بەرگەيسەن. كۆڭلىمىزدە ھېچبىر خەتەر، خاتىرىمىزدە ھېچبىر خەتەردىن ئەسەر قالمىغاندىن كېيىن، خاتىرجەم ھالدا يولغا چۈشەيلى-دە، بۇ ئۇلۇغ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قەتئىي بەل باغلايلى. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ بىر-ئىككى كۈنلۈك يول ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭ چېتىگە يېتەلىگەن ئەمەس. بۇنداق يولنى بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن كۆڭۈل خاتىرجەم بولۇشى زۆرۈر. شەك-شۈبھە بىلەن بۇ يولغا كىرىپ، مەنزىلگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ئىلتىماس قۇشلار رەھبىرى بولغان ھۆپۈپكە ماقۇل كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل قىلىپ:

— سوئال سورايدىغانلار بىر يەرگە يىغىلىڭلار،— دېدى.

ھۆپۈپ شۇندىن كېيىن بىر ئېگىز جايغا كېلىپ قوندى. باشقا قۇشلارمۇ ھۆپۈپنى ئەگىشىپ كېلىپ، ئۇ يەرگە چۈشتى. مەرىپەت ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان ھۆپۈپ بارلىق قۇشلارغا خىتاب قىلىپ:

— كىمنىڭ قىيىن سوئالى بولسا، قېنى سورىسۇن!— دېدى.

## بىر قۇشنىڭ سوئالى

قۇشلاردىن بىرى سوئال بېرىپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي قۇشلار جامائىتىنىڭ ئەزىز پېشىۋاسى، سەن ۋە بىز ھەممىمىز بىر جىنستىنمىز. ھەممىمىزنىڭ قانات-قۇيرۇقىمىز ئوخشاش. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە سەۋەبتىن سەن ھەممە سىرلاردىن خەۋەردار بولۇپ، بىز ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز قالىمىز؟ بۇ جەھەتتىكى پەرقنى ئېيتىپ بەرگىن. بۇنداق بولۇپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى قايسى ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەپ بەرگىن.

## ھۆپۈپنىڭ جاۋابى

ھۆپۈپ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— چۈنكى ماڭا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزەرى چۈشكەن. تەڭرى تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا نەزەر قىلىپ، ئۇنى ھەم پەيغەمبەر قىلغان، ھەم پۈتكۈل ئىنسانلار، جىنلار، ئۇچار-قاناتلار، ھاشا-

راتلار ئۈستىدە پادىشاھ قىلغانىدى. تەڭرى- نىڭ لۇتپى - ئېھسانى تۈپەيلىدىن ئەنە شۇنداق سائادەت، سەلتەنەت ۋە دۆلەت ئىگىسى مەندەك بىر پەقىر - مىسكىنگە ئىل- تىپات قىلدى. مېنىڭ قەدىر - قىممىتىم، ئىززەت - ھۆرمىتىم ۋە بېشىمدىكى تاج - ئوتىغاتلىرىمنىڭ يۈكسەك بولۇشى ئاشۇ سە- ۋەبتىندۇر. پاك ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ نە- زەرى كىمگە چۈشسە، ئۇ ئەزىز بولىدۇ. بۇنداق نەزەر تۇپراقنىمۇ ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدۇ.

## شەيخ نەجمىددىن كۇبرانىڭ ئىتقا كۆزى چۈشكەنلىكى

شەيخ نەجمىددىن كۇبرا① (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) ئۆز زامانىنىڭ پېشىۋاسى ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرى بىرەر كىشىگە چۈشسە، ئۇ كىشىنىڭ كۆزى ئەۋلىيالىق نۇرلىرى بىلەن يورۇپ كېتەتتى، ئۇ كىشى ئۆزى ھەتتا ئۆزلۈكىدىنمۇ كېچەتتى. ھەزرىتى شەيخنىڭ ئىشلىرى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇ بىرەر مەخلۇقاتقا كۆز سالسا، ئۇ مەخلۇق شۇ ھامان ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە يېتىدىغان بولىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەيخنىڭ مۇبا- رەك نەزەرى ئىتقا چۈشۈپ قالدى. ئىت بۇ نەزەردىن مەنپەئەت تاپتى، ئۇ ئاشىق- لىق لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئىتلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن باش تارتتى. ئۇ ئىت ھەتتا شەيخ نەجمىددىن كۇبرانىڭ ئالدىدا ھاجەتمەنلەرچە باش قويدى. ئۇ ئىت ھەممە ئىتلار ئىچىدە ئەزىز بولدى. ھەممە ئى- تلار ئۇئىتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنىڭغا لەشكەر بوندى. شەھەر ئىچىدە قاياققا بارسا، باشقا ئىتلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باراتتى، ئولتۇرسا، چۆرىسىدە ھالقا قۇ- رۇپ ئولتۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىت پۈتكۈل ئىتلارغا پادىشاھ بولدى.

ۋاقتىكى، زامانلاردىن كېيىن ئۇ ئىتقا ئەجەل يېتىپ قازا تاپتى. كىشىلەر ئۇ ئىتنى شەيخنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئورۇنغا دەپنە قىلىپ، ئۇنىڭغا خۇددى ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاش قەبرە قاتۇردى. جىمى ئىتلار ئۇنىڭ ماتەمىدە يىغان تار- تىشىپ، قەبرە ئەتراپىدا ماكان تۇتتى. ھازىرقى كۈندىمۇ تەرىقەت ئەھلى ئۇ ئىتنىڭ قەبرىگە يۈزلىرىنى يېقىپ، سادىق- لىق يۈزىدىن ھاجەتمەنلىكلەرنى ئىزھار قىلماقتا. بۇ ئىشلار خارەزم ۋىلايىتىدە ھازىرمۇ مەۋجۇت.

بۇ ئالەمدە بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپراق سۆز بولماس. ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ نەزەرى ئىتقىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ نەزەر بىلەن ئىتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئادەمىيلىك خۇسۇ- سىيەتلىرىنى پەيدا قىپتۇ. ئەۋلىيالارنىڭ تەربىيىتى تۈپەيلىدىن ئىتلار بۇ دەرىجىدە يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەن تۇرسا، قۇش-

① شەيخ نەجمىددىن كۇبرا - ئەسلى ئىسمى ئەھمەد بىننى ئۇمەر ئەل خىۋەقى، ئۇ خارەزملىق مەشھۇر شەيخ بولۇپ، نەجمىددىن كۇبرا دېگەن لەقەم بىلەن تونۇلۇپ، شۆھرەت قازانغان. مىلادى 1221 - يىلى ئۈرگەنچنى مۇھاپىزەت قىلىش مەزگىلىدە چىڭگىزخان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

لارنىڭمۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەر-
بىيىتى بىلەن يۇقىرى مەرتۋىگە يېتىشى
ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس.
ئەگەر قۇشقىمۇ پەيغەمبەر نەزەر قىلسا،
ئالەمدىكى بارلىق قۇشلارنىڭ ئاشۇ مۇبارەك
نەزەرگە ئېرىشكەن قۇشقا تەۋە بولۇشىدىن
ئەجەبلەنگۈلۈك ئەمەس. بۇ جەھەتتە
«ئەنسابۇل - كەھف» (غاردىكى دوستلار)
قىسسىمۇ سۆزىمىزنىڭ راستلىقىغا دەلىل-
دۇر. چۈنكى قۇدرەتلىك تەڭرى ئىلتىپات
ۋە ئىنايەت قىلسا، بۇ ئىلتىپات ۋە ئىنا-
يىتىنى ئىتقا بەخش ئېتىشكىمۇ، قۇشقا
بەخش ئېتىشكىمۇ قادىر. بۇنىڭ ئەجەبلى-
نىدىغان نېمىسى بار؟

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

— ئەي ئەمىر،— دېدى يەنە بىر
قۇش ھۆپۈپكە سوئال بېرىش ئۈچۈن
تەرەننۇم قىلىپ،— سەن بارچە قۇشلارنىڭ
سەرخىلىسەن. مەن بولسام بىر زەئىپ ناتى-
ۋانمەن. بۇ يول بولسا ئىنتايىن مۇشكۈل.
بىر پاشا ئەنقا تەرەپكە قاراپ سەپەر
قىلالامدۇ؟ بۇ يولدا ھەر نەپەستە يۈز خىل
مېھنەت - مۇشەققەت، يۈز تۈمەن شىددەت
ۋە كۈلپەت پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ
يولنىڭ بالايىئاپەت تاغلىرىدىن پۈتكەن
قىيىن ئۆتكەل، داۋانلىرى بار. بۇ يولنىڭ
چاڭ - توزانلىرى كۆزلەرگە ئەجەل تۇپ-
راقلىرىنى چاچىدۇ. ئۇنىڭ بوران - چاپ-
قۇنلىرى بىزدەك زەئىپ بىچارىلەرنى تاغ
ئۈستىگە ئۇچۇرىدۇ. باشلىرىمىزنى تۇپ-
راقنى سورۇغاندەك سورۇپ تاشلايدۇ. بۇ
يولغا سەپەر قىلىشقا شىرلارمۇ پېتىنال-
مايدۇ، مەندەك زەئىپ ۋە خەستە بۇ
سەپەرگە قانداقمۇ جۈرئەت قىلالايمەن؟

## ھۆپۈپنىڭ جاۋابى

— ئەي ئاجىز بىچارە،— دېدى
ھۆپۈپ جاۋاب بېرىپ،— سەن ھىممەتسىز-
كەنسەن، پەس تەبىئەتلىك مەخلۇقكەنسەن.
بۇ تەن ھەرقانچە ئاجىز ۋە زەئىپ بولغان تەق-
دىردىمۇ ئەگەر ھىممەت يۇقىرى بولسا، بۇنىڭ-
دىن ئەنسىرەشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق.
چۈنكى بۇ ئىش شەك - شۈبھىسىز
ئىشق ئىشىدۇر. كىمكى ئاشىق بولمىسا،
ئۇ كىشى ئەر ئەمەستۇر. بۇ ئىشقا ئىشق
ئاۋارىچىلىقى يېتەرلىكتۇر. ھەرقانداق
ھەۋەسكار بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا
ئاجىز. ئاشىقلارنىڭ شاد - خۇراملىقى
ناتىۋانلىق ۋە سەرسانلىقتىن ئىبارەتتۇر.
جاندىن كېچىش، بار - يوقىنى ئۇنتۇپ،
ئۆزىنى يوقىتىش، دائىم يارنىڭ ئىشقى
بىلەن بولۇش ئاشىقلاردا ھەمىشە بولۇشقا
تېگىشلىك نىيەتتۇر. ھەر كىشىگە ئاشىق-
لىق ھىممىتى يار بولسا، ئۇنىڭ ئاجىز
ۋە زەئىپلىكىنىڭ كارى چاغلىق. ئاشىقلار-
نىڭ مۇرادى ئىشق بىلەن جان بېرىشتىن
ئىبارەت. ئۇلار ئىشق باغلىقى ئىچىدە
بارلىق ئاسايىشلىق ۋە ئازادىلىكىنى قولغا
كەلتۈرىدۇ. ئۇلار ئىشق ئىچىدە ئۆلۈشنى،
بۇ يولدا جېنىغا خەتەر يېتىشىنى ئۆزىگە

شان - شەرەپ ۋە مەنپەئەت دەپ بىلىدۇ. ھەر كىشى بۇ ئالەمگە كۆڭۈل باغلىغان بولسا، دۇنيانىڭ پىكىر - خىياللىرىدىن كۆڭلىگە سولغۇنلۇق ۋە غەم - غۇسسە چۈشكەن بولسا، بۇنداق سولغۇنلۇق ۋە غەم - ئەندىشە ھېچكىمگە ياخشى كۆرۈن - مەيدۇ. ئاشىقلار بۇنداق سولغۇنلۇق ۋە غەم - غۇسسىلەرنى خوپ كۆرمەيدۇ. لېكىن ھەر كىشىگە ئىشق تۈپەيلىدىن زەئىپلىك ۋە غەم - قايغۇ چۈشكەن بولسا، بۇنداق قايغۇ - ئەلەملەر ئۇ كىشىنىڭ مەقسەتكە يېتىشىدىكى سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئىشقتىن مەقسەت ئۆلۈۋەدۇر، قايغۇ ۋە زەئىپلىك ئۆلۈمگە يېقىندۇر. بۇنداق زەئىپلىك جاندىن كېچىشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق قىلىشتىن ساقلىنىش غەلىتە ئەھ - ۋال. ئىشق تۈپەيلى جاندىن كېچىشنىڭ سەۋەبى جانانغا يېتىش ئۈچۈندۇر. زەئىپ - لىك چېكىگە يەتكەندە ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. جانان ئۈچۈن جان ۋە جاھاننى پىدا قىلىپ ئۆلۈش ھەممىدىن ئەلا. چۈنكى سەن بۇ جاھان مەملىكىتىدە مىڭ يىل دەۋر سۈرسەڭمۇ بەرىبىر ئۆلۈمنىڭ دەرد - ھەسرىتىدىن خالى بولالمايسەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سەن ھامان ئەجەلدىن يىراق بولالمايسەن. ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ تەلەپكارلىق بىلەن ئۆلۈش ياخشىراق. ئەگەر ساڭا يارنىڭ ئۈمىدى بىلەن ئۆلۈش نېسىپ بولسا، بۇنداق ئۆلۈمنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىق دەپ بىلگىن.

## شەيخ ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير① (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) نىڭ ھېكايىسى

ھەقىقەت سىرلىرىنى بىلگەن بۇ تەقۋادار شەيخ ئىشق يولىدىكى مەنزىل ھەم ۋادىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يار ۋىسالى - دىن نېسىۋىگە ئېرىشكەنىدى.

دەسلەپتە ئۇ ئىشق تۈپەيلىدىن ئىنتا - يىن بىچارە ۋە غەمكىن بولدى. يۈز خىل بالا - قازا تىغلىرى بىلەن باغرى تىلىندى. زەئىپلىك ئۇنى ئەسىر قىلدى. ئۇنىڭ ئاھۇ - ئەپغانىدىن ئۆزگە ئىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ جېنىغا ئىشق چاقمىقىدىن ئوت چۈشكەنىدى. بۇ ئوتنىڭ يالقۇنلىرىدا شەيخنىڭ مەجرۇھ جىسمى ئۆرتەنگەنىدى. ئۇنىڭغا كېچە ئۇيقۇ، كۈندۈزى ئارام يوق ئىدى. ھەر دائىم ئىشقنىڭ غەم - قايغۇلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. كۈندۈزنى يارنىڭ زىكرى ۋە پىكرى بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھىجران ئازابى تۈپەيلىدىن كېچىلىرى شەھەردە تۇرالماي، ئۆزىنى تاغ ۋە دەشتۇ - باياۋانلارغا تاشلايتتى.

ئۇ دەۋردە بىر ۋەيرانە جاي بار ئىدى، ئۇ خۇددى ھوقۇشنىڭ قەسرىدەك ۋەيرانە ۋە تاشلاندۇق بىر كۈلبە ئىدى. بۇ ۋەيرانە جايدا بىر چوڭقۇر قۇدۇق بار ئىدى. ئۇنىڭ چەكسىز سۆيگىسى ھەرقانداق

① ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير - خۇراساننىڭ مېھنە دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شەيخ؛ ئۇ مىلادى 1048 - يىلى ۋاپات بولغان.

كىشىنىڭ شادلىقى فەرق بولۇپ كېتەتتى. شەيخ بۇ قۇدۇق بېشىغا كېلىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئېسىلغان هالدا زار-زار يىغلايتتى. قۇدۇققا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تاڭ ئاتقۇچە ئاهۇ-ئەپغان بىلەن كېچىنى ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تامچە-تامچىلاپ قانلىق ياشلار قۇدۇق ئىچىگە تۆكۈلەتتى. شەيخ بۇ ئىشق دەھشەتلىرى ئىچىدە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بۇ ئارزۇ-ئارمانىغا يېتەلمەيتتى. بەلكى ئىشقنىڭ بالا-قازالىرى ئۇنىڭ جىسمىنى ناتىۋان قىلاتتى، ئۇ نالە-زار قىلىپ هالىدىن كېتەتتى.

شەيخ هىجران ئىچىدە نەچچە يىل ئەنە شۇنداق ئېغىر ئەهۋالدا ئۆتتى. ئۇ ئاخىرى ۋىسال شارابىنى ئىچتى. ئەي هەۋەسكار، ئىشق ئىچىدە ئەرەنلەرنىڭ ئىشى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. كىشى ئۆلمىگۈچە بۇنداق ئەبەدىي دۆلەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

## يەنە بىر قۇشنىڭ هۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

— مەن گۇناهلىرىمنىڭ تولىلىقىدىن ئىنتايىن خىجىلمەن، — دېدى يەنە بىر قۇش هۆپۈپكە، — بۇ ئۇيات ۋە نومۇس تۈپەيلىدىن بەكمۇ ئوسال ئەهۋالدىمەن. گۇناه بىلەن بۇلغىنىپ، ئۆزۈمنى نابۇت قىلدىم. بۇ پاراكەندىلىك غەملىرى مېنىڭ بۇ يولغا قەدەم قويۇشۇمغا توسالغۇ بولماقتا. چۈنكى نىجاسەت بىلەن بۇلغانغان چىۋىننىڭ سىمۇرغ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ پاكىز ۋىسال ئۈچۈن پاكلىق كېرەك-تە. بۇنداق ئۇلۇغ شەرەپكە گۇناه ۋە تەلۋىلىك بىلەن يېتىشكىلى بولمايدۇ. ئۇ پادىشاهنىڭ سۈپەتلىرى هەر قانداق نۇقسانلاردىن پاك، مېنىڭ سۈپەتلىرىم بولسا گۇناه ۋە ئىسيانلار تۈپەيلىدىن ناپاك تۇرسا، مەن ئۇياتماي، خىجىل بولماي يەنە ئۇنىڭ ۋىسالىنى ئىزدىيەلەمدىم؟

## هۆپۈپنىڭ جاۋابى

— سەن ئۆزۈڭنىڭ گۇناهقا پاتقانلىقىڭنى ئېتىراپ قىلدىڭ، گۇناهلىق ئىشلىرىڭنى بويۇنۇڭغا ئالدىڭ، — دېدى هۆپۈپ ئۇ قۇشقا. — شۇنى بىلگىنكى، بۇ دۇنيا مەڭگۈلۈك تۇرۇپ قالغىلى بولىدىغان جاي ئەمەس. هەرقانداق كىشى ئاخىر ئۆلۈم شارابىنى ئىچىدۇ. سېنىڭ ئەگەر ئاشۇ گۇناهلىق پېتىڭچە ئۆلگۈڭ كەلسە، سېنىڭ ئەهۋالىڭغا كىشىنىڭ كۈلگىسى كېلىدۇ. سەن بۇنداق نادانلىقىڭ ۋە غاپىللىقىڭ بىلەن ئەقىل ئىگىلىرى ئالدىدا ئۆزۈڭنىڭ تولىمۇ جاهىل ۋە پاراسەتسىز ئىكەنلىكىڭنى نامايان قىلغان بولىسەن. ئەي هاۋايى-هەۋەسكە بېرىلگەن جانىۋار، ئەگەر سەن بۇ گۇناهلىرىڭدىن خالاس بولۇشقا هەۋەس قىلساڭ، بۇ تولىمۇ ئاسان. يامانلىقلاردىن نىجات تېپىشنىڭ چارىسى توۋا قىلىشتىن ئىبارەت. توۋا قىلىش گۇناه — ئىسيانلار قاراڭغۇسىدا چىراغ ياققانغا ئوخشاش ئىشتۇر. گۇناه ۋە يامان ئىشلاردىن هېچ

كىشى خالى بولالمايدۇ. ھېچكىم ئۆزىنى مەن پاك دەپ ئېيتالمايدۇ. تەڭرى جانلىقلارنى گۇناھتىن خالى قىلىپ ياراتمىغان. ئەي خەۋەرسىز، ئەگەر سەندىن گۇناھ سادىر بولمىسا، ئەپۇ، كەچۈرۈم ۋە رەھمەت دېگەنلەر كىم ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرۈلگەندۇ؟ كىشىنىڭ چىرايى گۇناھ ۋە ئىسيان بىلەن سارغايغان بولسا، تۆۋا قىلىش ئۇ سېرىقلىقنى داۋالايدۇ. رەھمەت دەرياسى جۇش ئۇرۇپ ئۆركەشلىسە، سەن ۋە مەندەك يۈزلەرچە ناتىۋانلارنى گۇناھتىن پاك قىلىدۇ.

## ھەزرىتى ئادەم سەپىيۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكايىتى

ۋاقتىكى، بۈيۈك تەڭرى ئىنسانىيەت تائىپىسىنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ھىدايەت (توغرا يولغا باشلىغۇچىلىق) تاجىسىنى كىيگۈزدى. ئۇ تاجغا يەنە نۇبۇۋەت (پەيغەمبەرلىك) گۆھىرىنى تىكتى. مالائىكلار ئۇنىڭ تۇپرىقىنى سەجدىگاھ قىلدى. يۈكسەك ئاسمان ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراق بولدى. جەننەت باغلىرىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەيلىگاھ قىلدى. ئۇنى شۇ قەدەر ساپ ۋە پاك ياراتتىكى، ئۇنىڭ لەقىمىنى «سەپىيۇللاھ» (تەڭرىنىڭ پاك ئەلچىسى) دەپ ئاتىغانىدى.

ۋاقتىكى، بۈيۈك تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئادەم ئاتىنىڭ ھال-ئەھۋالى گۇناھ ۋە ئىسيان بىلەن يامانلىشىپ، يۈزلىرى قارا بولدى. شۇ قەدەر بۈيۈك مەرتىۋىگە ئىگە بولغان، ھەتتا پەرىشتىلەرگە سەجدىگاھ بولغان بۇ ئىنسانلار ئاتىسىنىڭ ئىشلىرى مەردۇدلۇققا بېرىپ يەتتى، ئۇنىڭ كۆكسىگە رەددىيە پەنجىسى يەتكۈزۈلۈپ، جەننەت بېغىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇنىڭ نېسىۋىسى يۈزلىگەن خىجالەتچىلىكلەردىن ئىبارەت بولدى. ئۇ جەننەتتىن ھىندىستان سەھرالىرىدىن بىرىگە چۈشۈرۈۋېتىلدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە غېرىب-بىچارە ھالدا تىنىماي ياش تۆكتى. ھىجران ئازابى ئىچىدە ئاھۇ-ئەپغانلار قىلىپ، ئەسىرلەر بويى يىغلىدى، نالە-پەرياد قىلدى. ئۇنىڭ جانلىرى خەس ۋە خەشەكتەك كۆيۈپ، ئۆرتەنگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ تۆۋىسى يامان ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى بولۇپ قالدى.

رەھمەت بېغىدىن يەنە يېقىملىق شاماللار ئېسىشكە باشلىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام يۈز مىڭلىغان رەنجۇ-مۇشەققەتلەر ئىچىدە يەنە سالامەت قالدى. ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجسىز بولغان بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى ئۇنىڭ تۆۋا-ئىستىغپارلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنى قايتىدىن يەنە ئۆزىنىڭ يېقىنلىق ھەرىمىگە كىرگۈزدى.

ئاشۇنداق بىر كىشىنىڭ مۈشكۈلى ئاسان بولغان يەردە، سەندەك بىر زەئىپ ۋە بەختسىزنىڭ ياخشىلىققا يېتىشمىكى نېمىشقا مۇمكىن بولمىسۇن؟ ئەگەر سائادەتكە ئېرىشەي دېسەڭ تۆۋا قىلىپ، تەرىقەت يولىغا كىرگىن. شۇندىلا ھەقىقەتتىن ئىبارەت مەقسەتكە يېتىسەن.

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى

— ئەي تاجدار، — دېدى يەنە بىر قۇش ھۆپۈپكە، — مېنىڭ مىجەزىم خىلمۇخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تەبىئىتىم ھەر تۈرلۈك سۈپەتلەردە بولۇپ، مۇقىملىشالمايدۇ. گاھى پاسىق بولسام، گاھى پاكىز، تەقۋادار بولۇپ قالىمەن؛ گاھ خارابات ئەھلىنى ياقتۇرۇپ قالسام، گاھى مۇناجات ئەھلىگە خۇشتار بولىمەن. گاھى ھەرەم مەجلىسىدە خۇداگۇيلۇق قىلسام، گاھى بۇتخانىغا كىرىپ، بۇت ئالدىدا باش قويىمەن. دېمەك، مېنىڭ ئەھۋالىمدا ھېچبىر مۇقىملىق يوق. شۇ سەۋەبتىن مۇجمەل ۋە چېكىش خىياللارغا چىرمىلىپ كېتىمەن. مىجەزىمنىڭ شۇملۇقى تۈپەيلىدىن ناچار ئىشلارغا ئادەتلىنىپ قالدىم. تەڭرى رەھمەت قىلىپ ماڭا بىرخىل مۇقىم مىجەز ئاتا قىلغان، ماڭا يول كۆرسەتكەن بولسىدى، كاشكى. بىراق مەن ھازىرغىچە بۇ يولغا چىن ئىخلاس بىلەن قەدەم قويالمايۋاتىمەن.

## بۇ قۇشقا ھۆپۈپنىڭ بەرگەن جاۋابى

— ھەي تۇتامى يوق بىمەنە جانۋار، — دېدى ھۆپۈپ جاۋاب بېرىپ، — شۇنى بىلگىنكى، ھەممە جانلىقنىڭ ۋۇجۇدىدا نەپسى بار. شۇنداقلا روھمۇ بار. بۇلارنىڭ بىرىدىن شۇملۇق ۋە پالاكەتلىك كېلىدۇ. يەنە بىرىدىن بولسا، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ياخشىلىقلار كېلىدۇ. ھەركىم ئۆزىدىكى نەپسانىيەتنى بارغانسېرى كېمەيتىپ، روھانىيەتنى كۈچەيتىش زۆرۈر. ھەر كىشىنىڭ ۋۇجۇدى مۇشۇنداق سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشكە مۇناسىپ بولسا، ئۇنىڭ شەرەپلىك ئۆمرى پاك ئۆتىدۇ. ھەركىمنىڭ ئادىتى ۋە مىجەزى ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز بولسا، ئۇلار ئىپلاسلىق ۋە غەم-ئەندىشىدىن خالى بولالمايدۇ. ئۆمرى سېنىڭ ۋاقتىڭدەك نەتىجىسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداق كېسەل جاپا-مۇشەققەت چېكىش ۋە رىيازەت تارتىش بىلەن شىپا تاپىدۇ. كىشىنىڭ مىجەزى رىيازەت چېكىش ئارقىلىق مۇقىملىشىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ نەپسىنى ئىدارە قىلالمىسا، ھەم بۇ تۈپەيلىدىن غەم ۋە قورقۇنچقا قالغان بولسا، بۇنىڭدىن خالاس بولۇشنىڭ چارىسى مۇرشىد ئالدىدا باش ئېگىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق كېسەلنى داۋالايدىغان تېۋىپ مۇرشىدى كامىلدۇر. خالايىق بۇنداق كامىل مۇرشىدلارنى «پىر» دەپ ئاتايدۇ.

مەسلەك ئىگىلىرىدىمۇ نەپسىنىڭ قوشۇنلىرى تۈپەيلىدىن بەزى ئىللەتلەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئىللەتلەر ئۇلارنى خارلىق ۋە گۇمرانلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئىللەت «فېئلى زەمىمە» (يامان قىلىق) دەپ ئاتىلىدۇ، تەڭرى يولىغا كىرگەن ھەر بىر تەلەپكار بۇنداق ئىللەتلەردىن خالى بولالمايدۇ. كامالەتكە يەتكەن پىرلار بۇنداق ئىللەتلەرگە بىر تۈرلۈك ئىلاج بىلەن داۋا قىلىدۇ-دە، ھەقىقىي تەلەپكارلار شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىللەتتىن شىپا تاپىدۇ.

بىلگىنكى، سېنىڭدىكى بۇ ئىللەت
دەل يۇقىرىقى ئىللەتلەردىن بىرىدۇر.
شۇڭا سەن ئۇنىڭغا رىيازەت چېكىش
ئارقىلىق ئامال قىلىشىڭ شەرت. ئۆزۈڭنى
ياخشى مۆلچەرلەپ، بىلگىنى بۇ ئىشقا
مەھكەم باغلىغىن. ئۈمىدىمىز شۇكى،
تەڭرى سېنى ئۆز لۇتپى - مەرھەمىتىگە
سازاۋەر قىلغاي. شۇ ئارقىلىق سېنى
بۇنداق ھاۋايۇ - ھەۋەسلەردىن خالاس قىل-
غاي. بۇ دىشۋارچىلىقتىن خالاس بولۇپ،
شادىمان بولغايسەن. ھەق يولىدىكى پاك
يولۇچى بولۇپ قالغايسەن.

## ئەبۇ تۇراب نەخشەبى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) نىڭ ھېكايىسى

ھەقىقەت ھالقىسىنىڭ پاك ساماچىسى
بولغان ئەبۇ تۇراب نەخشەبى① تەڭرى
دەرگاھىغا يەتكەن زات ئىدى. كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ئۇ بىر مۇرىتىنىڭ تەقى - تۇرقىغا
نەزەر سالدى. ئۇ مۇرىت ھەر خىل زىبۇ-
زىننەتلەر بىلەن ئۆزىنى پەردازلىغانىدى.
ئۇنىڭ دەرۋىشلىك كىيىمى بولغان خىر-
قىسى ساپ ماتادىن تىكىلگەن بولۇپ،
ئۇنىڭغا قىزىل، يېشىل ۋە سېرىق رەڭلەر
بىلەن نەقىش ئىشلەپ، گۈل چېكىلگەنىدى.
ئۇ مۇرىتنىڭ نەپسى گۈزەللىككە مايىل
بولغانىدى. شۇڭا ئۇ پەقىرلىق ئىچىدىمۇ
لىباسىنى زىننەتلىگەنىدى.

پىر ئۇنىڭ بۇ خىل ھاۋايۇ - ھەۋەس-
تىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كۆپ
رىيازەت ۋە مۈشكۈلچىلىكلەرنى بۇيرۇدى.
بىراق ئۇنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بول-
مىدى. مۇرشىدى كامىل بۇ مۇرىتنىڭ
بېشىدىكى بۇ ۋەسۋەسىلەرنىڭ تېخىچە
يوقالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخىر مۇنداق
پەرمان قىلدى:

— سەن قۇشخانىغا بېرىپ، قاساپ-
نىڭ ئالدىدىن ھەر كۈنى بىر سېۋەتتە
قوينىڭ ئىچ ئەزالىرىنى پۈتۈن قان - يىرىڭ
ۋە نىجاسەتلىرى بىلەن قوشۇپ، بېشىڭ
ئۈستىگە ئېلىپ ئەكەلگىن. شۇ تەقلىدتە
ھەر كۈنلۈكى ئۆز نەپسىڭ بىلەن جەڭ قىلغىن.

باشقا مۇرىتلار بۇ مۇرىتنى قۇشخانىغا
ئېلىپ بېرىشتى. ئۇلار قاساپتىن نەچچە قوي-
نىڭ ئۆپكە - قېرىن، جىگەر - ئۈچەي قاتارلىق
ئىچكى ئەزالىرىنى قان - يىرىڭ ۋە نىجاسەت-
لىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋېلىپ، بىر سېۋەتكە
قاچىلىدى. ئاندىن ئۇ سېۋەتنى مۇرىتنىڭ
بېشىغا قويدى ۋە مۇرىتقا سېۋەتنى مەھكەم
تۇتۇشنى بۇيرۇدى. مۇرىت بۇ مەينەتچىلىك
ۋە مۇشەققەتلەر تۈپەيلىدىن قان - زەرداپ
يۇتتى. ئۇنىڭ سەللىسىدىن قان - زەرداپ
ۋە نىجىس سۇلار تامچىلاپ تۇراتتى.
مۇرىت سېۋەتنى ئاشۇ ھالەتتە نەسەف②
بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ
شەيخنىڭ قارارگاھىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ
ئىش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ نەپسىگە قاتتىق
ھاقارەت يەتتى. مۇرىت بۇ ئىشنى نەچچە

(داۋامى 125 - بەتتە)

① ئەبۇ تۇراب نەخشەبى — نەخشەب (ھازىرقى قەرشى) شەھىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شەيخ.

② نەسەف — ئوتتۇرا ئاسىيا (ماۋەرائۇننەھر) دىكى بىر شەھەرنىڭ نامى. بۇ شە-
ھەر تارىختا «نەسەف»، «نەخشەب» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. ھازىر «قەرشى شەھىرى»
دېيىلىدۇ.

# مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۇسۇپ

مۇھەررىردىن: شائىر ھىرقەتى 17 - ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي مىراسى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى، يۇقىرى بەدىئىي سەنئىتى ۋە نەپىس تىلى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىمىزدىن ئۆزىگە خاس ئورۇن ئالغان. شائىر ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق ئەسىرىدە مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلىدۇ.

ھىرقەتى داستانىدا دىباچە (كىرىش سۆز)، ھەمدۇسانا، نەئت، پەيغەمبەرلەر ھەققىدە رىۋايەت قاتارلىق مەزمۇنلاردىن كېيىن ئاساسى تېمىغا كۆچىدۇ ۋە خاتىمە بىلەن داستاننى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

شائىر ھىرقەتىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ساقلانمىغان. پەقەت ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانىنىڭ دىباچىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن بەزى مەزمۇنلاردىن ئۇنىڭ ئىسمى، يۇرتى، كەسپى، ياشىغان دەۋرىگە ئائىت قىسمەن مەنبەلەرگە ئىگە بولالايمىز.

ئەسەرنىڭ دىباچىسىدە كۆرسىتىلىشىچە: شائىر ئافاق خوجا دەۋرىدە ئۆتكەن. ئۆزىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن، ئاتىسىنىڭ ئىسمى خاجەمقۇلى بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ تازغۇن يېزىسىدا تۇغۇلغان.

ئۇ ئافاق خوجىنىڭ ھۇزۇرىدا باغۋەنلىك مەنسىپى بىلەن چىراغچى، كاۋاپچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. داستانىنىڭ دىباچىسىدە، بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«...بەندەئى ئەۋلادى مۇھەممەد كاشقەر ۋىلايەتىدىن، تازغۇن دەھى، پىر ھىدايەتىدىن خالى، ئازغۇن رەھىدىن قىشلاغى، باغچى ۋە سانى چىراغچى ۋە سالىسە كەبابچى. بۇ ئىشلار ۋە بۇ رەۋىشلەر زۇبدەئى پەيغەمبەرزادەلەر ۋە شەھ ئازادەلەر دەۋرىدەدۇر.»

ھىرقەتى ئالىي مەلۇماتنى قەشقەر مەدرىسلىرىدىن ئالغان. ئۇ ئەرەب، پارس، ئۇردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە شۇ ئارقىلىق شەرق ئىسلام ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ چىققان.

شائىر داستانىدا «ھىرقەتى» (يەنى كۆيۈپ يانغۇچى) دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالار دەلىللەيدۇ:

«ئىلاھا، ھىرقەتنى شاد قىلغىل. «ئىلاھا، قىلمە نەۋمىد ھىرقەتنى،
مۇھەببەت ئەھلى ئىچرە ياد قىلغىل» نەسىب ئەتمە جەمالىڭ فۇرقەتنى.»

ھىرقەتى بەزى تەزكىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئۆزىنىڭ لىرىك غەزەللىرى بىلەن ئەينى دەۋردە قەشقەردە شۆھرەت قازانغان. شائىر ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانىنى سەلاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىن ئىلھاملىنىپ يازغان. بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ دىباچىسىدە: «كىتابى گۈلى بۇلبۇل نەزەرىمگە يەتتى، كۆڭۈل مۇرغى تەتەببۇئىغە پەرۋاز ئەتتى.» دەپ قەيت قىلىدۇ.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق بۇ داستاننىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى تەتقىقاتچى رەھمىتۇللا جارىنىڭ جاپالىق مېھنىتى بىلەن 1957 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 4 - 5 - سانلىرىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنىپ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. 1982 - يىلى يەنە رەھمىتۇللا جارى ئىشلەپ چىققان ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى بىلەن يەشمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كىتابچە سۈپىتىدە نەشر قىلىندى. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھەر ئىككىلا قېتىم ئېلان قىلىنغان بۇ داستاننىڭ ئىشلەشتە ئاساسلانغان قول يازمىسى ئەسلىدە باش - ئاخىرى يوقالغان قول يازما بولغاچقا، ھەر ئىككىلا قېتىم داستان كەم ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە داستاندىكى ھەمدۇ سانا نەئت قىسمى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تولۇق ئېلان قىلىنماي قالغان.



يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ماتېرىياللار فوندىدىن بىر قول يازما نۇسخىسى بايقالدى. تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە، بۇ نۇسخا خېلىلا مۇكەممەل ئىكەن.

بىز تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرىغا بۇ نۇسخىنىڭ ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى نەزەر - ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇنى ئايرىم نۇسخا سۈپىتىدە تولۇق ئېلان قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرى فېئودالىزم شارائىتىدا يارىتىلغاچقا، شائىر بۇ داستاننى يېزىشتا شۇ دەۋرنىڭ ئىدىيىۋى چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمىغان. شۇڭا ئەسەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

* *

ھەمد بېھەد ۋە ستايىش بىئەدەد ئول شاھ ئەھەدغە، ئەجز نىياز بىشۇمار ئەللا-ھۇس - سەمەدغە فىدا بولسۇن خانىمان بەلكى ئىككى جەھان ئول زاتغەكىم، ئىشق ۋە مۇھەببەتنامەسىنى ئانىڭ ئاتى بىلە ئارايىش قىلدىم، تا ئىشق تاغىدىن بەدەن باغىغە نە-سىمى يەتمەسە، كۆكۆل غۇنچەسى تەبەسسۇم ئەتمەس. سىدق ياغىدىن كۆكۆل چىراغىغە قۇيۇلماسا، ئىخلاس فەتىلەسىگە ئىشق ئوتىنىڭ شەرارى تەزەللۇم ئەتمەس. مەئرىفەت چۇماغىدىن ئارىق ئاياغىچە رەنج يەتمەسە، شىكەنجەسى تەكەللۇم ئەتمەس. مۇغەننى قا-نۇن قۇلاغىنى تابىغە سەرا - سەر كەلتۇرۇپ، باشىدىن - ئاياغىغە بەرابەر تۇزۇپ نەۋاختە قىلماسا، بوزۇق تەرەننۇم ئەتمەس. كۆز بۇلاغىدىن سۇ ئىچمەسە، ھۇسن باغىنىڭ گۈلى كۆكەرمەس ۋە ھۇسن گۈلى ئاچىلماسا، نەزەر بۇلبۇلى نىگەران بولماس. ئىشتىياق با-دەسىن نوش ئەتسە، ۋەسل شەرابىن ئىچمەيىن قالماس ۋە فىراق خۇمچەسى جۇش ئەتمەسە، ۋىسال ئاياغىن ئىستەيىن تاپماس. ئەگەر دەۋا ئىستەر ئىسەڭ ئەھلى دەرد بول. زەئىف كۇلفەتىدىن رەڭگى زەرد بول. ئەگەر كىشى دەردمەند ئەمەس، تەبىبكە ھا-جەتمەند ئەمەس. ئۆلكى، رەنجىنىڭ ئەسرى ئەمەس، سۆزىنىڭ تەئسىرى بولماس.

**بېيىت**

بەيانى ئىشق - مۇھەببەتنى ئىپتىدا قىلايىن،
نىشانى مېھنەت ئىلە سۆزنى ئىنتىھا قىلايىن.

ئەئنى، ئاشىق مۇھەببەتسىز بولماس ۋە مۇھەببەت مېھنەتسىز. لۇقمە تۇزسىز بول-سە، بولۇر لەززەتسىز. مۇھەببەت تاتلىغ ئېرۇر، مېھنەت ئاچچىغ. ئەمما مۇھەببەت ئىشىدىن مېھنەت تاپىغۇسىدۇر ھەر نەچە بولسە قاتتىغ. مۇھەببەت ۋە مېھنەت بىر سۇرەتدە كۆرۇنۇر، ھەر-فىدىن «مۇھەببەت»، «مېھنەت» بولۇر. نۇقتەنىڭ سەرفىدىن «مۇھەببەت»— يۇمشاغلىق ئېرۇر، «مېھنەت»—قاتتىغلىق. ئانداغكى، قاتتىغلىقدىن پەيدا بولۇر تاتلىغلىق. «مۇھەببەت» بىلەن «مېھنەت—نۇقتەدىن ئايرىلۇر، ئەگەر نۇقتە ئايرىلماسا سۆز قاچان يارىلۇر. نۇقتە مىسلى يۇكدۇر، سۇرەت ھەرف. مانەند باركەش يۇكنى گاھى ئۇستىۇن، گاھى ئاستىن باركەش ئۇستىگە ئالسا—مېھنەتدۇر، ئاستىغە ئالسا—راھەت. قاچان مەرھەم قويار تەندە بولمسا جەراھەت.

**نەزم**

بىلىك، مېھنەتكە ئۆزىن سالدى دېھقان، تىكەنىنىڭ زەخمىدىن قانلار ساچىلدى،
ئىكىن جاي ئۇستىدە تا چەكتى كۆپ جان. كۆرۇك، باغىدا ئاخىر گۈل ئاچىلدى.
ئاياغى خارۇ خەسدىن بولدى رەنجۇر، مۇھەببەت بولمسا - مېھنەت كېرەكمەس،
بۇ ئاچچىغ ئىشلار ئاخىر بولدى گەنجۇر. شەجەردە مېۋە يوقدۇر، شاخ ئېگىلمەس.

مۇھەببەت—تۇھفەئى مەئىشرۇق ئېرۇر ئاشىققە ۋە مېھنەت—لۇقمەئى مەتلۇب ئېرۇر سادىققە. قەلب بىلىنمەكى مەھەكدىن، باران كېلىنمەكى فەلەكدىن. ئەبر نەيسان ئەشكىن ساچماسا، سەدەف ئاغزىن ئاچماس. ئافتاب تۇلۇئ ئەتمەسە، زۇلمەت قاچماس. سەدەف ئىستەمەكدىن غەرەز—دۇردىن. قارا تاش باغرىدا لەئل ئولماقى—نۇردىن. غەرەز، راھەت ھەم ئاندىن، مېھنەت ھەم مەسكەنەت ھەم ئاندىن، دەۋلەت ھەم ئەسل دۇرەفشانلىق باراندىن ۋە نۇر ئەفشانلىق خۇرشىد تاباندىن.

بېيىت

ئەگەر سۇ بولماسا گۈللار ئاچىلماس،
سەدەف يارىلماسا دۇرلار ساچىلماس.

ئەي بىنىشان، جۇملەئى ئالەم سېنىڭ نىشانەڭدۇر، بۇ ئايەت مەزمۇنى بىرلە: «سەنۇرىھىم ئاياتىنا فىل ئافاقى ۋەفى ئەنفۇسىھىم»①. ئەي بىزەبان، جۇملەئى ئالەم سېنىڭ زەبانىڭدۇر، بۇ ھەدىس گۇۋاھلىقى بىرلە: «ئەل - ئالەمۇ كەلىماتىللاھى تەئالا فاتىھەن» مۇھافەتەنەت سەندىن ۋە «لايىھەن» فىكرەت ھەم ۋە «زابىتەن» ھىممەت سەندىن ۋە «زايىقەن» سۇرب قۇربەت ھەم ۋە «لامىئەن» نۇر سەندىن ۋە «جامىئەن» ھۇزۇر ھەم ۋە «بالىغەن» كۇدۇر سەندىن ۋە «رايىھەن» سۇرۇر ھەم ۋە گويالىق تىلىنىڭ كەمالى سېنىڭ قۇدرەتىڭدىن. ئىلاھا، بۇ تەكەللۇمۇمغە نۇتقۇڭ دەرياسىدىن سۇ كىگۈزگىل ۋە غۇنچەئى تەبەسسۇمۇمغە لۇتفۇڭ بادىدىن بۇي يەتكۈزگىل تاكى سەندىن رەيھە ئېلتەيىن ۋە سۆزنى سەرىھە ئايتايىن.

بېيىت

بۇ كۆڭلۇم باغىدا گۈللار ئاچىلسۇن،
ۋۇجۇدۇم كانىدىن دۇرلار ساچىلسۇن.
ئاچىلسۇن لەب بۇ سۆزگە لالە يەڭلىغ،
تۆكۈلسۇن دۇر تەنىمدىن بالە يەڭلىغ.

ماڭا مېھرىڭ شەرابىدىن نەسىب ئەت،
يۈزۈم رەڭگىنى ئول سۇ بىرلە سىب ئەت.
ئاچىلىپ بەزم ئىچىدە گۈل بولايىن،
ئايتىپ نۇكتەلەر بۇلبۇل بولايىن.

تاكى تەكەللۇم ھۇسنىغە سېنىڭ زىكرىڭدىن پەرداز بەرمەگۈنچە ھۇسن سۇخەن تابان بولماس ۋە كۆڭۈل گىرىھلارى تەبەسسۇمىغە سېنىڭ فىكرىڭ باغىدىن نەسىمى تەگمەسە، لەب غۇنچەسىخەزان ئولماس. ئىشق - مۇھەببەتنىڭ زورى سۆزنىڭ كىسرەتىدىن مەئلۇم بولۇر ۋە ئىنس - ئۇلفەتنىڭ ھۇزۇرى كۆزنىڭ ھەسرەتىدىن مەفھۇم بولۇر. تاكى خۇدايىتەئالانىڭ زاتىدا جەمال نەمايىشى ۋە ھۇسن ئارايىشىنىڭ ئىشقى ھۇۋەيدا بولدى. مىرسەبەب بەنىش جەمال ۋە ھەسەب دانىش ھال نۇرى مۇھەممەدنى پەيدا قىلدى. ئاتى مۇھەممەدنى ئۆزىگە سىفاتى سەرمەد ئۇچۇن زۇھۇرغە كەلتۇردى ۋە ئانىڭدىن بۇرۇن

① «قۇرئان كەرىم». مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى 478 - بەت. سۈرە فۇسسىلە 53-ئايەت.

ئانىڭ ئەسلىدا چەندان ھەمنام ۋە ئانىڭ قىسمىدا چەندان سۈرەتى گۈلفام دۇرغە يەتكۈردى. ئاقىبەت، ھەرقايىسىنى بىر رەۋىشدە مەقسۇدىغە يەتكۈردى، ناپەدىد قىلدى. مۇھەممەدنى بىر ئىشدا مەھمۇدىغە ئېلتۈردى. تەلەب ئەسىر مۇشەئىبىد قىلدى. ئانداغكى، ئاي - يىل كەمالىغە يەتمەگۈنچە يەنە ئىلگەرىلىككە ۋە شىكەستەلىككە قەدەم قويۇپ، ئۆزىن ئەدەم قىلمايدۇر. غەرەزدە دىل ئېردى، گۈلنى ھىجاب قىلدى. ھەر ئايىنە بىنىقاب بولمايدۇر. مەقسەد ئول ئېردىكى سۆز جەۋھەرىنىڭ بىبەھالىقىدا ۋە ئۆز گەۋھەرىنىڭ خۇد نەمالىقىدا ئېردى. تەڭرىتەئالا ھەم دوستىغە نامە فۇرقانىنى ئىبەردى: «ئەر - رەھمانۇ ئەللەمەل - قۇرئان»① بەيانى ۋىرد ھالدۇرلار: «ئىننەللاھە جەمىلۇ ۋە يۇھىببۇل جەمال»دۇر.

نەزم

كۆكۆل جان بىرلە ئىزدەر بىر يۈزى گۈل لەئلى قەند ئولسە،
چەراكى ساف دىللارنى ئۆزىگە تەگرى ھەم ئىزدەر.

يۈزىن كەرەشمەسى ئېردىكى ئەلگە فاش ئەتمەك،
بۇ شىۋە بىرلە جەھان تەلئەتىن قوياش ئەتمەك.

ئىلاھا، تىلىمغە ۋەسفىڭغە لايىق سۆز ئەتا قىل، غەيرى سۆزلەمەيىن ۋە ھۇسنۇڭغە مۇۋافىق كۆز نەماقىل، غەيرى كۆزلەمەيىن.

نەزم

دىلىم قۇفلىغە لۇتفۇڭدىن كۈشايىش،
يەتۈرگىل، يەتمەسۇن تەبئىمغە كاھىش.
ياراتتىڭ بەندەنى مەئبۇد نەمالىق،
ماڭا سۆز بەر ئارىغ ھەمدىڭغە لايىق.
بارى قۇللۇقدا قىل بەندەڭنى سادىق،
مېنى قىلمە، ئىلاھىم، غەيرى ناتىق.
كۆكۆل لەۋھىنى، يارەب، ئەيلە شۇستە،
مۇھەببەت خەتتىنى قىلغىل نەۋىشتە.
غەمىڭنى قىل ماڭا ھەر يەردە ھەمدەم،
تىلىمغە ئىشق لەفزىن ئەيلە مەھرەم،
غەمىڭدىن ئۆزگە، يا رەب، غەم كېرەكمەس،
يېتەر دەردىڭ ماڭا، مەرھەم كېرەكمەس.
مېنى سال مېھرىبانلىغ باغىڭ ئىچرە،
ئاچىل ئەي، لالە يەڭلىغ داغىڭ ئىچرە.
كىشىدە يوق سېنىڭ دەردىڭ - كېسەكدۇر،
كىم ئولسە ئىشقسىز - بىشەك ئىشەكدۇر.
جەھاندا ئىشق ئېلى دۇررۇ گۆھەردۇر،
مۇھەببەتسىز كىشى، بىل، مۇھرەخەردۇر.
سېنىڭ فەزلىڭ ئېرۇر ئالەمگە يەكسان،
ۋەلې ئىشقىڭ ئەۋامە بەرمەگەي جان.
ماڭا ئىشق ئىچرە، يا رەب، بەرگىل ئىخلاس،
بېرىپ ئىخلاس ئۆزۈڭغە ئەيلەگىل خاس.

① «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 532 - بەت، سۈرە رەھمان 1 - ئايەت.

كۆكۈل ئۆيىنى دەردىڭغە ئىمارەت
ياساپ، غەيرى غەمىڭنى ئەيلە غارەت.
كۆكۈلگە دەرد ـ دارويى شىفادۇر،
فىراق ئەھلىگە ئول جەزب لىقادۇر.
نەسىب ئەتكىل ماڭا ئىشقىنىڭ شەرابىن،
هەرام ئەت ئىككى ئالەم خوردۇ خابىن.
ئەلەدەك قىل مېنى ئىشقىڭ ئارا تۇز،
فەئالى ناردانىڭ رىشتەسىن ئۆز.
يارۇت كۆكلۈمگە ئىشقىڭنىڭ شەرابىن،
چىقار ئاندىن يەنەنىڭ دەردۇ داغىن.
مېنىڭ بەختىمنى ئويغات ئۇيقۇسىدىن،
مېنى قۇتقار جەھاننىڭ قايغۇسىدىن.
مۇهەببەت بەھرىدىن ئەر ئاب زەۋقىم،
نەم ئولسۇن سۇ بىلە ئول تەهت فەۋقىم.
سېنىڭ يادىڭ سەقەردە بولسە ـ جەننەت،
ئېرۇر جەننەت سېنىڭسىز دەردۇ مېھنەت.
جەمالىڭ بولماسا گۈلدىن نەخۇشلۇق،
سۆزۈڭ يوق ئەلگە بۇلبۇلدىن نە خۇشلۇق.
سېنىڭ دەردىڭ ئېرۇر جانىمغە راهەت،
غەمىڭسىز يەتكۈرۈر مەرهەم جەراهەت.
ئىشتمەس غەيرى نۇتقۇڭنى قۇلاغىم،
جەمالىڭ يوق، ئاقار كۆزدىن بۇلاغىم.
قاشىڭسىز يوقتۇ قورقۇنجىم قىلەپدىن،
جەھان قايغۇسىنى قىل فارىغ ئىچدىن.
كۆزۈڭ ۋەسفىنى زاكىر ئەيلە لەبكە،
لەبىڭ شۇربى ئۈچۈن سالغىل تەلەبكە.
كۆكۈل مۇرغىغە زۇلفۇڭدىن سەلاسىل،
سالىپ بىرك ئەيلە، قىل هۇسنۇڭغە سايىل.
قاچان دەفئ ئولغۇسى هەدسىز خۇمارىم،
تەلەب شۇربىغە يوق هەرگىز قانارىم.

...ئول ۋەجهدىنكى «كىتابى گۇلى بۇلبۇل» نەزەرىمگە يەتتى. كۆكۈل مۇرغى تەتەب-
بۇئىغە پەرۋاز ئەتتى. بۇ پىشە غۇلغۇلەسىدىن ۋە ئەندىشە بۇلبۇلەسىدىن تەكەللۇم سۈيى
ئەنداز ئەتتى. بۇ سەبەبدىن خامەتىلىنى نەم قىلىپ، نامە مەرزىئەسىغە زەم قىلىپ، دۇر-
لار ساچىپ، گۈللار ئاچتى. نېچۈنكى، سۆز ئىشق تەجەللىسىدىن ئېردى، نامە مەهەللە-
سىگە كەلتۇردۇم ۋە ئۇششاق قەبىلەسىگە بۇ كەلىمەلەر جەمىلەسى يادكار بولسۇن. بۇ هە-
دىقەئى گۈلزارنى ۋە هۇققەئى دۇررى بارنى تابىتە ئەيلەپ، فەسىهەلەرگە رابىتە قىلدىم.
بۇ كىتابغە «مۇهەببەتنامە ۋە مېهنەتكام» ئات قويدۇم. ئەگەر كىشى ساهىب تەسنىفنىڭ
كەلامىن ئىشتىپ، نامىن بىلەيىن دېسە، مەجهۇل قالماسۇن، مەئلۇم بولسۇن ۋە مۇبهەم
بولماسۇن، مەفهۇم بولسۇن دەپ، هەدەف نامىمنى ۋە تەرەف مەقامىمنى تەئيىن قىلدىم-
كىم مۇهەممەد ئىمىن خاجەمقۇلى ۋە ئازادەلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېهنەت تاغىنىڭ
گۈلى ۋە مۇهەببەت ئۇچاغىنىڭ كۈلى ۋە دوستدار تەرىقەئى خەلاسەئى ئەهمەد ۋە بەنى-
دەئى ئەۋلادى مۇهەممەد كاشقەر ۋەلايەتىدىن، تازغۇن دەهى، پىرهىدايەتىدىن خالى،
ئازغۇن رەهىدىن قىشلاغى، باغچى ۋە مەنسەبى هەم باغچى ۋە سانى چىراغچى ۋە سا-
لىسە كەبابچى. بۇ ئىشلار ۋە بۇ دەرۋىشلەر زۇبدەئى پەيغەمبەر زادەلەر ۋە شەه ئازادە-
لەر دەۋرىدەدۇر.

نەزم

ئېرۇر باغ مېهتەرى قىشلاغى باغچى،
ئىككىنچى مەنسەبى ئېردى چىراغچى.
كەبابچىلىق يەنە بىر مەنسەبىدۇر،
كەباب قىلماق خاجەمنىڭ مەتلەبىدۇر.

ئەگەر ئەۋلادى پەيغەمبەرگە قۇلدۇر،
بۇلەك خەلق ئىچرە گويا تازا گۇلدۇر.
ئىرادەتدىن ئېرۇر ئەرگە سەئادەت،
ئاسىغ ئەتمەس ئىرادەتسىز سىيادەت.
خۇدانىڭ لۇتفىدىن بولغاچ ئىنايەت،
نەسەب ئولدى ئاڭا پىرى ئىرادەت.
كىشى پىر ئىشكىگە ۋابەستە بولدى،
خۇدانىڭ لۇتفىغە پەيۋەستە بولدى.
ئەزازىل بولدى تا ئادەمگە سەركەش،
خۇدانىڭ قەھرىدىن ھەر دەم يېتەر غەش.
مەلائىك بارى باش قويدى زەمىنگە،
ۋىدا ئەتتى ئۇلار خەشم ئىلە كىنگە.
كىشى قۇل بولسە ھەق ئەمرىن بۇزارمۇ،
كۆڭۈلدىن مېھر قۇللابىن ئۈزەرمۇ.
مۇھىب ئولدۇر-نە ئىش قىل دېسە، قىلماق،
تەقى قىلمە دېگەن ئىشدىن تېيىلماق،
ئەجەب قۇلدۇر بۇيۇرماس ئىشنى قىلسە،
قاچان قالغاي پۈتۈن تاشقە چاقىلسە.
ئەگەر ئىشق ئىچرە سادىقسەن، ئانى بىل،
ئەگەر ئوت ئىچرە كىرگىل دېسە كىرگىل.
بەھەر سۇرەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالغىل،
ئانىڭ قۇربى ئىنانىن قولغە ئالغىل.
ئىشتكىل بۇ ئىناياتى خەلىلنى،
نې يەگلىغ تۇتتى فەرمانى جەلىلنى.

خۇداغە بەردى كۆڭلى ئىختىيارىن،
بەتەھقىق ئەتتى ئوت ئىچرە قەرارىن.
ئۆزىن تاپشۇردى ھەييى لايەمۇتغە،
قاچانكىم ئاتتى ئىبراھىمنى ئوتغە.
قىلىپ ئىسبات ئاشىقلىقنى ئول قۇل،
ئول ئەتتى ئوتنى بۇ قۇلغە قىزىل گۇل.
بۇ سىرنى ئاڭلاغىل، ئەي پىرى بەرنا،
ئەگەر بولساڭ زەمىرى ساف دانا.
ئەگەر بولساڭ خەلىلۇللاھ يەگلىغ،
نەخوبدۇر چۇن فەلەكدە ماھ يەگلىغ،
خەلىلدەك بولماساڭ ئىزدەپ جەلىلى،
نە ياخشىدۇر ئانىڭ بولساڭ زەلىلى.
ئەگەر ئول بولماسا بىر دوستدارى،
تاپىپ بول گۇل تەنىدە مىسلى خارى.
مۇڭا سىدق ئىلە قىلغىل ئاشنالىق،
بۇ ئىشدىن تاپقاسەن شايەد رىزالىق.
ئىشىت، بۇ سۆزنى فەھم ئەت ئىشق ئىشىنى،
ئاياغىن تاپماسا ئىزدەر ئىزىنى.
كۆرۈڭ مەجنۇن ئىشىن لەيلى ئىتىگە،
تەۋازۇئلار قىلىپ سۆيدى كۆتىگە.
بۇ مەجنۇن ئەتتى ئىسبات ئىشقى لەيلى،
بۇ ھۇرمەت ئېردى لەيلىنىڭ تۇفەيلى.
چېكىپ شىرىن ئۈچۈن مېھنەتنى فەرھاد،
قازىپ تاغ ئول، قىلىپ شىرىننى دىلشاد.
بولۇپ تاشغە مەتىن ئۇرغان مەھەللى،
مۇڭا شىرىن جەمالىدىن تەجەللى.

ئەگەر فەلەك قارا كىلەمىن كىيىپ باغلار كەبى باغرىنى داغلار قىلماسا، ئىشرەت لەغمەسىگە ئافتاب رەھمەت تامغاسىنى كۆرسەتمەس. تاكى ئافتاب شۇئلە رىشتەسىنى بافەستە قىلىپ جەھانغە ھۇللە كەيدۇردى. ھەممە زۇلماتى نۇرانە بولدى. جەۋرى زۇلمەت بولمىسا، ھۇرى رەھمەت جەمالىن ئاشكار ئەتمەيدۇر. راھەت كەلسە، مېھنەت قەرار ئەتمەيدۇر. ئەمما قارا تاش ئولماسا، بەھاسى سەھل ئولۇر. لەئل

ئولماقى ئافتاب تابىدىن، جەھل ئولماقى مۇئەللىم ئىتابىدىن. ئەمما تاشغە ئافتاب تاغ پەردەسىدە تابىش قىلۇر، ئەمما كەبابنى ئوتقە يىراق تۇتماسا كەباب قالۇر، ئەنىش.

**نەزم**

كى مېھرى جەمال بارچەغە بەردى كەمال،
تورت پەردە يۈزىگە تۇتتى، كۆرسەتتى جەمال.
نان تۈشسە كۆيەر ئوتغە، پىشار تابىشدىن،
بىسپەردە كۆرەرگە كۈن يۈزىن قىلما خەيال،

يەئنى بىۋاستە رابىتە بولماق مەھال، باغدىن مىۋە ھاسىل ئولماس كىشى قويماي نىھال. سۇنى زەرفقە ئالىپ ئىچەرلەر، قاچان ئاغىزغە ئارىق ئاچارلار.

**نەزم**

سۇنى ھەم ھەۋەزنىڭ قىراغىدىن،
قاچان ئالۇر دەريانىڭ ئورتە ياغىدىن.
خۇش دەۋلەت ئېرۈر بىر گۈلى رەئناسى بىلە
جان ئالسە ئانىڭ لەئل شەكەرخاسى بىلە.
ھەر كىم تىلەسە نەزەر ئەيلەرگە جەمال،
ئول قىلغۇسىدۇر ھەجر ئوقى ئاتماقنى خەيال.
ھىجران ئەلەمى يەتمەگۈچە ئاشىق ئېلىگە،
گۈل ئوغرىسىدەك بىلۈرمۇ ئول قەدرى ۋىسال.
نە خوب ياراشۇر ئاقىغە كۆزنىڭ قاراسى،
ئاي كۆكدەكىدەك گۈل يۈزى زۇلفى ئاراسى.

بۇلبۇلنى تىكەن گەرچە جەراھەت قىلسە،
مەرھەم ئېتىبان يۈزىنى پۈتكەي ياراسى.
گۈل ئاچتى تەنىم باغى جەفا تاشى بىلە،
قاشى بۇ جانىم قەستىدە يولداشى بىلە.
بۇلبۇل قىلىبان ۋەفاغە جەفا تاپتى ئەۋەز،
گۈلنىڭ تىكەنىدىن سۇغاردى كۆز ياشى بىلە.
ئىلاھا، ھىر قەتىمنى شاد قىلغىل،
مۇھەببەت ئەھلى ئىچرە ياد قىلغىل.
ئۇلارنىڭ سۇھبەتى ئىچرە تاتىپ مۇل،
ئۇ بولسۇن دەرد ئىشق ئىلكىدە مەقتۇل.

* *

ھەزاران شۇكرى ئول شاھى موكەمگە،
كۆڭۈلگە ئىشق ئوتىن سالغان ئىگەمگە،
ماڭا ئىشق ئوتى سالدى قىبلە گاھەم،

جەمالى فىكرىنى قىلغىل تىگاھىم.
سالىپ چەن ئىشق قۇللابىن بويۇنغە،
مېنى تىفلى غەمنىڭ سالدى ئويۇنغە،

قىلىپ ئىشق ئېلىنىڭ قەبرىغە تەدبىر.
سالىپسەن ھەلقەئى فەم بىرلە زەنجىر.
يىبەردىڭ ئىشقسىزلارنى ئەدەمگە،
قاچان رەھم ئەيلەدىڭ سەن ئىشقى كەمگە.
يارىتىپ ئىشق، ئەرز ئەتتىڭ فەلەككە،
زەمىنۇ تاغ بەھرۇ ھەم مەلەككە.
زەمىندىن ئۆزگەسى قىلماي تەھەممۇل،
زەمىنگە ئىشق نەقدىن بولدى مەھمۇل.
قىلىپ تا ئىشق تەھمىرىنى سۇرەت،
بېرىپ ھۇسنۇ مەلاھەت بىرلە زىينەت.
يۈزىدىن گۇل، لەبىدىن غۇنچە قىلدىڭ،
سەبەب ئىشق ئېردى، ئانى مۇنچە قىلدىڭ،
ئۇ گۇلغە بىر كىتىپ قويدۇڭ قۇلاغ ئات،
چىقاردىڭ سۈيىغە كۆزدىن بۇلاغ ئات.
ئۇ سۇرەت تەرھىنى چۇن گۇلشەن ئەتتىڭ،
گۇلى غەمدىن تۇمەنىڭ خىرمەن ئەتتىڭ.
ھەزاران سەرۋ ئۇل باغىڭدە ئۈندى،
تۇمەنىڭ قۇمرى ئانىڭ شاخىغە قوندى.
بۇ گۇلشەندىن چىقىپ بادى سەبالار،
قىلىپ ھەر نەۋئى بۇلبۇللار نەۋالار.
بۇنى ئاڭلاپ فەلەك ئۆرۈپ ئۆزىنى،
قىلۇر بىر كېچە خۇن ئەفشان كۆزىنى.
غەرەز ئىشق ئەتتى مەۋجۇدات ئالەم،
بۇ رەڭ ئىرتفەغە لايىق بولدى ئادەم.
كۆڭۈلنى ئەيلەدىڭ تەنىنىڭ چىراغى،
ئانىڭ سۆزىغە ئىشقىڭ ئېردى ياغى.
ياراتتىڭ بارچەنى زىكرىڭ قىلۇرغە،
دىلۇ جانى بىلە فىكرىڭ قىلۇرغە.
تىلەمنى ئەيلە ئاتىڭ بىرلە تاتلىغ،
ساڭا مەھشەر كۈنى بولماي ئۇياتلىغ.
تۈنۇ كۈن ئەيلە يادىڭ بىرلە مەشغۇل،
تىلىم بويىنىغە سال زىكرىڭ بىلە غۇل،
سىينىڭ يادىڭ بىلە جان چىقسۇ تەندىن،
ئىكى ئالەم رىزالىق ئەيلە مەندىن.
ئىلاھا، قىلمە نەۋمىد ھىرقەتىنى،
نەسىب ئەتمە جەمالىڭ فۇرقەتىنى.

## نەئىت رەسۇل ۋە سەردەفتەرى ئەھلى قەبۇل

دۇرۇدى بىھەد ئايىتاي مۇستەفاغە،
نېچۈن ئۇممەت مەن ئۇل يارى ۋەفاغە.
ئانىڭ جىسمى ئېرۇر ئايىنەئى زات،
كۆرۈنمەس جىسمىدىن ئانىڭ بىجىز زات.
يۇمۇپ كۆز جۇملە ئالەم لەززەتىدىن،
تاپىپ مېئراج قۇربەت ئىشرەتىدىن.
ئالىپ ۋۇسلەت مەيىدىن كۆپ ئەسەرلەر،
چىقىپ يارانىغە ئېلتىپ خەبەرلەر.
ئەگەرچە قەۋمىدىن كۆپ يەتسە زەخمەت،
تىلەر ئېردى ئانىڭ ئورنىغە رەھمەت.
ئانىڭدە يوق ئىدى بىر زەررە ئاچىغ،
بۇلۇر پىشقان ئۈزۈم ھەرب ئۇرسە تاتلىغ.
سەدەفنى تاش ئۇرۇپ يەنچىپ تېشەرلەر،
چىقادۇرلار يارىپ دۇررۇ گۆھەرلەر.
زەمىننى يىرتىپ ئەتسە پارە-پارە،
سەمەر بەرگەي ئۈنۈپ بىھەد شۇمارە.
ئۇل ئېردى زاھىرى باتىندە يۇمشاغ،
ئىكىم ياغىنىڭ تېگى ھەم ئۈستىدۇر ياغ.
ئۇل ئېردى جۇملەئى ئالەمگە رەھمەت،
قاچان بولغاي، بىلىنىڭ، رەھمەتدە زەخمەدە.
ئانى كۆرگەن بولۇپ غۇنچە چېچىلسە،
ئانىڭ ئېردى خۇيى گۇلدەك ئاچىلسە.

تۇلۇدۇ ئەتسە ئەگەر خۇرشىد تابان،
بۇلۇر رەۋشەن شەھەر، دەشتۇ بەيابان.
ئەگەر ياغسە بۇلۇت دەشتۇ چەمەنگە،
قاچان فەرق ئەتكۇسى گۇلۇ تىكەنگە.
ئول ئېردى كافىرۇ مۇئمىن يەكسان،
ئۇلار ئۇچۇن يۇرەك - باغرى ئىدى قان.

## ھەزرەتى ئەبابەكر سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەدھىلەرىدە

پەيغەمبەرنىڭ ئىشىت بۇ بەكر سىددىق،
ھەممە قىلغان ئىشىغە قىلدى تەسدىق.
تىگەپ ئېردى بورۇن ئىشقى مۇھەممەد،
كۆيەر ئېردى ئانىڭ ھەجرىدە سەرمەد.
خەيالى ئېردى پەيغەمبەرنى كۆرمەك،
قاچان كۆردى نەبىنى، قىلمادى شەك.
سەبەب بۇ ئېردى ئول سىددىق ئاتاندى،
سەرى ئەسهاب دىپ تەھقىق ئاتاندى.
ئىدى خۇرشىد پەيغەمبەرگە ئول سۇبھ،
ئانىڭ فىئلى ئىدى مەھمۇد ئەنفەس قۇبھ.
يېتىشتى سۇبھ، كۈن نۇرىنى ساچتى،
بۇ ئىش يەكلىغ نەبۇۋۋەت ئىشكىن ئاچتى.
ئىدى ئەسهابلارنىڭ ئىبتىداسى،
ئىدى ھەم مۇقتەداسى، ئىنتىهاسى.
چىقىپ كۈن شەرق ئەھمەددىن تاڭ ئاتتى،
يۇرۇپ ئول شام ئەبۇبەكر ئىچرە پاتتى.
قىلۇر ئېردى خەفى زىكر ئول تۈنۈ كۈن،
يۇرەك-باغرى ئىدى بىر يان، كۆزى خۇن.
كىشى تۇتسە كەباب ئۇتغە، سۆز ئۇشبۇ:
ئىسى چىقماي، سۇيى چىقماي قالۇرمۇ.
مۇنىڭ مەخفى ئىشىن بىلدى ئىسىدىن،
يەنەلەر تاپمادى ئانىڭ ئىشىدىن.
ئىلاھا ھىرقەتىغە ئىشق بەرگىل،
ئاگا بۇبەكر ئىشىدىن سىدق بەرگىل.
سېنىڭ يادىڭ بىلە بولسۇن، ئۆلسۇن،
سېنىڭ ئوتۇڭ بىلە كۆيسۇن، تۇزۇلسۇن.

## ھەزرەتى ئۇمەرۇل - فارۇقنىڭ مەدھىلەرىدە

خەلىفە ئېردى، بىل، ئىككىنچى ئۇمەر،
ئەدالەت ئۆزرە مانەندى شىرى نەر.
جۇدا ئەيلەر ئىدى باتىلنى ھەقدىن.
دەلالەت كەلتۇرۇپ رەببىل فەلەقدىن.
مۇنىڭ دەۋرىدە ھەق-ھەق ئېردى بىلگىل،
قاچان شامىل ئىدى ھەق بىرلە باتىل.
كىچە - كۈندۈز بىلە قاۋۇشماس ئېردى،
ھەقۇ باتىل بۇرەك ياۋۇشماس ئېردى.
مۇنىڭ كۈن تىترە، ئېردى ھەيبەتىدىن،
نېچۈنكىم زاھىر ئېردى ھەي بۇتىدىن.
بۇشەدغە ئۆزگە غەم يوق ئېردى غەمدىن،
قۇتۇلماس ئېردى ئول دەم ئۇشبۇ غەمدىن
كۆرۇپ قورقار ئىدى ئانى شىرى نەر،
يوق ئېردى تۇئم ئارا مۇنداغ شىرىن ئەر.
تەجاۋۇز ئەتمەدى ھەق ئەمرىدىن قىل،
بۇيۇردى بارچە ئەلگە ئەمرىدىن قىل.
ئۇمەرنىڭ خۇلقى خۇش ئېردى خۇجەستە،
بۇزۇپ باتىلنى قىلدى ھەققە چۇستە.
ئىكى ئالەم سۆزىنى ئېردى تەشلىپ،
دېدى ھەق زىكرىنى قىلماقغە شەشلىپ.
فەنا بولدى تۈنۈ كۈن دىن تالاشىپ،
.ھارىپ ئول رەگ باتىل دىن تالاشىپ.

ئىلاها، ھىرقەتىنى قىلمە باتىل،
كەرەم ئەيلەپ ئەتا قىل دىلرەباتىل.
خەبەردار ئول نەفەس تاچىقتى لەبدىن،
تۇزۇك تۇت ئەمرنى، ياچىق تەلەبدىن.

## ھەزرەتى ئۇسمان رەزيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەدھىلەرىدە

ھەياۋۇ ھىلم ئارا كوھ ئىردى ئۇسمان،
چىكىپ جان خەلق ئۇچۇن جەمئ ئەتتى قۇرئان.
ئانىڭ ۋەسفىدە سۆزنىڭ ئىبتىداسىن،
تاپا ئالمام، نە بىلگۇم ئىنتىھاسىن.
چىقىپ يۇرسە بۇ ئۇسمان، بىل، سەمادا،
فەرىشتەلەر خىجىل بولغاي ھەيادا.
مۇڭا ئەل قانچە ئىشلار قىلسە قاتتىغ،
قاچان تاتىلىغ لەبىدىن چىقتى ئاچچىغ.
بۇ ئەردى بارچە مۇئمىنگە سارىغ ياغ،
يامان سۆزنى كۆتەرمەككە ئاغىر تاغ.
مۇھەممەد بەردى ئاڭا ئىككى نۇردىن،
ئىكى كۆزدەك كۆرەر ئىردى ھۇزۇردىن.
كەلامى ھەق ئۆزە ئول بەردى جانىن،
قىزىل قان بىرلە رەڭ قىلدى كەلامىن.
ۋەرەقلەر ئۇستىگە قانى ساچىلدى،
مەگەر گۈلشەن يۇزىدە گۈل ئاچىلدى.
يىغىپ ھەق سۆزنى تاپتى شەھادەت،
كىشى تاپقانمىكىن مۇنداغ سەئادەت.
يوق ئىردى شەك، بە تەھقىق ئول ئىدى لۇم،
بۇ يەردە بولدى مىھر ئەبىر ئاستىدا گۇم.
بۇ قۇش ناگەھ بەقا مۇلكىگە ئۇچتى،
قاراڭغۇ بولدى مىھرى، شەمئ ئۆچتى.
ئىلاھا، ھىرقەتىنىڭ كۆز قاراغىن،
بۇ يەڭلىغ ئەر ئىتى باستۇرئايا غىن.
يارۇتغىل كۆڭلىگە مىھردىن چىراغىن،
جەمالىڭ بىرلە دەفئ ئەت دەردى داغىن.

## ھەزرەتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇنىڭ مەدھىلەرى

ئەلى ئىردى، بىلىڭ، ئىرى ۋىلايەت،
يارۇپ ئاندىن ھەمە مۇلكى ھىدايەت.
تاپىپ قۇۋۋەت ئانىڭدىن ئەھلى ئىسلام،
قىردىپ ... ئالىپ ئىلكىگە قەمقام.
سۇرۇپ كۇفر ئىلىنى فىلدىھاندەك،
بۇزۇپ سەفلەنى ھەم شىرۇ ژىياندەك.
بولۇتدەك گۈركەرىپ كىرسە ئۇرۇشقە،
چاقىندەك تەگسە ئەر بارمۇ تۇرۇشقە.
ياغىندەك ساچىلىپ ... ئەھلى قانى.
قاچان قالدى بىرىنىڭ تەندە جانى.
چاپىپ ھەر يان ئۆرۈپ ئول ئوڭنى-سولغە،
ئالىپ بىرلە ھەزەدە مەقسەدنى قولغە.
سەخاۋەتدە ئىدى دەريا مەسەللىك،
چۇچۇكلۇكدە ئىدى لەئلۇ ئەسەلدىك.
تىلەپ ھەق يولىغە دۇشمەن باشىنى،
بىرىپ ئول شىر قايىتارماي قاشىنى.
ئەگەر ئون كۈن لەبىگە تەگمەسە نان،
قاچان تاپتى يىمەي ئول قىلدى ئىھسان.
ئەگەرچە بىر دەرەم يوق، كىم تىلەر، بىل،
بىرۇر ئىردى ئاڭا ئوغلىن قىلىپ قۇل.
سەخا بابىدا ئول ئەر ئىردى يەكتا،
غەزا ئىچرە مۇڭا يوق ئىردى ھەمتا.
ئەگەر قويسە قەدەم ئول ئەر يىرىگە،
قىلۇر ئىردى پىسەند ئول يەر يىرىگە.

بىلۇرسەڭمۇ مېنىڭ ئۇستۇمدە كىم بار،
شەرافەتدە مېنىڭ مىسلىمدە كىم بار؟
ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئۇسمان ئۇچۇن دان،
بىلىڭ تۆرتۇنچىسىنى شىرى يەزدان.
بۇ تۆرت ئەر ئېردى خۇرشىدى ھەقىقەت،
بىرى جان ئېردى، تۆرتى ئېردى سۇرەت.
بۇ تۆرت ئەر ھۇسنىدىن تاب ئەتتى خۇرشىد،
ئىشىتكىل، بىشەك ئېردى ...نۇر سەيد.
ئېرۇر لەفزان ئايتماغلىقغە بەش كۇن،
تۇغار، بىلگىل، بە تەھقىق كۇندە بىر كۇن.

ھەقىقەت نۇرىدىن كۆڭلىن يارۇتقان،
بۇ بەش ئەرنى بىلۇر بىر جىسم، بىرجان.
ئەگەرچە زاھىرىدا بەش ئېرۇر ئات،
جۇدا ئېرمەس ئېرۇر باتىندە بىر زات.
ئىلاھا، ھىرقەتىنى قىلمە نەۋمىد،
بۇ بەش ئەر نۇرىدىن تا ئەتتى ئۇمىد.
مۇڭا بەرگىل بۇ بەش ئەر شەمسىدىن نۇر،
بۇ بەش دەريادىن ئالسۇن ئىلكىگە دۇر.
كەرەم قىلغىل ئەلىنىڭ ھىممەتىدىن،
مېنى قىلغىل ئۇشۇل شىرنىڭ ئاتىدىن.

**ئـاغـاز كـىـتـاب «مـۇھـەببـەتـنـامە» ۋە مـېـهـنـەتـكـام» ۋە ھـۇلـلـەئـى بـىـسـتـەدام ۋە**
**شـىـكـەسـتـەئـى جـام «ئـەۋۋەلـەھـۇ ۋەسـۋاسـۇن ۋە ئـاخـىرەھـۇ**
**ئـىـفـلاسـۇن» مـۇھـەبـبـەتـدىـن نـەئـىـشـلار تـەۋەلـلـۇد قـىـلـۇر، مـېـهـنـەت**
**نـە ئـىـشـقـە ئـائـىـد بـولـۇر ئـول سـىـرنـى ئـەيـان ۋە ئـۇل**
**سۆزنى بەيان قىلماقدا بىلىڭكىم تورت ھۇرۇف ئېرۇر**
**لەفزى مۇھەببەت ھەر ھەرف بولۇر يەتتە قىسمەت**

بىلىڭ، تۆرت ھەرف ئېرۇر لەفزى مۇھەببەت،
ئانىڭ ھەر ھەرفىن ئەتتىم ھەفت قىسمەت.
بەيان ئەيلەي بۇ مەئنىلەرنى، بىلگىل،
نىچۇك ئېركەن قۇلاق سالغىل، ئىشىتكىل.
بىرى: جانغە تىگىپ «مىم»ەى چۇماغى،
مۇھەببەتنىڭ بولۇر ئاندىن بۇلاغى.
ئاقىزغاي دىدى ياش ئورنىدا قانلار،
بۇ مەھزۇن نالە ئۆرتەر خەستە جانلار.
ئىكىنجى: مەئنەسىدۇر: مۇبتەلالىق،
بۇ ئىشدىن ئىختىيار ئەتمەس جۇدالىق.
تەلەب دەردى بىلە ۋابەستە بولماق،
فەقىرۇ ئاجىزۇ دىلخەستە بولماق.
ئۈچىنجىنىڭكى: گەر نىشى مەلامەت،
مۇنىڭدىن ئىشق ئىلى ئىلتمەس مەلامەت.
مەلامەت ئىشق مۇرغى بال بولغاي،

نىچۇن بۇ بال ئانىڭ ئىقبال بولغاي.
چەھارۇن زاھىرۇ باتىن مۇۋافىق،
بولۇر، گەر بولماسا دەرلەر مۇنافىق.
مۇنافىق ئولدۇرۇركىم ئىككى سۆزلەر،
مۇۋافىق ئىككى ئالەم بىرى كۆزلەر
بەشىنجى: يار جانىغە مۇرۇۋۋەت،
قىلۇر جانۇ دىلىدىن قەدر ھىممەت.
بۇ ئىشدىندۇر مۇھەببەتنىڭ رەۋاجى،
يارۇر بۇ ئوتدىن ئاشىقنىڭ سىراجى.
بولۇر ئالتىنجى دەردۇ غەمگە مۇنىس،
بۇ غەم ئالتۇن قىلۇركى بولسە ئول مىس.
بۇ يولدا دەردۇ غەمدۇر كىمياگەر،
بۇ ئىشدىن ئىشق ئېلىدۇر غەمگە چاكەر.
يەتتىنجى: مۇتتەسىل ۋەسل ئىچرە بولماق،
بۇ دەرگاھ ئىچرە خاك ئولماق يوق ئولماق.

جۇدالىق فىكرىنى كۆڭلۈڭگە سالمە،
مۇرادىڭ ئالمايىن ھەسرەتدە قالمە.
يەنە بىر ھەرفىنىڭ ئىشكىن ئاچايىن،
ئۇل ئۆيدە نې ئىبرۇر ئالىپ چىقايىن.
ساچايىن ئىشق ئىلى ئالىغە يەكسەر،
ئانىڭدىن كىم تەلەب قىلغانىن ئىلغەر.
مۇھەببەتنىڭ ئىككىنجى ھەرفى«ھ»① دۇر،
مۇنى شەرھ ئەيلەيىن مەئنىسى نىدۇر.
مۇنىڭدىن ھەم ئاچاي يەتتە دەرىچە،
كىرىپ ئىستەي، تاپاي بەختىم بارىچە.
ئىشتكىل «ھ» ھەياتى جان باغىشلار،
ئەگەر كۆز قىلسە باراندەك باغىشلار.
ساچار باران، ئاچار گۈل يەر يۈزىدە،
بۇ يەڭلىغ جان ھەياتى ھۆل كۆزىدە.
ئىككىنجى ھىلم ئىبرۇر تاغدەك ئاغىرلىق.
قاچان سەركەش بولۇربىر يان باغىرلىق.
سۇمۇر مىھنەت شەرابىن نىچە ئاچچىغ،
بولۇر تۇز ئۇستى ئاچچىغ ئاستى تاتلىغ.
ئۈچىنجىدۇر ھەيا مۇلكىنى ئالماق.
ئۇ يۈزدىن ئۆزگە يۈزدىن كۆزنى ئالماق.
ئۈيات ئۇلغاي بولۇپ كۆڭلى چەكىنلەر،
ئۈيات ئۇلغاي قىلىپ رەشكنى كىنلەر.
چەھارۇم دايىما ھەسرەت يولىدە،
بولۇر ئاغزى ئانىڭ نەگەر قولىدە.
بىكىتمەس دىلئارامى باسى زىكر بالىن،
ئەگەر ئىستەر دىلئارامى جەمالىن.
بەشىنجىدۇر خەيالى ھەززىدىن خوش،
ئىچۈك قىلغاي ۋىسالى جامىدىن نۇش.
ھەمىشە گۈل يۈزىدىن تەدبىرى ئەتكەي،
لەبىدىن تەلخ ئۆمرىن شىرىن ئەتكەي.
ئىبرۇر ئالتىنجى ھازىرلىق بۇ ئىشتە،
رىزا جويەندەلىقدۇر ھەر رەۋىشتە.
يەتىنجى ياردىن يەتكەن ھەقىرلىق.
مۇڭا بولغاي شەھەنشەھدە فەقىرلىق.

كەدالىقدۇر بۇ يولنىڭ ئىپتىداسى،
ھەقارەت كەسب ئىتەر ئىشق ئىنتەھاسى.
يەنە بىر ھەرف دۇررىن سىفتە ئەيلەي،
ئاچىلماس غۇنچەنى شۇكۇفتە ئەيلەي.
كۆڭۈل دۇرجى ئاسىلسۇن، دۇر تىشىلسۇن،
تىزىپ خونلار قۇلاغىغە ئاسىلسۇن.
مۇھەببەتنىڭ ئۈچۈنجى ھەرفى «ب» دۇر،
قاچان دۇرجى مۇھەببەت ئىبردى بەھدۇر.
بىلىنك «ب» نۇقتەسىنى دۇررى غەلتان،
كۆڭۈل مۇرغىغە ئۇل دۇرنى قىلىپ دان.
چوقۇپ بۇ مۇرغ ئۇل دانىنى، تۇتۇلدى،
تۇتۇپ بەند ئەتتىلەر، قايدىن قۇتۇلدى.
چاقىپ بۇ دۇرنى ھەم يەتتە قىلايىن،
تىشىپ ھەر دۇررنى سىفتە قىلايىن.
بىرىنچى مەئنىسى: دەردۇبەلادۇر.
سالىپ ئوتقە، گەھى ئوتدىن ئالادۇر.
بەلا، ئىشق ئەھلىنىڭ ئىلغامچىسىدۇر،
بۇ يول دەرماندەسىنىڭ قامچىسىدۇر.
ئىككىنجى بەندەلىكدۇر ئەيش غەمدە،
ئەمەس خوش ئەيشدە، غەمكىن ئەلەمدە.
بىرى، سۇنغاي رىزايى ھەققە بەندە،
لەبىن زاھىر يۇمار، باتىندە خەندە.
ئۈچۈنجى بەھرەمەند بولماق تەلەبدىن،
بۇ ئىشنى قويماغاي جان چىقسە لەبدىن.
قويار جۇز بەندەلىكدىن ئۆزگە ئىشنى،
تىلەرمۇ ياردىن ئۆزگە كىشىنى.
ئىبرۇر تۆرتىنجى بىل، دايىم بۇكادۇر،
ئەگەر مەئشۇق ئىشق مۇتتەكادۇر.
كۆزىدىن دۇررۇ مەرجانلارنى بىسيار،
تۆكەر ۋەسلىغەكىم بولسە خەرىدار.
بەشىنجى، ئىلگەرى ئىستەپ تاپار باب
يىلاندەك ئەيلەگەي ئۇل يار ئەر باب.
كىشى ئىستەر ئىسە ئۆيىنىڭ ھۇزۇرىن،
ئىشىك تاپىماي كۆرەرمۇ ھۆسىن نۇرىن.

① بۇ يەردىكى «ھ» ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ح» ھەرپىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىشىت ئالتىنچىسىدۇر باقى بولماق،
ئىچىپ باقى شەرابىن ساقى بولماق.
بەقا تاپماق ئىشىن قىلساڭ فەنادۇر،
فەنا يوقدۇر، بەقا قايىدىن بەقادۇر.
يەتتىنچى بەستەلىكدۇر، يوق ئۈزۈلمەك،

ئۈزۈلمەكدىن - چىكىلمەك، يوق تۈزۈلمەك.
تۈگۈن بولماي دىسەڭ ھەرگىز ئۈزۈلمە،
تۈگۈنلۈكتىن يازىلىپ ھەم تۈزۈلمە.
بەلادۇر ئىشق بەھرى دۇررى تابى،
مۇھەببەت لەفزى پۈتمەس يوقتۇ تابى.

بەيان ھەرف «ت»

قىلاي، ئەي دىل، يەنە بىرنىڭ سىفاتى،
بۇ تۆرتىنچى ھۇرۇفنىڭ «ت» دۇر ئاتى.
مۇنىڭ ھەم يەتتە تۈرلۈك مەئنەسى بار،
ئۇ باغنىڭ ھەم نە يەتكىلىغ مىۋەسى بار،
كىرىپ بۇ باغ ئارا مىۋە تىرەيىن،
سۇساغەنىغە ئالىپ چىقىپ بىرەيىن.
بىرىنچى مەئنەسىدۇر تەۋبە قىلماق،
تەلەب جويىدا سۇ يەتكىلىغ ئاقىلماق.
ئەمەس تەۋبە قىلىپ ئول كىشى يانغاي،
خوشىكدىن سۇ تاشىپ ئالدىدا ئاقغاي.
ئىكىنچى مەئنەسى تەنزىيەدۇر، بىل،
كۆڭۈلدىن خارى خاشاكىن ئارتىغىل.
كى ئول ئۆينى پاك ئەتمەك ھەم سۇفۇرمەك،
بەس ئاندىن ئۆيگە مىھمانىنى كىيۈرمەك.
ئۈچىنچى ئىشق ئىبلى تەداين كىرەكدۇر،
غەرەز سۇرەت ئىچىدە جان كىرەكدۇر.
ھەر ئىشدە ھەر كىشىدە يوق ھەقىقەت،
ئول ئىشقە ئولتۇرۇشقە قىلمە نىييەت.
ئىبرۇ تۆرتىنچى تەرك ئەتمەك دىلۇجان،
جەھانۇ خانۇمان نى بۇدۇر ئىمان.

كىشى تا بىرنى قويماي، بىرنى تۇتقاي،
بۇ بىرسى قاشىغە قايىدىن ياۋۇتقاي.
بەشىنچى مەئنەسىدۇر، ئاڭلا، تەبە،
بارابەر قايىدا بولسۇن باغ ئىلە تە.
خىلافى ھەقغە يەكسەر بولما بىھۇش،
ھەلال ئولسە شىكار ئەھلى سالۇر قۇش.
ئىبرۇر ئالتىنچىنىڭ مەئنەسى تەسلىم،
ئەگەر ئالساڭ دىلىۇ جان بىرلە تەئلىم.
بىرەۋدىن ئۆزگەگە ئەگسەڭ بويۇنىنى،
ئەمەس تەسلىم، ئۇيان قويغىل ئۇيۇننى.
تەئەسسۇف ئول ئىبرۇر تا تاپدى بەھرە،
يەنە تاپماق ئۈچۈن يارىلسە زەھرە.
قاچان تاپقاننى ئىلكىدىن ئىبەرگەي،
خۇمار ئالۇدە مەي ئىچكەي، تىرىلگەي.
دىمەس تالىب نەچە تاپسە تەكەللۇف،
يەنە تا قىلماسە قىلغاي تەئەسسۇف.
ئىلاھا، ھىرقەتىنى ئەيلە تالىب،
ۋىسال ئىستەرگە قىل ئەشقىنى غالىب.
مۇنىڭ كەج ئىشلەردىن لۇتفۇڭ بىلە تۈز،
تەرەھھۇم ئەيلە مەقسۇدىغە يەتكۈز.

«نارەللاھىل - مەۋقەدەتىل - لەتى تەتتەلىئۇ ئەلەل - ئەفئىدە» بۇ ئايەت مەزمۇنىدىن ئىشق ئوتى شەرارە قىلىپ ئاشىق تەرەفىگە نەزارە قىلىپ، نە سۇرەتدە ياد قىلادۇر ۋە نە سىفەتدە تەجەللى قىلادۇر ئانىڭ بەيانى ۋە ئول سەرۋەرنىڭ ئىنايەتى ۋە ئىنانى ئادەمگە كۇندۇم تەلەتىدىن ئىشق تىگىپ، بىھىشت ئىشرەتىنى تەرك ئىتىپ كۇندۇم مىھنەتىدىن مەقسەتكە يەتكەنى

نەزم

ئىشىت، ئەي دىل، ئۇزاتتى دەستى قۇدرەت، يىغىپ رويى زەمىندىن مۇشت تۇفراق،
مۇھەببەت خانەسىن ئەيلەر ئىرادەت. قىلىپ خالىق بۇ تۇفراقنى ئۇسۇل تاق.

ياغىپ لەقم ئەبرىدىن دۇررۇ گۆھەرلەر،
بۇ دۇردىن لەم قىلىپ تا قىلدى پەيكەر.
ياساپ بىر مۇشت گىلدىن شەمئى ئەنۋەر،
قىلىپ ھەق ئىشقىغە بۇ گىلنى مەزھەر.
بۇ تىيرە تەنگە جاننى قىلدى چۇن شەمئ،
بۇ نۇردىن رەۋشەن ئولدى چەشم،تىل، شەمئ.
قۇلاق فەھم ئەتتى، تىل ھەم سۆزگە كىردى،
ئىشىت كۆرمەك زىياسى كۆزگە كىردى.
بۇ تەن بىرلە ئەزىز جان بولدى پەيۋەست،
ئەلەستىنىڭ ۋەئىدەسىگە سۇندى تىل دەست.
تۇرۇپ ئادەم، دېدى: ئەلھەمدۇلىللاھ،
جەۋاب ئايدى تەرەھھۇمدىن ئوشۇل شاھ.
بۇ تەنگە رۇھدىن ھەق بەردى زىينەت،
بۇ مۇشتى گىلنى ھەق لەئىل ئەتتى قىيمەت.
ئەگەرچە ھەر نېچۈك ئالەم ياراتتى،
بەلالىق ئىشق ئۈچۈن ئادەم ياراتتى.
دېدى: بىزلىك ماڭا ئۇ پادىشاھلىق،
ئىكىلىك بەندەگە ۋەھم گەدالىق.
دەبان ھەۋۋانى ئادەمنىڭ تەنىدىن
ئالىپ، خەلق ئەتتى، تەكرىم، چەپ يانىدىن.
بىرىنى بىرىگە چۇن قىلدى مەھرەم،
غەمۇ راھەت كۈنىدە بولدى ھەمدەم.
نەچە كۈن ئىككىسى ئالەمدە يۈردى،
كى بىر كۈن سەيرى جەننەتكە بۇيۇردى.
كىرىپ جەننەت ئىچىگە قىلدىلار سەير،
بۇلاردىن باشقە مۇندا يوق ئىدى غەير.
قاچان ئەمر ئەيلەدى: «جەننەتكە كىر» دەپ،
ئىكەۋ سەير ئىلە جەننەت نېئمەتىن يەپ.
ۋەلېكىن «يېمەگىل كۈندۈمنى ھەرگىز،
يېسەڭلەر بولغۇسى قەھرۇ غەزەپ تىز».
دېدى تەڭرى، بۇلار ئۈچماقغە كىردى،
بەغايەت نېئمەتى كۆپ باغقە كىردى.
قىلىپ تەڭرىگە ھەر دەم ھەمدۇ مىننەت،
قىلىپ ئانداغ تەماشا سەيرى جەننەت.
يىدىلەر مۇندە ھەر تۈرلۈك غىزانى،
بەناگەھ كۆردى كۈندۈم جانغەزانى.
يېتىپ بۇيى مۇڭا كۈندۈم ئىسىدىن،
فەرامۇش بولدى ھەق ئەمرى ئىشىدىن.
تەجەللى ئىشق كۈنــدۈمدىن دۇرەخشان
قىلىپ، ئادەمدىن ئالدى ئەقل ئىلە جان.
ئەمەس كۈندۈم ئىدى ئول دانەئى ئىشق،
سەدەفدىن پۈتمەگەن دۇردانەئى ئىشق.
بىھىشتىدە بار ئىدى ھەر نەۋئى نېئمەت،
قاچان خاھلاسا ھازىر جامۇ شەربەت.
دۇررۇ مەرجانۇ گەۋھەر، ھۇررۇ غۇلمان،
ئەدەدسىز مېۋە، ئەتلەس نەچچە ئەلۋان.
ئىپارۇ زەئفەرانۇ ئۇدۇ ئەنبەر،
مۇئەتتەر سۇنبۇلۇ شەمشاد، ئەر ئەر.
خۇدادىن ئۆزگە كىم بىلگەي ھىسابىن،
ئانىڭدىن ئۆزگە كىم بەرگەي جەۋابىن.
قاچان قىلدى نەزەر ئادەم بۇلارغە،
تۇشۇپدۇر دانەئى كۈندۈم نەزەرغە.
يىدى كۈندۈمنى ئادەم ئۇشبۇ سائەت،
بۇ پاك ئۆي ئىچرە تا قىلغاي قەباھەت
غەزەب بادى ئېسىپ مېھنەت تاغىدىن،
چىقاردىلار قوۋۇپ ئىشرەت باغىدىن.
چىقىپ ئادەم قالىپ سەيرى بېھىشتى،
نېچۈنكىم ئىشق ئىلى، بىل، سەرنەۋىشتى.
بىلىڭلار ئىشق زۇلمىن، ئەي يارانلار،
قىلۇر ئىشق ئەھلىنىڭ باغرىنى قانلار.
تەجەللى دانەسىن قۇد ئەيلەگەن ئەر،
بەقاسىز ئىشق فىكرىنى قاچان يەر.
دىلۇ جان بىرلە زاھىد ئىستەگەن جا،
كۆرۈك ئاشىقغە ئول بولدى سەراجا.
ئىشىتكىل ئىشق شۇربى دەردۇ غەمدۇر،
ۋە گەر نە قۇۋۋەتى تەن قايدا كەمدۇر.
كىشى ئاشىق ئېسە جەننەت تىلەرمۇ،
مۇھەققەر باغ ئۈچۈن ھەقدىن كېچەرمۇ.
يىدى ئول ۋەقت ئادەم دانە كۈندۈم،
كۆرۈندى ھەشتى گۈلشەن مار گەژدۇم.

بەزاھىر كۆزگە كۇندۇم دانە ئېردى،
ھەقىقەت جىسم، ئادەم جان ئېردى.
چىقىپ جەننەت ئاتىن ئالمادى لەبكە،
ئۇياتىدىن زارىلاپ تۇشتى تەلەبكە.
دېدى ئول: «رەببەناۋۇ ھەم زەلەمنا،
ئۆزۈمدىندۇر گۇنەھ، ئەفۇ ئەيلە مەننا.
قىلىپمەن بىلمەنگەندىن سەيرى گۇلشەن،
بۇ جانىم بۇلبۇلى سەيرىگە گۇلشەن.
مەن ئەمدى شەربەتى ئىشقىڭنى ئىچتىم،
غەمىڭ مەن ئەيلەگەن جەننەتنى ھەجتىم».
ئۇياتتىن تەگرىگە قىلدى مۇناجات:
«رەۋا قىل، دەپ، خۇدايا، جۇملەھاجات.
غەمىڭ باغىغە سال،جەننەتنى كۆرمەي،
خەيالىڭ شەربەتى يەتكۇر پەيا-پەي.»
دېدى، فىكر ئەتمەدى غەيرى خۇدانى،
سەبەب بولدى بۇ ئىشقە ئىشقدانى.
لەبىدىن ئىشق ئوتى قىلدى شەرارە،
جەھانغە ئوت تۇتاشتى بارە-بارە.
يۈرەكىن لەئل ئېتىپ، جىسمىن قىلىپ كان،
كۆزى جامىدا ساچتى دۇررۇ مەرجان.
كۆزىدىن قان ئاقتىپ خۇمچە-خۇمچە،
كۆكۈل غەمدىن دىلىدۇر غۇنچە-غۇنچە.
ئىشىتكىل، بۇ ئىدى ئالەمنى ھالى،
ئانىڭ دايىم لەبىدە ئىشق بالى.
بىلىڭ ئىشق ئەھلىگە سۇننەت بۇ ئىشدۇر،
قاچان ھەج ئەھلى بىزەھمەت ئىمىشدۇر.
ئەگەر قىلسە كەبابنى ئوتدە بىريان،
بولۇر پىشقانىسېرى ئوت ئىچرە گىريان.
كىشى راھەتدە بولسە شاد خۇررەم،
ئەمەس ئول ئىشقىڭ سىررىغە مەھرەم.
كۆكۈلگە ئەكسەكىم تۇخمى مۇھەببەت،
كۆرەر خىرمەندە ئاخىر دانە مېھنەت.
سۆزىڭ يەكلەپ بېھىشت ئىستەرگە بول سەخ،
ئېرۇر ئاشىقغە جەننەت مىسلى دەۋزەخ.
ئىلاھا، ھىرقەتىغە ئىشقدىن دان
نەسىب ئەت، بولسۇن ئول دىل جانىغە جان.
ئاڭا بەرمە غەمىڭدىن ئۆزگە قايغۇ،
تىلىغە غەيرى زىكرىڭ ئەيلە ئاغۇ.

**ھەزرەتى نۇھ ئەلەيھىسسەلامغە اۇتىق دەرجەسى مەفتۇھ بولۇپ، ئىشق رەيھىدىن رۇھ تاپقانى، ھەقدىن فەرمان بولۇپ كېمە چاپقانى، كېمە سۇرەتىدە ئىشق تەجەللى قىلىپ، مەقام ئەسلىنى تاپقانى، سۇ ئۇستىدە جەھاننى تۇفان ئەيلەپ، تۇفان بەلاسىدىن خ ۋف ئەتمەي، ئىشق مۇلكىدە ئەمان تاپقانى**

نەزم

ئىشىتكىل، نۇھنىڭ ئىشقى رەمۇزىن،
تىكىپ ئىشق ئوتى تاپقان دەردۇ سوزىن.
ئاڭا كىم ئىشق باغىدىن ئاچىپ دەر،
دىماغىن ئىشق ئىسى قىلدى مۇئەتتەر.
نە يەڭلىغ ئىشق ھەقدىن بولدى مەفتۇھ،
نە يەڭلىغ تاپتى جىسمى ئىشقدىن رۇھ.
ئەيان ئەيلەي ساڭا بۇ سىرنى، ئەي جان،
كۇشاد ئەتسە سۇخەن ئەقدىنى سۇبھان.
تەكەللۇم رىشتەسىغە دۇر تىزايىن،
بەس ئاندىن نامەئى شەرھىن سىزايىن.
بۇلۇپ ئىلتافى ھەق نۇھ نەبىغە،
يىبەردى ئىشقنى جانۇ تەنىغە.
بەناگەھ ئىشق مېھرى بولدى تابان،
بولۇپ رەۋشەن مۇنەۋۋەردىن جىسىم ئىلە جان.

ئەچەغە قىلدى ئىشق ئانداغ تەجەللى،
بۇ مەي مەست ئەيلەدى توفان مەھەللى.
رىسالەت يەتكۈزۈپ قەۋمغە ئۇل نۇھ،
بۇ ھەيۋان سۈيىدىن ئەل تاپمادى روھ.
ئانىڭ قەۋمىن قەبۇل ئەتمەي بەقانى،
ئەدەب تەرك ئەيلەدى، تۇتتى ياقانى
تىلەپ نۇھ نەبى ھەقدىن بەلانى،
دېدى: «يارەب، جەھاندىن يوق قىل ئانى.»
«كېمە قىل،— دېدى ھەق نۇھ نەبىغە،—
مۇسۇلمانلارنى سال ئېلىتىپ ئىچىغە.
پەيبەرەي قەۋمىگە توفان بەلاسىن،
قىلاي نابۇد بالا، ئاتا - ئاناسىن.
چىقىپ سۇ يەردىنۇ ھەم ئاسماندىن،
قۇرۇلسۇن كۇفر ئېلى ئۇشبۇ جەھاندىن.
ئەمان تاپسۇن ساڭا قىلغان ئىتائەت،
ئىتائەت قىلماغان تاپسۇن ھەلاكەت.»
تۇتۇپ ھەق ئەمرىنى چاپتى كېمەنى،
بەس ئاندىن ئىچىگە سالدى ھەمەنى.
چىقىپ يەردىن يەنە ھەم ياغدى يامغۇر،
بۇ ئالەمنىڭ ئىچىگە تولدى سۇ پۇر.
كۆتەرىلدى كېمە يەرنىڭ يۈزىدىن،
تىگىپ ئىشق ئوتى، نۇھ كەتتى ئۆزىدىن.
بولۇپ نۇھ نەبى مەستى ئىلاھى،
تۇتۇندەك، ئىشق ئوتىدىن، چىقتى ئاھى.
سۇدا ئۆردەك مەسەللىك ئەيلەدى تەۋف،
سۇدىن كۆڭلىگە ھەرگىز يەتمەدى خەۋف.
ئىچىدىن ئىشق توفانى قىلىپ جۇش،
بۇ توفانىنىڭ سۈيىغە بولدى سەر خۇش.
ئىچىپ جامى مۇھەببەت بولدى سەر مەست،
تەۋەھھۇم ئىشق زورىدىن قالىپ پەست.
قىلىپ جانىنى تىيرى ئىشق مەجرۇھ،
خەلاس ئولدى بەشەردىن ھەزرەتى نۇھ.
بالىقدەك سۇ ئىچىدە قالدى خەلق،
قاچان خەۋف ئەيلەدى دەريادە بەلىق.
خەتا قىلدى مۇنى چۈن ئىشق زەۋقى،
بەرابەر بولدى توفان تەھت فەۋقى.
سۇدىن ۋەھم ئەيلەگەي كىم بولسە زىندە،
تىگى ۋە ئۈستىنى تەڭ بولسە مۇردە.
مۇنى ئانداغ تەجەللى ئەيلەدى غەرق،
سۇمۇ، يەرمۇ ئىكەننى قىلمادى فەرق.
بولۇپ مەللاھى ھەق نۇرى نەبىگە،
بولۇپ نۇھ نەبى كىشتى ئېلىگە.
قىلىپ توفان سۈيى ئۈستىدە سەيلان،
ھەۋادا قۇش مەسەللىك بولدى تەيران.
ئېرۇر كىشتى سۇنىڭ ئۈستىدە چۈن نان،
كېمە ئېردى سەدەف، نۇھ - دۇررى غەلتان.
كەرەشمە ئەيلەگەندەك شىشەدىن مەي،
بۇ ئەلگە جىلۋە قىلدى نۇھدىن ھەي.
قىلىپ نوھ نەبىنى ئىشق سەرمەست،
كېمە ئەھلىن قىلىپ جا مەي قىلىپ پەست.
كېمە ئېردى كۆرۈنۈر كۆزگە زاھىر،
ئىدى مەئنى ئېلىگە ئىشق تاھىر.
ئىچۈردى نۇھغە ھەق كوھنە مەينى،
ئانىڭسىز كۆرمەدى ئۇل ھېچ شەينى.
تۈلۈئ ئەتسە فەلەكدىن مېھرە ئەنۋەر،
بارى ئالەمگە يەكسان پاش ئىتەر زەر.
كورەر چىققانىنى كىم بولسە كۆزلۈك،
بولۇر رەۋشەن ئانىڭدىن يەرمۇ ھەم كۆك.
ئېرۇر ئەئماغە كۈندۈز كېچە بىردەك،
نېچۈنكىم يوق ئېرۇر ئەئماغە كۆرمەك.
بۇ ئېردى نۇھغە بەل ئىشق جۇدى،
كۆيۈپ بۇ ئوتدا مەھۋ ئولدى ۋۇجۇدى.
كېمە سۇ ئۈستىدە تەختە رەۋاندەك،
يۈرۈر سەيلان ئېتىپ گويا يىلاندەك.
بولارغە يەتمەيدىن ھېچ يەردىن ئافەت،
كۆڭۈلگە يەتمەي ئافەتدىن مۇخافەت.
ئېرۇر گوياكى گۈلشەن ئىچرە راھەت،
بىرىپ ھەق يار جانىغە ھەلاۋەت.
ئېرۇر ئىشق ئىچرە تەڭ پەستۇ بەلەندى،
ئاڭا بىردەك ئېرۇر سۇدا گەزەندى.

ئاڭا مەرھەم بولۇپدۇر ئىشق دەردى.
ئاڭا ئالتۇن ئوشۇلدۇر رەڭگى زەردى.
شەراب ئىرمىش غەم ئىچرە يۇتمادى قان،
تىرىكلىك ئىشق بىرلە بەرمەكى جان.
كۆزى ياشى ئاڭادۇر دۇررۇ مەرجان،
ھۇزۇرىدۇر ئەلەمدىن ئاھۇ ئەفغان.
يۈرەك قانى ئاڭادۇر لەئل گەۋھەر،
شەرابى غەم نى بىلگەي ئاب كەۋسەر.
قارا ساچى باشىغە تاجى ئەفسەر،
ئانىڭ مەئمۇرى بولسە ھالى ئەبتەر.
دورۇستىدۇر ئانىڭ نەفسى شىكەستى،
بەلەندىدۇر ئانىڭ ئىشق ئىچرە پەستى.
ئانىڭكى دەۋلەتى بولغاي فەقىرلىق،
ئاڭا فەقرى ئىچرە ئىززەتدۇر ھەقىرلىق.
ئانىڭكى شادلىقىيۇ دىل خەراشى،
يۈرەك خونابىدۇر ھەسرەتدە ئاشى.

سۈدىن راھەت ئەمەس ئوتدىن ھەرارەت،
ھەلاۋەتدۇر ـ ئەلەم، غەمدۇر ـ فەراغەت.
يوق ئىرمىش ئىشقدىك قىيمەت بەھادۇر،
دىلىۋ جان بەرمەگۈنچە كىم ئالادۇر.
دۇر ئىرمەسدۇر گەدالارنىڭ نەسىبى،
ئەمەسدۇر ئىشق شاھلارنىڭ نەسىبى.
يىراقدۇر ئىشق بىلە شاھ گەدادىن،
مۇنەززەھدۇر بۇ دۇر ئەرزۇ سەمادىن.
ئالۇرغە يوق ئىرۇر ئانىڭ بەھاسى،
يوق ئىرمىش ئىبتىداسى، ئىنتىھاسى.
بىرۇر ھەق ھەر كىشىگە قىلسە خاھىش،
قاچان نەفس ئەيلەگەي بىۋۇدە كاھىش.
ئىلاھا، ھىرقەتىغە شەربەتى ئەزب،
نەسىب ئەتكىل، قىلا كۆر ئۆزۈڭە جەزب.
شەرابى ئىشقىنى تاكىم ئىچەيىن،
دىلۇ ـ جان ئىككى ئالەمدىن كېچەيىن.

## نەمرۇد مەردۇد ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنى ئوتغە تاشلاغانى، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام رىزا زەنجىرىغە بويۇن ئۈزاتىپ، ھەزرەتى رەببىل جەلىلنىڭ لۇتفى مەرھەمەتى بىرلە ھەزرەتى خەلىلۇر ـ رەھمان ئىشق شەربەتىنى تاتقانى ۋە ئول ئوت گۈلىستانى سەبزەئى خۇررەم بولغانى

ئىشىتكىل سۆزنى ئىبراھىم خەلىلدىن،
نىچۈك لۇتف ئولدى، بىل، رەببىل جەلىلدىن.
خۇدادىن ۋەھيى كەلدى نەچچە سائەت:
«بارى قەۋمىڭغە يەتكۈر،ـــ دەپ،ـــ رىسالەت.
تانۇتغىل ئەلگە مېنىڭ بىرلىكىمنى،
ئىشىتتۈرگىل سېنىڭ ئەلچىلىكىڭنى.
ساڭا قىلسۇن ئوشۇل قەۋمىڭ ئىتائەت،
مېنى خۇشنۇد ئېتەي دەپ قىلسۇ تائەت
مېنى قىلسە رىزا، جەننەت بىرۇرمەن،
فەراۋان ئەيش ئىلە راھەت بىرۇرمەن
ئىتائەت قىلمايىن، قىلسا ساڭا غەش،

ماڭا ھەم قۇللۇق ئەتمەي، بولسە سەركەش،
بويۇن سۇنماي ئەگەر قەۋمىڭ بولۇر شەخ
گۇمان يوقتۇر، ئانىڭكى جايى دەۋزەخ.
سالاي ئول ئەانى مەن دەردۇ ئەلەمگە،
گىرىفتار ئەيلەي ئانى غۇسسە ـ غەمگە.»
خۇدانىڭ ئەمرىن ئىبراھىم تۇتۇپ پاس،
دېدى ئەلنى: «ئىشىت، يائەييۇھەنناس!
خۇدا بىردۇر، ئانىڭكى ئەلچىسى مەن،
خۇدانى ئىستەگەننىڭ باشچىسى مەن.
خۇدا ئىرمەس بۇ نەمرۇد، بەندە دۇركەم،
خۇدا ـ سۈرەت ئەمەس، جانىمۇ ئەمەس ھەم.

خۇدا جىسىم ئىلە جاندىندۇر مۇنەززەھ،
مەكانسىز، ھەر زەمان ھازىردۇر ئول شەھ.
ئېرۇر مەئلۇم ئانىڭ ئىسمى سىفاتى،
بارى ئەقلىڭ كۆزىدىن مەخفى زاتى.
ئانىڭ نېمەتلەرىنى قىل تەسەۋۋۇر،
ئانىڭ زاتى نې دەپ قىلما تەفەككۇر.
ئېرۇر يالغۇز، سېنى، مېنى ياراتقان،
ئانى ئېرمەس يەنە كىشى ياراتقان.
مېنىڭ ئايغان سۆزۈمگە قىل قەنائەت،
نې دېسەم، ئەل، ئاڭا قىلغان ئىتائەت.
قويا كۆرمە جەھاندا بەندەلىكنى،
ئەگەر كۆرمەي دېسەڭ شەرمەندەلىكنى.»
دېبان ھەر نەچچە يەتكۈزدى رىسالەت،
قەبۇل ئەتمەي، زىياد ئەتتى جەھالەت.
بولۇپ ئەلدىن جەھالەت خەمر دەرخۇش،
ئەداۋەت شەربەتىنى ئەيلەدى نۇش.
خەلىلنى خەلق ئۆلتۈرمەكچى بولدى،
سېلىپ ئوت ئىچرە كۆيدۈرمەكچى بولدى.
خەلىلنى سالدى تاكى مەنجىنىقغە،
رىزاجۇ قىل فەنا تا بولدى ھەققە.
يېتۈشتى بىر فەرىشتە ئىمتىھاندىن:
«فەنا مەندىن تىلە، ۋەھم ئەتسەڭ ئاندىن.
ئۆچۈردي، ياغدۇراي ئوت ئىچرە باران،
بۇ كۇفر ئەھلى بۇ ئىشقە قالسۇ ھەيران.»
يەنە بىرسى دېدى: «ئەي رەھبەرى خەلق،
مېنى قىلدى مۇئەككەل بادغە ھەق.
شامال چىقسۇن،— دېدى،— بۇ باشەرەفكە،
يىبەرسۇن ئوتنى ساچىپ ھەر تەرەفكە.»
بۇلاردىن سوردى بۇ سۇلتانى ئالەم:
«مېنى كۆرمەمدۇ،— دەپ،— خەللاقى ئالەم.»
فەرىشتەلەر دېدى: «نە بىلمەسۇن رەب،
بارى ئالەم ئارا ھازىر ئېرۇر» — دەپ.
بۇلارغە دېدى ئىبراھىم مۇرسەل:
«مېنىڭكى مۇشكىلىمنى ئول قىلۇر ھەل،
.................
تىرىك قويسۇنمۇ ئۆلتۈرسۇن، ئۇ بىلسۇن.
رىزاسىدۇر ئانىڭكى، كۆيمەكىمگە،
رىزا بەردىم ئول ئىشدىن ئۆلمەكىمگە.»
مۇنى ئايدى، مەلەكلەر ياندى، كەتتى،
بۇ كۇفر ئەھلى خەلىلنى ئوتغە ئاتتى.
غەرەز ھەر ئىشتا خالىقغە سېغىنماق،
سېغىنماقدىن بىغەيرىئەز ھەق يىغىلماق.
خەلىلۇللاھ بەناگەھ تۈشتى ئوتقە،
سۇ يەڭلىغ راھەتىن كۆركۈزدى فۇتقە.
سېغىندى زاتى پاكى بىنىيازغە،
خۇدا قىلدى مۇبەددەل قىشنى يازغە.
قىلىپ ئېردى خەلىل ھەققە تەۋەككۈل،
خۇدا قىلدى قىزىل ئوتنى ئاڭا گۈل.
ئۇلار: «سالدىم خەلىلغە،— دېدى،—
مېھنەت».
خۇدا مېھنەت ئىچىدە بەردى راھەت.
خەلىلغە بولدى ناگەھ ئىشق ساقى،
كۆرۈندى ئوت ئىچىدە ۋەجھى باقى.
خۇدا قىلدى تەجەللى ئوت ئىچىدە،
ماڭا بەردى تىرىكلىك مەۋت ئىچىدە.
خۇدا ئەمر ئەيلەدى نارى كەرىمەن
«بولا كۆر دوستۇمە بەردەن سەلامەن.»
ساۋۇغىن دەپ، دېمەس گەر تۇت سەلامەت،
قاتىپ مۇزلاپ بولۇر ئېردى ھەلاكەت.
تۈرتكەن بولسە ئول ئىسسىغ ساۋۇقنى،
قىلۇر بىشەك بىلىڭ جەننەت تامۇقنى.
ئىشىتكىل ئىشقىنىڭ خاسىيەتىنى،
ئانىڭ ئاشىقغە بەرگەن لەززەتىنى.
ئەگەر ئوت ياقسە ھەم قىلماس تەۋەھھۇم،
خۇدانىڭ زاتىغە ئاشىق بولۇر گۇم.
خەلىل ۋەھم ئەتمەدى بۇ ئوتمۇ يا سۇ،
تەنۇ جانىدە ئېردى زىكرى: ياھۇ.
قاچان سۇ، ئوت ئېتەر ئاشىقغە تەئسىر،
قاچان ئاشىق بولۇر مېھنەتكە دىلگىر.
تەقى ئىشق ئوتى ۋەھمىدىن ئۇتو سۇ،

كېتەر تاقەت قىلالماي قاچىپ هەر سۇ،
بولۇرمۇ ئىشق يەڭلىغ دۇررۇ گەۋهەر،
بولۇرمۇ هەر نەچۇك قۇلغە مۇيەسسەر.

خەلىل ئېردى قاچان ئوت ئىچرە سوزان،
ئىدى گۇلشەن ئىچىدە نار خەندان.
كىشى دىلدار ئىلە بولسە تىكەن گۇل،
بولۇر راهەت ئەگەر بوينىدادۇر غۇل.

زەهەر بولسە ئەگەر ئىچكەن شەرابى،
بىلۇر ئاشىق ئانى شەككەر هەل ئابى.
كىشى يارى بىلە گەر بولسە چۆلدە،
دېگەي: بولدۇم گۇلىستان بىلە كۆلدە.

خەلىلۇللاه تەجەللى نۇرىدىن كام
ئالىپ، مەقسەدكە يەتتى، تاپتى ئارام.
ئەگەر ئىشق ئەيلەسە ئوتدىن تەجەللى،
ئول ئوتدىن بولغۇسى ئاشىقنىڭ هەللى.

خەلىل تا بولدى ۋەهدەت بەهرىغە غەرق،
قاچان دەريادا بولدى قەترەئى فەرق.
كىشى بىر كوزە سۇ دەريادىن ئالسە،
بولۇر دەريا يەنە دەرياغە سالسە.

ئايىرماق دەريادىن ئول سۇنى مۇشكىل،
نېچۇنكىم بولدى ئول ئەسلىگە ۋاسىل.
تۇلۇئ قىلسە ئەگەر مېهر ئاسماندىن،
كۆتەرگەي تىيرەلىكنى بۇ جەهاندىن.

هەمە ئالەم بولۇر كۈن بىلە هەمرەڭ،
ئەگەر ئايىنە ساف بولسە، كېتەر زەڭ.
ئەگەر ساف ئولسە شىشە، رەڭ بېرۇر مەي،
خەلىل جىنسىنى بىلە زاهىر ئىدى هەي.

ئوتۇن گەر ئوتغە توشسە، بولغاي ئاتەش،
دېمەس سىز دەم ئانى ئول بولسە نى دەرش
مۇنى فەهم ئەيلەگەي ئول تەندەدۇر دىل،
كۆرۈنمەس يۈز، ئېرۇر ئايىنەدە كىل.

مۇنى فەهم ئەيلەگىل دوست ئىچرەدۇر دوست،
سۆڭەكدۇر تەن، ئىچىدەت ئاشىدا پوست.

بۇ يەڭلىغ ئەرنى تاپىپ قىل ئىستائەت،
قىلۇر ئاسغە مۇنداغ ئەر شەفائەت.
ئەگەر بەزمدە ئىچسەڭ قەترەئى سۇ،
هەقىقەتدىن كېلۇر ئول سۇ بىلە بۇ.

بۇ يەڭلىغ ناردىن تاپساڭ نەزەر سەن،
نە دەپ جامىڭغە غەم زەهرىن ئىزەرسەن.
ئىشىتكىل، بار ئىدى نەمرۇددا بىر قىز،
يوق ئېردى هۇسنىدىن ئول قىزدا هەرگىز.

يارىتىپ ئېردى ئانى ئالەمۇل غەيب،
بىرىپ ئېردى ئاڭا هېچ سانى يوق ئەيب
خەلىلنى تاشلادى ئول ئوتقە گۇمرەه،
كۆرەي، دەپ چىقتى قىز قەسر ئۆززە ناگەه.

بۇ قىز ناگەه خەلىلۇللاهغە باقتى،
مۇهەببەتدىن كۆزىنىڭ ياشى ئاقتى.
خۇدا دوستى يۈزىنىڭ هۇرمەتىدىن،
مۇنى پاك ئەتتى بارچە ئىللەتىدىن.

ئىشىتكىل كىم ئەياتى جەلىلنى،
مۇبەددەل قىلدى سۆهبەتكە ئەلىلنى.
يۈزىنى قىلدى هەق خۇرشىد تابان،
تەقى رەشك ئەتدىلەر جەننەتدە هۇران.

ئىبەرتىپ جىبرەئىلدىن شاهى ئالەم،
كى يەتمىش هۇللە كەيدۇردى ئوشۇلدەم.
ئەجەپ ئېرمەسكى رەهمەت خامەسىدىن،
گۇنەه بولسە مۇبەددەل نامەسىدىن.

نېچۇن ئول ئىشقنىڭ خۇم خانەسىدۇر،
ئىنايەت بەهرىنىڭ دۇردانەسىدۇر.
ئانىڭدەك مېهرنىڭ توشسە زىياسى،
نېچۇك كەتمەس شەبىستانىنىڭ قاراسى.

كىمى لۇتفى ئەت هىمرقەتىغە دەرد بارى،
ئانىڭ ئۈستىگە قويغىل ئىشق بارى.
ئانى ئۆرتەپ يوق ئەتسۇن ئىشق نارى،
بولۇپ ئاتەش، قارالىق كەتسۇ نارى.

## هەزرەتى ئىسمايىل ئەلەيھىسسەلامغە قۇربان قىچاقىدىن فەرمان، ئاياقىدىن ئىشق تەجەللى قىلىپ، قىچاقىدىن ئۈتتىكرەك بويۇن سۇنغانى

خەلىلغە تەگرىدىنكىم بولدى فەرمان:
«قىل ئىسمائىلنى،—دەپ،—يولۇمدا قۇربان.»
خەلىل ئول دەم خۇدانىڭ تۇتتى ئەمرىن،
خەبەردار ئەتتى ھەم ئوغلىن ئول ئىشدىن.
خۇدا ئەمرىگە ئىسمائىل يۈز ئۇردى:
«مېنى قىل قەتل»—دەپ، مەردانە تۇردى.
دېدى: «ئاتا، مېنى تېز ئەيلەگىل قەتل،
مۇبادا بولماسۇن،—دەپ،—ئەمرى ھەق ئەتل.
بۇدۇر بىر جان، ئاڭا قۇربان قىلايىن،
تەنىمدە بولسەگەر مىڭ جان، قىلايىن.»
خەلىل ئالدى ئىتىك قىچاقنى قولغە،
نەچە سۇردى كېسەي دەپ ئوڭۇ سولغە.
قىچاق ھەم تىترەدى، دەستى خەلىل ھەم،
يېمەس ئوغلى قىچاقدىن زەررەئى غەم.
قىچاقنى ھەلقىغە سۇرگەن مەھەللى،
دىلىغە ئىشقدىن تۇشتى تەجەللى.
بۇ ئىسمائىل ياتادۇر: «پات سۇرۇڭ»—دەپ،
«تۇتۇڭ تەگرىم سۆزىنى، ئۆلتۈرۈڭ»—دەپ.
قىچاق ھەلقە بولۇپ كەسمەدى، ياتتى،
كى ئىسمائىل ياتىپ، بويىنى ئۇزاتتى.
خەلىل ئىسمائىل ئىلە تۇتتى فەرمان،
قىچاقى كەسمەگەنگە بولدى ھەيران.
بەناگەھ ئول قىچاق ھەم تىلغە كەلدى،
ھەق ئەمرى بىرلە «قالۇ-قىل» غە كەلدى:
«سىلەر دەيسىزلەر: ‹ئىسمائىلنى كەس› دەپ،
خۇدادەر: ‹كەسمەكىڭ قىلماھەۋەس› دەپ.»
بۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بولدىلار پەست،
قىچاق سۇرمەك ئىشدىن يىغدىلار دەست.
ئەجەبدۇر ئىشق تىغى قەتل سۇرمەك،
قاچان بولغاي مۇنىڭدا يۈز ئۆگۈرمەك.
نەچۈن بۇ تىغدىن جان تازەلىغدۇر،
بۇ قاندىن جان يۈزىگە غازەلىغدۇر.
بۇ ئىش قەتئ ئولماسە ئول ھەردۇ ئالەم،
ئېرۇر بۇ ئىشقدىن جام دەما-دەم.
بۇ بولسە ئىبتىدادىن-ئىنتىھاغە،
ئەجەب دەۋلەت ئېرۇر مەردى خۇداغە.
ئەگەر ئالسە بۇ ئىشدىن كىمسە لەززەت،
ھەمىشە ئۆلتۈرۈر ئاتى بۇ ھەسرەت.
ئىلاھا، ھىرقەتىغە ئەيلە فەرمان،
كى ئىسمائىل يەڭلىغ بولسۇ قۇربان.
لەبىدىن بولماسۇن كەم ئىشق جامى،
نېچۈن ئىشق ئەھلىنىڭ بۇ بولدى كامى.

## هەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھىسسەلامغە تۇت دەرەختىنىڭ ئاراسىدا ئىشق جەمال كۆرسەتكەنى ۋە هەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھىسسەلامغە ئول ھالدا لەززەت يەتكەنى ۋە ئول لەززەتنى دائىمىل-ئەۋقاتى ھەسرەت ئەتكەنى

ئىشىتكىل زىكرىيانىڭ ۋاقىئاتىن،
نەسىب ھەق ئەتتى نېچۈك ئىشق زاتىن.
بەناگەھ كۇفر ئەلدىن قاچتى ئول ئەر،
قاۋۇدى كۇفر ئېلى ئول ئەرنى يەكسەر.
يۈگۈردى ھەر تەرەف بۇ تەگرى دوستى،
قايان بارسە بۇ ئەل ئالدىنى توستى.
دەر ئېردى كۇفر ئېلى بىر-بىرىگە: «تۇت.»
بۇ ھەم بىر يەرگە يەتتى، بار ئىدى تۇت.
يارىلدى ئۆزمە ئول دەم بۇ زىكرىيا،
كىرىپ ئۆزمە ئېچىدە بولدىلار جا.

كى شەيتانى لەئىن كىرگەننى بىلدى،
پىشىدىن ئەندەكى ئىلكىدە ئىلدى.
قاۋۇپ ئارقەسىدىن كۇفر ئىلى يەتتى،
كۆزبىدە لەھزەدە ھەق غايىب ئەتتى.
قايان كۇفر ئىلى بارغاي بولدى ھەيران،
كى ھازىر بولدى ئۇل پۇرسەتدە شەيتان.
دېدى: «كىردى ئۇشۇل ئۇجمە ئىچىگە،
بۇ سۆز بولمادى باۋەر ھېچ كىشىگە.
پىشىنىڭ ئۇچىنى كۆرسەتتى شەيتان،
دېدى بۇ ئىشغە كۇفر ئەھلى:«نە ئىمكان.»
دېدى: «قوي ئۇجمەنىڭ باشىغە ئەررە،
تەجاۋۇز ئەيلەمە بۇ سۆزگە زەررە.
باشىدىن تا ئاياغىغە تېگىپ كەس،
دۇبارە بولماغۇنچە بولماغىل بەس.»
باشىغە تەگدى ئەررە ئۇل زەمانى،
ئەجەب لەززەت ھۇزۇرى تاپتى جانى.
دېدى تەڭرى نەبىغە ئۇشبۇ سائەت:
«نېدۇر كۆڭۈلدە، ئەي دوستۇم، نە ھاجەت.»

دېدى: تەڭرىم، تەلەب ئەيلەرمە سەندىن،
دەرىغ ئەتمە، كۆتەرمە ئانى مەندىن.
ھەمىشە قويسەلەر باشىمغە ئەررە،
بۇ ئىش كەم بولماسۇن مەندىن بۇ بەھرە.
مېنىڭكى تاپماغان مەقسۇدۇم ئۇشبۇ،
مېنىڭ بېھبۇدۇم، ئەي مەئبۇدۇم، ئۇشبۇ.
تىلەكىم ئۇشبۇدۇر ئىككى جەھاندا
مۇنىڭدىن ئۆزگە مەقسەد يوقتۇ جاندا.
دەۋا دەردىمغە ئۇلدۇر، ئۆزگەسى دەرد،
ئېرۇر جەمئىغە راھەت رۇھ پەرۋەرد.
ماڭا بو يەتسە، ئەي تەڭرى، تەلەبدىن،
كى بۇ دەرمان ئىلە جان چىقسە لەبدىن.
ئەجەب دەۋلەت، ئەجەب ئىززەت ماڭا بۇ،
ئەجەب ئىشرەت، ئەجەب نىئمەت ماڭا بۇ.»
ئىلاھا، ھىرقەتىغە ئىشق زەررە
ئەتا قىل، قويسەلەر باشىمغە ئەررە.
قاشىن قايتارماسۇن، ھەر بارە تىلسۇن،
بۇ ھەم ئىشق ئەھلى سانىغە قاتىلسۇن.

## ھەزرەتى، يۇنۇس ئەلەيھىسسەلامغە ئۈچ تىميرەلىكدە ئىشق چىرە بولغانى، تىلى مۇشاھەدەنىڭ قىلىغە پەرە بولغانى

ئىشت، نېچۇن تەجەللى تاپتى يۇنىس،
نە يەڭلىغ ئىشق مۇرغى بولدى مۇنىس.
كى بۇ يۇنىس نەبىنى يۇتتى ماھى،
ئۇشۇل ھال ئېردى، يەتتى ئىشق شاھى.
ئىدى يۇنىس مەگەر بالىق ئىچىدە،
يۇنىسنىڭ ئېردى ئۇل خالىق ئىچىدە.
ئىچىپ ئىشق ئىلكىدىن جامى فەنانى،
بەقا تاپتى، ئۇنۇتتى ماسىۋانى.
ۋەلى ئېردى نەسىبى ئۈچ قاراڭغۇ،
جىلا تاپتى جەمالى ئىشقدىن بۇ.
دېدىكىم «لائىلاھە» ئۇشبۇ يۇنىس،
كى «ئىللا ئەنتە» لەفزىن ئەتتى مۇنىس:

«ئېرۇرسەن ئادىلۇ سۇبھان، غەففار،
ئېرۇرمەن جانىمە زالىم ستەمكار.»
ھەمىشە تىلىدا ئەسبىھ بۇ ئېردى،
سەۋادىن جانىغە تەرجىمى بۇ ئېردى.
ئىدى دەريا بالىق ئالەم قاراسى،
بارىن مەھۋ ئەيلەدى ئىشقى جىلاسى.
ماڭا بولغاچ مۇھەببەت ساقىسى بار،
قاچان قىلدى قاراڭغۇ ۋەھمىسى كار.
ئىلاھا، ھىرقەتىغە رەۋشەنالىق
نەسىب ئەت، ئىشقدىن كەتسۇن قارالىق.
تىلىدە بولسۇن ئۇل يۇنىس نەۋاسى،
كى مەھۋ ئەت غەيرى ئىشقىڭنىڭ ھەۋاسى.

## ھەزرەتی ئەییۇب ئەلەیھسسەلامغە رەنج سۇرەتىدە ئىشق كەنجی تاپىلغانی. نەئىم دۇنیا تەرەفىدىن یۈزىگە پەردە یاپىلغانی

تەجەللی تاپتی قۇرت رەنجىدىن ئەییۇپ،
تەنی قۇرتی كۆرۈندی بارچەدىن خوپ.
جۇدا بولدی جەھاننىڭ نىئمەتىدىن،
نەسىب ئىشق ئولدی تەڭری رەھمەتىدىن.
تاپىپ بۇ زەئىفدىن ئانداغ ھەلاۋەت،
یېتىشمەي رەنج بىھەددىن مەلامەت.
نېچۈنكىم ئىشق بۇ رەڭ جىلۋە قىلدی،
دەرەختی ئىشق مۇنداغ مىۋە قىلدی.
تەنىن یەپ قۇرت ئانداغ ئەیلەدی جەبر،
نەچە جەبری فۇزۇن غالىپ ئاڭا سەبر.
ئۇشۇل سەبر ئېردی لېكىن ئىشق كەنجی،
كۆرۈندی یانە ئەلگە قۇرت رەنجی.

یېدی ئانداغ تەنىیۇ ئۇستىخانی،
تەقی قالدی یۈرەكی بىرلە جانی.
ئەگەر بىر قۇرت ئۆزىنی یەرگە سالدی،
یەنە ئورنىدا، ئەییۇب قویدی، ئالدی.
بۇ ئەییۇپ ئىشقىنىڭ پەرۋانەسىدۇر،
بۇ قۇرتی كەنجىنىڭ دۇردانەسىدۇر.
بۇدۇر ئىشق ئىچرە تاپقان نەقد ئەۋقات،
باری راھەت ئېرۇر، لېك ئېردی ئافات.
ئىلاھا ھىرقەتىڭە لۇتف كۆرگۈز،
مۇڭا كۆرسەت جەمالی ئىشقدىن یۈز.
نەچە ئىشق ئەیلەسە ئەییۇب كەبی جەبر،
بۇ تاپسۇن جانۇ دىلدا لەززەتی سەبر.

## ھەزرەتی داۋۇد ئەلەیھسسەلامغە دەر سۇرەتی زەن ئور یا ئىشق نابۇد گورۇگەر ۋە بی سۇرەتی مۇلك تەنبىھ ئۇ سۇدگەر ۋە دەۋا

جەمالی زەمدىن ئولدی ئىشق داۋۇد،
ۋۇجۇدی لایىنی ئىشق ئەتتی نابۇد.
بۇ ئىشق ئوتىدا ئەینی دەرد بولدی،
سەۋایی ئىشقدىن ئول فەرد بولدی.
ئىكی كۆز چەشمەسی بولدی ئىكی بەھر،
شەكەر بولدی بۇ بەھر ئۈپقانىدىن زەھر.
بۇرۇن یوق ئېردی ئاھىدىن ئەسەرلەر،
بەناگەھ بولدی پەیدا سىیمە زەرلەر.
كی تاش سۇ بولدی ئانىڭ نالەسىدىن،
چەمەنلەر تازە بولدی ژالەسىدىن.

ۋۇھۇشلار ھەم داغی پەررەندە قۇشلار،
مۇنىڭ تەئسىرىدىن قىلدی خۇرۇشلار.
زەمىنو ئاسمان ھەم یىغلادی قان،
كەسەكلەر نالەسىدىن تاپدىلەر جان.
ئېرۇر بۇ ۋادىدا خاسىیەتی ئىشق،
داغی بىلەن ئېرۇر ماھىیىیەتی ئىشق.
ئىلاھا، ھىرقەتىنی شاد قىلغىل،
زەمىنی ئىشق ئىلە ھەمخانە قىلغىل.
ئۈنۈپ ئول ئىشق باغىدا گۈل ئولسۇن،
ۋە لېكىن ئەل كۆزىگە بۇلبۇل ئولسۇن.

## ھەزرەتی سۇلەیمان ئەلەیھسسەلامغە شەھلىق سۇرەتىدە گەدالىق سىیرەتىدىن ئىشق ئەسەر قىلغانی، گەدالىغدىن ئۆزگەسىدىن گۆزەر قىلغانی

سۇلەیمان جۇملە ئالەمگە ئىدی شەھ،
ۋە لېكىن ئىشقدىن ئول ئېردی ئاگەھ.

بۇ شەھلىق ئېردی ئانىڭ ئىمتىھانی،
ۋە لېكىن جانی ئېردی ئىشق كانی.

دېدى: «تەڭرىم، ماڭا بۇ مۇلك بەردىڭ،
شەرەفدە جۇملە ئالەمدىن كۆتەردىڭ.
ۋەلې بۇ مۇلكنى هەركىمگە بەرمە،
بۇ دەۋلەت راهەتىن مەندىن ئىبەرمە.»
سۇلەيمان ئەيلەدى دايىم مۇناجات،
رەۋا قىل، دەپ، خۇدايا جۇملە هاجات.
مۇنى خەلق ئەيلەدى شەھلىقغە تەئبىر،
ۋە لېكىن ئىشق ئىدى بۇ سۆزگە تەفسىر.
گەدالىقنىڭ ئىدى شەھلىق لىباسى،
سۇلەيماننىڭ ئىدى ئىشق ئىختىساسى.
مۇڭا ئىشق ئىلكى بىرلە مۇبتەلالىق،
رەهالىق ئېردى قىلمادى جۇدالىق.
سۇلەيمانغە بۇ يەڭلىغ ئىشق يەتتى،
جەهاندىن ئۇشبۇ ئىشرەت بىرلە كەتتى.
مۇنىڭدىن ئۆزگە يوق ئېردى خەيالى،
گەدالىقدا ئىدى شەھلىق كەمالى.
ئىلاها، ھىرقەتى قىلدى مۇناجات،
گەدايى ئىشق ئەتكىل جۇملە ئەۋقات.
ساڭا قىلسۇن بارى - يوقىنى ئول سەرف،
كى ئىشقىڭدىن بۆلەك ئۆرگەتمە بىرهەرف.

## هەزرەتى يەئقۇب ئەلەيهىسسەلامغە هەزرەتى يۇسۇف ئەلەيهىسسەلام سۇرەتىدە ئىشق جەمال كۆرسەتكەنى، هەزرەتى يەئقۇب ئەلەيهىسسەلام ۋە هەزرەتى يۇسۇف ئەلەيهىسسەلام بەيتىل - ئەهزاندا ئىشرەت ئەتكەنى

كەمالى ئىشق تاپتى جانى يەئقۇب،
ئاڭا يۇسۇف جەمالى بولدى مەتلۇب.
ئانىڭ بولدى دىلۇ جانىدا يۇسۇف،
مۇنىڭسىز ئېردى جانىدا تەئەسسۇف.
بۇ ئىشقە، ئاڭلاغىل، رەشك ئەيلەدى هەق،
دېدى: «يۇسۇف ئاتىنى دېمە مۇتلەق.»
ۋەلې يۇسۇف ئارا تۇشتى جۇدالىق،
ۋە لېكىن بولمادى كەم مۇبتەلالىق.
ئانىڭ جانىغە تۇشتى ئىشقدىن شور،
كۆزى بولدى يۇسۇفنىڭ يادىدە كور.
قاراردى، يوق ئىدى بەيتۇلهەزەندە،
ئۇشۇل فىكرەتدە ئېردى سەرەفكەندە.
قاچانكىم قىلدى يەئقۇب ئىشق باغىن،
قىلىپ گۇلزارى جانىغە دەردۇ داغىن.
بارۇر ئېردى سوراپ ئول هەر گۇزەرغە،
بىرەۋ كەلسە مەگەر ناگەه نەزەرغە.
كېتۇرگەي دەپ تىلىغە يۇسۇف ئاتىن،
دېگەي دەپ ناگەهان ياخشى سىفاتىن.
كى يەئقۇبى نەبىغە ئۇشبۇ سۇرەت،
نەما قىلدى ئەرۇسى ئىشق تەلئەت.
ئىلاها، ھىرقەتىغە تەلئەتى خۇب
ئىلە بولغايمۇ تۇش ئول ئىشقدىن كۆپ،
كۆزى نۇرى ئۇشۇل يۈز بىرلە كەتكەي،
ئانىڭ يادى بىلە جان ئىشرەت ئەتكەي.

## هەزرەتى يۇسۇف ئەلەيهىسسەلامغە بىبەهالىق هۇسن بىلە كەم بەهالىقدا ئىشق تولۇغ ئەتكەنى، بۇ نىسبەتلىك بىلە مەستلىقغە رۇجۇئ ئەتكەنى

ئىشىتكىل قىسسەئى يۇسۇف نەبىنى،
نەچۇك سىندى جۇدالىق مەركەبىنى،
بەناگەه تۇشتى يەئقۇب ئىلە فۇرقەت،
نەسىبى بولدى زىللەت بىلە ئىززەت.
تالۇن ئايدەك جەمالى بىبەهاسى،
زىلەيخائى زەمان ئېردى گەداسى.

تەئەججۇپ، كۆر، بۇ يەگىلىغ بىبەھا قۇل،
بەھاسى بولدى ئون سەككىز پۇچەك پۇل.
سەرىھلىك ئىشقىدا بولغاي پۇچەكىلىك،
فۇزۇنلۇق بولدى ئىشق ئەھلىغە كەملىك.
تەجەللى ئەتتى ئىشق يۇسۇفكە بۇ رەڭ،
بەھادا يوق ئىدى ھېچكىم مۇڭا تەڭ.
ئاشۇل يۇسۇفكە ئىشق ئېچرە بۇ زىللەت،
سىغەتكە راست كەلمەس ئېردى ئىززەت.

بۇ ئىشدىن ئارتتى ئانىڭكى كەمالى،
مەھى بەدر ئولدى كەملىكدىن جەمالى.
ئەزىزى مىسر بولدى خارلىقدىن،
بەھالىق بولدى كەم بازارلىقدىن.
ئىلاھا، ھىرقەتىنى سەن ئەزىزئەت،
شەرابى ئىشق ئۇچۇرۇپ قەندىرىز ئەت.
ئاڭا ئىززەتدىن ئەفزۇن ئولسە زىللەت،
بۇ رەڭ قىلغاي كەبى دەۋزەخنى جەننەت.

## ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلامغە مەقامى ھەياتدا نەئىمۇل جەننات بىلە مۇھەببەت ئۇرۇغىنى تىككەنى، ئىشقىنىڭ جەمالى پەرتەۋىدىن كەمالىغە يەتكەنى

ئىشىت ئىدرىسنىڭ تاپقان ھۇزۇرىن،
خۇدا زاتىغە سالغان ئىشق نۇرىن.
تىرىك، ئۆلمەي تۇرۇپ كىردى بېھىشتكە،
فەراغەت جايى ئول ئەنبەر سىرىشتكە.
ئاڭا يەتمەي ئەجەل ساقىسىدىن مەي،
تىرىكلىك لەززەتىنى تاپدى، ئۆلمەي.
ھۇمايى ئىشق سەرمەد سايەسىدىن،
يېتىشتى ئۆمر باقى مايەسىدىن.
بۇ جىسمى خاكىدىن جان فانى بولماي،

ھەياتى مۇلكىنىڭ سۇلتانى بولماي.
بۇ ھەمدۇر ئىشقىنىڭ ئۆزگە نىشانى،
بىرۇر ھەر قىسمى جەۋھەر ئىشق كانى.
تەجەللى ئەتتى ھەر مۇرسەلغە باشقە،
نېچۈك كۈن تاب ئېتەر ھەر قىسمى تاشقە.
ئىلاھا، ھىرقەتىغە ئۆمر باقى
نەسىب ئەت، ئىشق بولسۇن ئاڭا ساقى.
ئىچۈرگىل ئىشق سەرمەد جامىدىن مەي،
بېھىشتدە جاي تاپسۇن ھەرگىز ئۆلمەي.

## ھەزرەتى مۇسا كەلىم ئەلەيھىسسەلامغە كۇھى تۇردىن ئىشق نۇرى تۇلۇئ ئەتكەنى

بارىپ تۇر ئۆزرە مۇسا ئاڭلادى راز،
مۇڭا ئول يەردە بولدى ئىشق دەر باز.
دىدى ناگاھ مۇسا «رەببى ئەر» نى،
جەۋابىغە ئىشىتتى «لەن تەرا» نى.
ۋەلى مۇساغە بولدى شەۋق غالىب،
جەمالى ھەقغە بىھەد بولدى تالىب.
نەمايان ئولدى ناگاھ زەررەئى نۇر،
نەچە پارە ۋە رىزە بولدى ئول تۇر.

يىقىلدى، بولدى مۇسا تاكى بىھۇش،
نېچۈنكىم ئىشق خەمرىن ئەيلەدى نۇش.
بۇ يەگىلىغ ئىشق بىرلە تاپدى ۋەھدەت،
بولۇپ خۇرشىد تەنھا كەتتى كىسرەت.
بۇ ھەم بولدى تىرىك تۇپراقغە پىنھان،
قاچان چىقتى تەنى تۇپراغدىن جان.
كۆرۈڭكىم ئىشقىنىڭ ھەر ئىشلارى بار،
كىم ئەتكەي فەھم، نې قىلمىشلارى بار.

ئىچىپ ئىردى كەلىم ئىشق ئىلكىدىن مەي،
نەچۇك هەي ئىردى كەتتى دۇنيادىن هەي.
كىشى بىلمەس، ئاڭا ھېكمەت نە ئىردى،
ماڭا ئىشق ئەھلىدىن قۇربەت نە ئىردى.

ئىلاها، ھىرقەتىغە ئىشق موسا
ئەتا قىل، بولسا ۋەھدەت ئىشكىدىن جاھ.
كى بولسۇن جىسمى جانى ئىشق ئىلە بىر،
ئاڭا مەئلۇم بولسۇن فەھم ئەمەس سىر.

## ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھىسسەلامنى ئىشق تەجرىد ئىتىپ تەفرىد ئولغانى ۋە سوفى سىفەت بەيتىل مەئمۇرغە مەئمۇر ئولغانى

قىلىپ ئىيسانى ئانداغ ئىشق تەجرىد،
نەسىبى بولدى ئانىڭ جايى تەفرىد.
ئانىڭكى خانىقاھى بەيت مەئمۇر،
ئىچىپ مەي، مەست بولدى، ئىردى مەخمۇر.
فەلەككە چىقتى ئىردى چۈنكى ئول رۇھ،
نېچۈنكىم كۆك ئۈزە جەۋلان ئېتەر نۇھ.
تەنى بىرلە چىقىپدۇركىم سەماغە،
مەلەكدىن ئۆزگە جايى بى غىزاغە.
ئىچۈرگەچ ئىشق خەممارى ئاڭا راھ،
ۋۇجۇدىدۇر فەلەك خاتۇنىدىن لاھ.
تەنى گۈلزاردە يوق نەفس خارى،
فەقەد ئايىنەدۇر، يوقدۇر، غۇبارى.

بۇ مەۋسىم ئىشقىنىڭ بىر شىۋەسىدۇر،
كى ئىيسادا بۇ يەگلىغ جىلۋەسىدۇر.
قىلۇر ھەر كىمگە بىر نەۋئى كەرەشمە،
بېرۇر ھەر كىمسەگە بىر قىسمى ئىشۋە.
ئېرۇر بۇ ئىشقىنىڭ سىفەتلەرى كۆپ،
ئەرۇسى ئىشقىنىڭ رەئفەتلەرى كۆپ.
تولا ئاشق ئېرۇر ئىشق ئاڭا باقماس،
جەمالى ئوتىنى ھەر كىمگە ياقماس.
ئىلاھا، ھىرقەتىنى ئەيلە تەجرىد،
كى ئىيسادەك نەسىب ئەت مۇلكى تەفرىد.
ئاڭا دەرۋازەئى ئىشق ئولسە مەفتۇھ،
كى جىسمۇ جاندەك كىم ئەيلەگىل رۇھ.

## ھەزرەتى سەييىدۇل مۇرسەلىن نەبىيىن سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ئىشق فەقىر سۇرەتىدە تەجەللى قىلىپ، ھەقىرلىق جامىدا بادە ئىچىپ، ماسىۋادىن كۆز يۇمغانى

ئىشىت، ئول ۋەقت ئىدى ناگاھ شەبى داج،
مۇھەممەد مۇستەفاغە بولدى مېئراج.
يېتىپ ئىردى ئوشۇل دەم ئىشقدىن خەمر،
«ماڭا ئايغىل سەنا» دەپ، ھەق ئېتىپ ئەمر.
ئول ئىردى ئىشق ئەھلىگە ئەتا بەك،
كېلىپ جۇنبىشغە ئىردى جۇملەئى رەگ.
يېتىپ ئىردى تەنى جانى فەناغە،
تىلى ئەزم ئەتتى «لائەھسا سەنا» غە
نە ئەقلىم بار، نە ھۇشۇم، مەندە نە تىل،

نە تىل بىرلە ساڭا دەي «قال» ئىلە «قىل».
سەنا ئايغىل، خۇدايا، ئۆز - ئۆزۈڭگە،
فەنادۇرمەن سېنىڭ ئايغان سۆزۈڭگە.
بىلە ئالمام، ئىلاھا، مۇندا مەن كىم،
ئىكىلىك فەھمىغە يەتمەسمە سەن كىم.
مەقامى ئىشق ئىچىدە گۇفتىگۇ يوق،
قوشۇلسە ئاڭا دەريا، ئول بولور يوق.
مۇھەممەد تاپتى جايى «لى مەئەللاھ»
كى مۇرغەم بولدىلار خۇرشىد ئىلە ماھ.

ئۇرۇجىدىن مەگەر يالدى زەمىنگە،
مۇھەممەد ئەلنى تەكلىق ئەتتى دىنگە.
دېدى ئولدەم ھەدىسى مەن رەئانى
لە شەك، تەھقىق كۆردى ئول خۇدانى.
لەدۇر «كۇلل» بىلە «جۇز» نىڭ ئىتتىھادى،
ئىكى بىر بولسە كىم ئىككى ئاتادى.
مۇھەممەدنى ھەق ئەتتى جەزب مۇتلەق،

بەسىرەت تاپقان ئەل ئانى دېدى ھەق.
ۋە لېكىن دېدى: «كەمتەر بەندەدۇرمەن،
نەچۇك ئەمر ئەتسە سەرئەفكەندەدۇرمەن.»
مۇنگا ئىشق ئولدى ۋاقىئ فەقر ئىچىدە،
شەھىنشەھلىق مەقامى خىزر ئىچىدە.
ۋەلې بۇ ئېردى ئىشق ئەھلىغە سەردار،
يوق ئېردى ھەققە بۇ يەگلىغ خەرىدار.

**ھەزرەتى ئەبۇبەكر سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە سىدق سۇرەتىدە، ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەدل سۇرەتىدە، ھەزرەتى ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ھەيا سۇرەتىدە، ھەزرەتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھۇغە سىخا سۇرەتىدە ئىشق تەجەللى قىلغانى**

ئەبۇبەكر ئولدى ۋەھدەت ئىشق بىرلە،
ئاچىلدى ئىشق ئەقدى سىدق بىرلە.
كى ھەرگىز سىدقىدىن ئايرىمادى ئول،
نەچە تەسدىقدىن سۆز بۇزمادى ئول.
ئۆمەرگە ئەدلىدىن قىلدى تەجەللى،
ئەدالەت ئىلكىدىن تا بولدى ھەللى.
ئۇنۇتماي ئەدل ئىشىنى ھېچ ھالەت،
يوق ئەتتى زۇلم ئىشىن بى ھەددى غايەت.
تەجەللى قىلدى ئۇسمانغە ھەيادا،
مەلەكلەر تەھسىن ئەتتىلەر سەمادا.

ھەيادىن چۇن ھەيا گۇل يۈزدە شەبنەم،
كۆزىدىن گۇل يۈزىدە روزۇ شەب نەم.
تەجەللى ئىشق قىلدى ئول ئەلىغە،
سەخادا بىبەدەل بولغان ۋەلىغە.
سەخاۋەت نۇرىدىن تاپدى سەئادەت،
مۇنگا نېچۇنكىم ئول ئىشق ئېردى ئادەت.
ئىلاھا، ھىرقەتىغە بۇ بەش ئەرىنىڭ
ئىناياتىن نەسىب ئەت بى بەشەرىنىڭ.
بۇلارنىڭ پەيرەۋىدىن يىغماسۇن قول،
تەرىقى ئىشقى ھەقدىن ئۆزمەسۇن ئول.

**پەرۋانەگە شەمئىنىڭ جەمالىدىن ئىشق تەجەللى قىلغانى، پەرۋانە شەمئ ئوتىغە ئۆزىنى ئۇرۇپ، كۆيۈپ كول بولۇپ يىقىلغانى**

ئىشىت پەرۋانە بىرلە شەمئ ئىشقىن،
ياروت كۆڭلۈك ئۆيىگە ئىشق شەمئىن.
قىلىپ ئول شەمئ ئىلە رەۋشەن دىلىگنى،
ئۇزات سەن ھەم ياقاي دەپ ئوت تىلىگنى.
چىقارىپ لەبىدىن ئول دىۋانەۋار ئەت،
جىر ئوت يۈزلۈكنى كۆر پەرۋانەۋار ئەت.

بۇ رەڭ ئۆرتەندىلەر پەرۋانەئى شەمئ،
ئىشىت نې يەگلىغ ئېردى سال ئاگا سەمئ.
بەناگەھ كۆن جەھاننى قىلدى سەيران،
كەچ ئولدى بۇلھەۋەسلەر قالدى ھەيران.
يىغىلىپ تەئىين ئەيلەب ئىتتىفاقىن،
ھەر ئانچە قىلدىلار مەجلىس يىراغىن.

يامانۇ ياخشىلار تا بولدىلار جەمئ،
بىر ئۆيي ئىچرە مۇبادا ياقتىلار شەمئ.
كىرىپ ئول ئۆيي ئىچىگە تۈزدى مەجلىس،
يىغىلدى ھەر تەرەفتىن ئاندا ھەر جىنس.
بۇ ئۆيدە بىر ـ بىرىسىنىڭ ھەۋاسى،
قاچان بۇ شەمئىنىڭ گەر مۇبتەلاسى.
غەرەز بۇ شەمئىنى ئۆيگە يارۇتسە،
بىرى بىرسى بىلە كۆڭلىن ئاۋۇتسە.
بارى قىزۇ جەۋاندا نازۇ شىۋە.
قىلىپ ياخشى قىلىق، ھەر نەۋئ جىلۋە.
ئانىڭ نازى كىشىلەرنى قاراتسە،
بەھەر سۇرەت ئۆزىن ئەلگە ياراتسە.
قىلىپ رۇخسارە ئۆزرە تۈرلۈك ئەفشان،
بولۇپ گوياكى خۇرشىدى دۇرەخشان.
قاشىنى سەبزە ئەيلەپ ھۇسمە بىرلە،
ۋزىگە زىبۇ زىننەت كەسمە بىرلە.
ولۇپ مەجلىس ئارا ھۇرۇ پەرىدەك،
بولۇپ باشتىن ئاياغ گۈل بەرگى تەردەك.
قۇلاقۇ بوينىد دۇررۇ گۆھەرلەر.
قىلىپ ئاغىشتە دۇرغە سيمۇ زەرلەر.
كىيىپ ئالۇ ياشىل ھەر رەڭ لىباسىن،
نەمايىشغە بەلەند ئەيلەپ ھەۋاسىن.
بارىسى ئۆزىنىڭ ھۇسنىگە ئاشىق،
بۇلاردا بەغەير ئەز خۇد نەمالىق.
بۇ ئۆيي ئىچرە جەمئىي پىرۇ بەرنا،
مۇغەننى بىرلە مۇترىب زىشت رەئنا.
يىگىتلەرنىڭ كۆزى قىزۇ جەۋاندا،
دىلۇ جانى بىلە ئاھۇ فىغاندا.
جەۋانۇ قىز دۇرەخشان بولسە چۈن ماھ،
ھەۋەس ئەھلى ئۇرار ئاھ ئۈستىگە ئاھ.
يىگىتلەر زەۋق بىرلە تارتىپ ئەفغان،
ئۆزىگە مايىل ئەتمەكتىن يۇتۇپ قان.
نىسار ئەتسە ئاگا رۇھى رەۋانىن،
فىدا قىلسە جەھان ھەم خانو مانىن.
مۇبادا بىر ـ بىرىنىڭ تۇتسە مەيلى،
بۇ مەجنۇن بولسەۋۇ ئول بولسە لەيلى،
فىرۇزان قىلسالار بۇ جەمئ نۇرىن،
بۇ ئەل بىر ـ بىرىدىن تاپسە ھۇزۇرىن.
چىراغى تىيرە ئولسە ياغ قۇيماق،
كىلىپ رەۋشەن قىلىپ، ئورنىغە بارماق.
ھەمە ئۆز خەلقىغە خەندانۇ مەسرۇر.
بولۇپ ئايدەك جەمالى بىرلە مەغرۇر.
بۇلار ئەيلەر بىرى ـ بىرگە نەزارە،
ئىتىپ خۇش-لۇقنى ئول ھەددىن گۇزارە.
كۆرۈنمەس شەمئدىن بىر ـ بىرگە دىيدار،
قاچان بار ھۇسنى شەمئگە خەرىدار،
بۇلارنىڭ ھەر ھۇزۇرى شەمئدىندۇر،
قاچان ئۆيي ئىچرە بولغان جەمئدىندۇر.
بۇ شەمئ ھۇسن ئىلە ھېچكىم ئىشى يوق،
مۇڭا نەززارە ئەيلەرگە كىشى يوق.
تەنىدە قالمادى بىر زەررە ئارام،
مۇھەببەت خەمرىدىن نۇش ئەيلەگەچ جام.
بەناگەھ بولدى بىر پەرۋانە پەيدا،
ئۇ بولدى شەمئىنىڭ ھۇسنىگە شەيدا،
يىراقدىن شەمئگە قىلدى نەزارە،
تىلىن تەبرەتتى شەمئ ئەتتى شەرارە.
بەناگەھ شەمئ ئۆزىن قىلدى نەمايان،
ئالىپ پەرۋانەدىن يۈز كۆرسەتىپ جان.
ئىچۈردى ھۇسنى جامى بىرلە شەربەت،
كىتىپ ھۇشى مۇنىڭ مەست ئەتتى ھەيرەت.
نىگارى جىلۋەگەر بولسە كۆزىدە،
قالۇرمۇ ئاشىقى بىدىل ئۆزىدە.
كىشىنىڭ بەزم ئىچىدە بولسە يارى،
قاچان زار ئەتمەسۇن ئايتىپ قەرارى.
قىلىپ پەرۋانە ھەردەم ئىزتىراب ئول،
كۆيۈپ شەمئ ئوتىدا بولسە كەباب ئول،
شەرارىدىن تۈشۈپ پەرۋانەگە ئوت،
مۇھەببەت ئاھەنىدىن كەيدى ساۋۇت.
خەيال ئەتتى ئۆزىن ئوتقە ئۇراي دەپ،
قاچان فىكر ئەيلەدى بىردەم تۇراي دەپ.

تەلندە قالمادى بىر زەررە ئارام.
مۇھەببەت خەمردىن ئۇش ئەيلەگەچ جام.
بولۇپ ئول شەمئنىڭ پەرران باشىدىن.
مۇھەببەت جۇش ئۇرۇپ ئىچۇ تاشىدىن.
كېيىن يانىپ گەھىكى ئەيلەپ ئىقبال،
كۆرۇڭ پەرۋانەگە بۇ نەۋئ ئېرۇر ھال.
قاچان پەرۋاسى بار ئول بەزم ئېلىدىن،
مۇڭا يەتمەس ئەسەر مەجلىس يەلىدىن.
قىلۇر ئول شەمئ بىرلە ئىشقبازلىق،
مۇڭاجان ئويناماقىدۇر كار سازلىق.
ئۇرۇپ شەمئ ئوتىغە گاھى قەناتىن،
ئۆزەي دەپ دۇنيەدىن تارى ھەياتىن.
گەھى باسىپ ئۆتەر ئەلىنىڭ باشىغە،
ئۇرار گاھى ئۆزىن قۇربەت قاشىغە.
باشىدىن ئايلانىپ جۇت چەرخى دەۋۋار،
يېقىلىپ شەمئ ئالدىغە نىگۇنسار.
كېتىپ ھالدىن، بولۇپ ئەفتانۇ خىزان،
قەناتى چۆرگەلىپ چۇن بەرگى سىزان.
بارىپ، گاھى يانىپ ئۆرتەپ ۋۇجۇدىن،
ئىبەرسە يەل كەبى ئول كۆككە دۇدىن.
تەنى قالغاي ئاياغ ئاستىدا ئەلىنىڭ،
مۇڭا تەقدىردۇر ئىززۇ ۋە جەلىنىڭ.
ئەزىز جانى كېتەر تەن مۇلكىدىن پاك.
بولۇپ پەرۋانە جىسمى يەنجىلىپ خاك.
بولۇپ پەرۋانە شەمئ ئوتىغە ۋاسىل،
قۇچۇپ مەئشۇق، ئېتىپ مەقسۇد ھاسىل.
توكۇلدى جان سۇيى، تەن زەرفى سىندى،
فەنا بولدى يېقىلدى، كۆڭلى تىندى.
كۆرۇڭ پەرۋانەنىڭ ھالىنى ئىنسان،
بولۇر تۇفراق، بىرىپ ئول شەمئگە جان.
ئېرۇر ئىشىق ئەھلىگە ئوت ئىچرە كۆيمەك،
غەرەز ئۆلمەك ئېرۇر - خوبلارنى سۆيمەك.
كىشى ئاشىق ئېسە ئوتدىن يانارمۇ،
ئەزىز مەئشۇقىغە جانىن ئايارمۇ،
دىلىۇجان بىرلە ھەركىم بولسە ئاشىق،
بولۇر مەئشۇقىغە جانىدەك مۇۋافىق.
قاچان پەرۋانە كۆيمەي [بولدى دىلجەمئ]،
قاچان ئوت ياقماسا شەمئ ئۆزرەدۇر شەمئ.
ئىشىتكىل ئاقىلا، پەرۋانەدىن سۆد،
قىلىپ جانىن پىدا ئوتىغە ئۇرار دۇد.
نېچۇك قىلماس كىشى جانىنى قۇربان،
خۇدايىغە كىشىگە بەرسە ئول جان.
كۆرۇڭ پەرۋانە فانىغە بېرۇر جان،
نەچۇك باقىغە بەرمەس ئاقىل ئىنسان.
ئۆزى بەرگەن بىلە قىلسە ئۆزىن خۇش،
نەچۇك دەۋلەت ئېرۇر، بىل، ئاڭا بىھۇش.
خۇداجۇ بولسە كىم، قىل ئاشىنالىق،
ئوشۇل تالىب ئەمەس قىلغان جۇدالىق.
كىشىكىم بولماسا ئۆزى خۇداجوي،
ئۆزىن پاك ئەيلەمەي كىمنى قىلۇر شوي.
ئىشىتكىل، شەمئ ئۆزىنى ئۆرتەدى پاك،
ئالىپ پەرۋانە جانىن، ئەيلەدى خاك.
خۇداجوي دېمە، ئول جەننەت تەلەبدۇر،
ئوشۇل گۇلشەن سۆيىغە تەشنەلەبدۇر.
نەچۇك بولغاي خۇداجوي، ئول ئېرۇر نەفس،
تىلەر ئىشرەتنى دايىم گەردەنى غەس.
ئېرۇر تالىبغە تەڭ ئەيىش ئولسە نىئمەت،
بارىغە شۇكر ئېتەر، بىل، ئەھلى ھىممەت.
چېكىپ جان ئەتمەيىن چاك يەرنى دىھقان،
قاچان تازە زەمىنگە فاش ئېتەر دان.
ئونەرمۇ دان ئەگەر نەرم ئولماسا يەر،
چۆمۇپ دان بىخ ئۇرۇپ بەس كۆرسەتۇر پەر.
ئېرۇر نېئمەت ئەگەر مېھنەت ئىچىدە،
بىلىڭ، زەر ساف ئولۇر ھىرقەت ئىچىدە.
خۇدا دوستىغە ئۇردى نىشى غەمنى،
ئەدۇغە بەردى ئەيش دەم - بەدەمنى.
ئىلاھا، ھىرقەتىغە قىل نەزارە،
جەمالىڭ شەمئىنى كۆرسۇن شەرارە.
ئاڭا بۇ چەۋرۇلۇپ بىز دانە بولسۇن،
فىداجان ئەتكەلى مەردانە بولسۇن.

جەھان گۇللار باغىدا ئاچىلغانى، بادى سەبا بىر تەرەفكە قۇشدەك ئاتىلغانى، سەبا گۇلشەننى سەيران ئېتىپ خەندان ئېتىپ ۋە ھەممە گۇللار ھەقىقەتنى ئاڭلاپ، بارچەسىدىن قىزىلگۇلنى تاڭلاپ، بۇ گۇلغە خەرىدار، ئوتتەك يۈزىگە زار، ھەر قۇشدىن سوراغلاپ، بۇلبۇلنى يىراغلاپ، گۇلنىڭ ۋەسفىنى بۇلبۇلغە يەتكۈزۈپ، بۇلبۇلنى گۇلغە شەيدا دەمگە كەلتۈرۈپ، بۇلبۇل گۇل ۋەسلىغە ئۇلاشىپ، گۇلنىڭ كۆزىدىن بۇلبۇلنىڭ جانىغە ئىشق تەجەللىسىدىن ئوت تۇتاشىپ، شەۋق مەۋجى تاشىپ، فىغانى ھەددىن ئاشىپ، بۇلبۇلغە گۇل سۈرەتىدە ئىشق ئۆزىن كۆرگۈزۈپ، غەم جەللادى خەيال تىيغى بىرلە ئۇرۇپ، نالە قۇشىن ئۇچۇرماغقە ئاغزىن ئاچىپ، جەھان ئىچرە ئوت ساچىپ، كۆز خەزانەسى ئىشكىن ئاچىپ، ۋەسل بەيىمغە دەرەم ساناغانى، بۇلبۇلنى ئىشق دەردۇ ئەلەم زىندانىغە قاباغانى، بۇلبۇل كۆز ياشىدىن گۇلنىڭ نىھالىغە سۇ كىرگۈزگەنى، بۇلبۇلنى فىراق تىيغى بىرلە ئۆلتۈرۈپ، ۋەسل شەرابىدىن تىرگۈزگەنى

ئىشىت، شەرھ ئەيلەيىن مەن قىسسەئى گۇل،
نە يەڭلىغ بولدى ئاشىق گۇلغە بۇلبۇل.
خۇدا ھەر جىنسى مەخلۇق ئەتتى پەيدا،
بىرىن بىرىگە ئانداغ قىلدى شەيدا.
ياراتتى ھەر خەرىدارىغە دەللال،
تۈرەتتى جۈملە مۈشكىللەرگە ھەللال.
بۇ گۇلشەن ئىچرە يۈزمىڭ گۇل ياراتتى،
ئانىڭ ھەرقايىسىغە بۇلبۇل ياراتتى.
قىزىلگۇل غۇنچەسىن خەندان ئېتەرگە،
يۈزىن سەير ئەھلىگە تابان ئېتەركە.
سەبانى ئەيلەدى تەگزى سەھەرخىز،
تىگىپ گۇلغە ئۆزىنى ئەنبەر ئامىز.
كېلىپ ھەر سارى بويى خۇش يەتۈرمەك،
جەھان خەلقى مەشامىغە تېگۈرمەك.
قىلىپ جارى مۇھەببەت ئوتىنى تىز،
ئېتىپ دەرد ئەھلى كۆزىنى گۆھەررىز.
قىلۇر ھەقكى پەرىد ئەتتى سەبانى،
يورۇتتى ھەر تەرەف ئول بىنەۋانى.
بەناگەھ گۇلشەن ئىچرە گۇل ئاچىلدى،
ياشىل بەرگ ئۆزرە گۇيا قان ساچىلدى.
سەبا ئېردى جەھان ئىچرە سەبۇك سەير،
قىلۇر ئېردى جەھان گۇلزارىدا تەير.
سەبا كەلدى بەناگەھ بىر چەمەنگە،
مۇنىڭ ھەر گۇلى ئېردى مىڭ تۈمەنگە.
كۆرەركىم ئاسمان ئاستىن، يەر ئۈستۈن،
بارى يۇلدۇز قۇمدۇر، يوقارى كۆن.
ئەمەس مەئلۇم، بۇ يەرمۇ يا فەلەكمۇ؟
فەلەك دەپ بولمادى، يەر ھەم دېمەكمۇ؟
بىلە ئالماس فەلەك جىسمى سۆكۈلدى،
فەلەكدىن يەر ئۆزە يۇلدۇز تۆكۈلدى.
چەمەندۇر روھ ئەفزا، دىلكۇشايى،
كىشى كۆرسە دېگەي: «جەننەت بەجايى.»
يۈز ئەلۋان گۇل ئېرۇر سارىغ، ياشىل ئال،
ھەزاران مۇرغ ئاغزىدىن تۆكەر بال.
ئۈنۈپدۇر لالەلەر چۈن كاسە - كاسە،
ئالۇر كۆز نۇرىنى ھەركىم قاراسە.
تەئەججۇپ بولسۇ سۆزلەر بولسە كۈندۈز،
جەھاندا يەر يۈزىدە تۇغسە يۇلدۇز.

تۇمەن تۈرلۈك سىچەك فەسلى بەھارى،
جەھان باغىدە پەيدا قىلدى بارى.
قاراۋۇ زەرد، سۇرۇخ، كۆك گۇل ئېرۇۋۇر كۆپ،
ۋە لېكىن بىل، قىزىل گۇلچە ئەمەس خوب،
تەقى تۈرلۈك سىچەك ھەم ئەرغۇۋانى،
ياشىلۇ ئال ئاقۇ زەئفەرانى.
ئەدەتسىز گۇل ـ گۇلستان ئىچرە كۆپ بار،
ئۇلارنىڭ بىرىدىن سەن ئەيلە ئىزھار.
ئېرۇر بىسيار گۇل رەئنا ۋە زيبا،
قىزىل گۇلدۇر بۇ گۇللار ئىچرە يەكتا.
يەنە گۇللاردە بولسە رەڭ ئىلى روي،
نەزاكەتتە قىزىل گۇل تۇرپە خۇشبۇي،
سەبا گۇلشەندە ھەر رەڭ گۇلغە تەگدى،
بىرىن سىندۇردى بىرنىڭ شاخى ئىگىلدى.
كىرىپ ئىسكەپ يۇرۇپ ھەر قايسىسىنى،
ھەز تەرەپ گۇللار ئىسىنى.
قىزىل گۇلدىن بىلەك گۇللەر ساسىغدۇر.
ساسىغ بولسە ئانىڭدىن نە ئاسىغدۇر.
قىزىل گۇلدىن مەشامى جان مۇئەتتەر،

قاچان بولغاي بۇ گۇلدەك مۇشك ئەنبەر.
سەبا ئايدى گۇل ئولماس مۇنچە ياخشى،
ئەجەپ تەھسىن بۇ گۇلنىڭ تۇرفە نەخشى
بىرەۋ بولغاي مۇڭا نەززارى قىلسە،
بۇ گۇل غەمكىن كۆڭۈلگە چارە قىلسە.
مۇڭا بولسە ئىكەن بىر ئاشىقى زار،
دىلىۇ جانى بىلە زەۋق ئەتسە ھەر بار.
بۇ گۇل ئەھسەنگە بىر ئاشىق كېرەكدۇر،
مۇھەببەت يولىدا سادىق كېرەكدۇر.
بۇنىڭدا بولسە مۇنداق ياخشى دىيدار،
ئەجەبدۇر بولماسە ھېچكىم خەرىدار.
ياماندىن ياخشى قىممەت بولسە ياخشى،
يامانلار ئاڭا ھۇرمەت قىلسە ياخشى.
يامانۇ ياخشىلار بارىسى تەڭدۇر،
كۆرۈڭكىم ياخشىغە نامۇس نەڭدۇر.
سەبا كۆڭلىدە فىكر ئەتتى بۇ سۆزنى،
يەقىن كەلدىيۇ گۇلغە تىكتى كۆزنى.
دېدى گۇلغە: «سەباكىم بىر سۆز ئەيتاي،
قۇلاق سالغىلكى مەئقۇل بولسە ئايتاي.»

**سەبا گۇلغە زەۋق قىلىپ، ئەفسۇس يەپ، سۆز مەئقۇل قىلىپ، گۇلنىڭ دىيدارىغە خەرىدار ئىستەپ بارىپ بۇلبۇلنى تاپقانى**

سەبا لەب ھۇققەسىنىڭ بەندىن ئاچتى،
شەكەرنىڭ شەربەتىن گۇل ئۈزرە ساچتى.
دېدى: «ئەي گۇل، سېنىڭدەك بولسە دىلبەر،
ساڭا لايىق ئېرۇر بىر زارۇ ئەبتەر.
جەمالىڭغە قاراپ ئول بولسە ھەيران،
نىسار ئەتسە جەمالىڭغە ئەزىز جان.
فىغانلار قىلسە شاخ بەرگى ئىچىدە،
فەرەھلەر قىلسە ئەھلى باغ ئىچىدە.
جەھاننى ئىستەپ ئانداغ قۇشنى تاپسام،
ئالىپ كېلىپ ئانى ۋەسلىڭغە قاتسام.»
سەبانىڭ سۆزى مەئقۇل بولدى گۇلغە،
دېدى: «ئانداغ ئىسە بول مەشغۇل ئىشىغە.»

سەبا ناگەھ بۇ يەردىن بولدى پەرران،
بىرەۋنى تاپسە، قىلسە، گۇلغە ھەيران،
سەبا يۇردى سالىپ كۆز ھەر تەرەفكە،
تاپىپ بىر كىشى يەتكۈزگەي شەرەفكە.
سەبا سەيران ئېتىپ كەزدى جەھاننى،
غەرەزدۇر تاپسە ئانداغ باغرى قاننى.
كېلىپ دەشتۇ بەيابانۇ چەمەنگە،
كىرىپ باغقە، چىقىپ تاغۇ تۇبەنگە.
بارى قۇش ھالىدىن بولسە خەبەردار،
تاپىپ لايىقنى گۇلغە ئەيلەسە يار.
سەباغە ئۇچرادى مۇرغان چەندىن،
بۇ ئىشنى سوردى تا زاغۇ ـ زەغەندىن.

سەبا تاپسام دېدى بىر قۇش مۇۋافىق،
ئەگەر گۈل خىزمەتىغە بولسە لايىق.
جەھان قۇشلارىدا تاپمادى لەززەت،
سەبا ھەر دەم بۇ ئىشقە قىلدى ھەيرەت.
ئۇچۇپ ئانداغ سەبايى پەيك مەئشۇق،
بار ئېردى كۆڭلىدە بىر قۇش ئۇچۇن شەۋق.
كىزىپ ئىستەپ جەھاندا يار قابىل،
بەناگەھ بولدى بۇلبۇلغە مۇقابىل.
ئىشتكىل قىسسەئى بۇلبۇلنى ئەييار،
سەبا بولدى نېچۇك بۇلبۇلغە دۇچار،
سەبا ناگەھ يۈرۈپ بىر يەرگە يەتتى،
كۆزىنى رەڭ - بەرەڭ گۈللەر قاماشتى.
تەلەب كۆردى سەبا ئۇشبۇ چەمەننى،
ساچىپدۇرلار مەگەر لەئل سىمەننى.
فەلەكنىڭ خانىدىن يا تۆكتى مەرجان،
ساچىلدى زەخم تاپقان ھۇققەدىن جان.
چەمەننىڭ سەھنىنى تۇتتى قىزىللىق،
مەگەر ھەر گۇشەدە مەخمەل يايىغلىق.
ئەجەب مەنزىل ئېرۇر رەئناۋۇ دىلكەش،
تۈمەننىڭ گۈل بىلە ئېردى مۇنەققەش.
مەگەر بىلمەم بۇ كەرمان زىلچەسىدۇر،
دېگىل نەقشىن مەلەكنىڭ خانچەسىدۇر.
مەگەر نە نۇقرە يا كىمخاب، زەربەف،
خىتايى بارچەلەرنى يايدى سەف - سەف.
قارا ۋە سۇرخ، سەبزە، ئەرغەۋانى،
سارىغۇ كۆكۈ ئالۇ زەئفەرانى.
تۈمەن گۈلدۇر ئەدەدسىز، سانى يوقدۇر.
بۇ يەردىن ئۆزگە گۈلنىڭ كانى يوقدۇر.
بىنەفشە، سۇنبۇلۇ رەيھان دېسەڭ بار،
گۈلى ئەبباس نافەرمان دېسەڭ بار.

ئەبىرۇ ئەنبەرۇ رەئناۋۇ سەۋسەن،
خۇجا گۈل ياسەمەن ھەم مىسلى گۈلشەن،
گۈلى سەد بەرگ، قامچى گۈل ھەبدان،
تىۋە قۇيرۇق قەلەقى، گۈلى خوبان.
گۈلى ئەھمەش، بەھارى، گۈلى نەرگىس،
خۇرۇ بەس، تاجىگۈل، قەھتە گۈلى شەمس،
گۈلى كاككۇك، گۈلى نەسرىنۇ لالە،
گۈلى ھىندۇ گۈلى كەشمىرو ۋالە.
ھەممە گۈللەر با، ئەمما يوق قىزىل گۈل؛
سەبا كۆڭلىدە بىر ئىش قىلدى مەئقۇل.
چەمەندە بارچە قۇشلار سالدى غۇل - غۇل،
بارىدىن ياخشى سۆزلەر ئېردى بۇلبۇل.
سەبا ئايدى: «بۇ قۇشنىڭ كىم يۈزىدىن.
يانار نۇر، ئوت يانار ئايغان سۆزىدىن.»
سەبا ئايدى: «سوراي بۇ قۇشتا سىر بار،
سۆزى تەئسىر ئېتەر ئۈن قىلسە ھەر بار،
قىلۇر تۈرلۈك نەۋا بىھەد دىلئاۋىز،
بولۇر ئانىڭ نەۋاسىدىن شەكەررىز.
نەۋا قىلسە ئۈنىدىن جان تامادۇر،
سىزىپ باغرى، كۆزىدىن قان تامادۇر؛
قىلادۇر زەۋق تۇغيان قىلسە پەرۋاز،
چىقادۇر دەرد بىرلە دىلكەش ئاۋاز.
يۈرۈر يالغۇز، بۇ قۇشلارغە قاتىلماي،
چىقار ئوت ئاغزىدىن بىر لەھزە تىنماي.
سوراي، دېدى، بارىپ ئول قۇشنىڭ ھالىن،
ئىشتەي لەھزەئى شىرىن مەقالىن.»
سەبا كەلدى يەقىن بۇلبۇل قاشىغە،
قارادىكى ئاياغىدىن - باشىغە.
سەبا سوردى: «سېنىڭ ئاتىڭ نە بولغاي؟
خەبەر بەرگىل ماڭا، زاتىڭ نە بولغاي؟

## سەبا بۇلبۇلنىڭ ھالىن كۆرۈپ سوئال قىلغانى، بۇلبۇل سەباغە جەۋاب ئايتقانى

دېدى: «قايدىن بولۇرسەن، مۇرغى خۇشخان؟»
دېدى بۇلبۇل: «مەكانىم ئېرەمەس ئەئيان.»
دېدى: «نە ۋەجھىدىن ئەيلەرسەن ئەفغان؟»
دېدى: «بىر گۈل ئۇچۇن باغرىم مېنىڭ قان.»

دېدى: «شەرھ ئەت مەيى پەيمانەسىدىن؟»
دېدى: «ئىچتىم ئەزەل مەيخانەسىدىن.»
دېدىكىم: «نە سەبەب بۇدۇر مەكانىڭ؟»
دېدى: «تەقدىر ئولۇپدۇر ۋەجھى ئانىڭ.»
دېدى: «ئوتدەك چىقار ئاھىڭ شەرارى؟»
دېدى: «ئول ئوت ئېرۇر ئىشقىم ھەرارى.»
دېدى: «بۇ سوزۇ ئىشقىڭدۇر قاچاندىن؟»
دېدىكىم: «بىخەبەردۇرمەن بۇ جاندىن.»
دېدىكىم: «سەن نە يەڭلىغ قۇش ئېرۇرسەن؟»
دېدى: «بىلمەم نەچۇك بەھۇش ئېرۇرمەن.»
دېدى: «ئەي قۇش، ماڭا ۋەسفىن بەيان ئەت؟»
دېدى: «چېھرەمنى كۆر سىررىم ئەيان ئەت.»
دېدى: «بىر ئىش ئېرۇر سەندىن گۇمانىم؟»
دېدى: «غەمدۇر مېنىڭ سىررى نىھانىم.»
دېدى: «غەم سىررىنى، ئەي قۇش، ئەيان قىل؟»
دېدى: «بۇ سۆزگە، بىل، كوتەھ ئېرۇر تىل.»
دېدى: «غەمدىن سېنىڭ نەدۇر مۇرادىڭ؟»
دېدى: «مۇشكىل مەسائىلنى سورادىڭ.»
دېدىكىم: «شەرھ قىل غەمنىڭ نە سودى؟»
دېدى: «ئول سۇزنىڭ يوقدۇر ۋۇجۇدى.»
دېدى: «ئالەمنى ئۆرتەر دەردۇ ھالىڭ.»
دېدى: «بولسۇن مۇبارەك ياخشى فالىڭ.»
دېدى: «نېچۇن سېنىڭ ھالىڭ تەبەھدۇر؟»
دېدى: «دايىم كۆڭۈلدە تەھ ـ بەتەھدۇر.»

دېدى: «ھالىڭ نەدۇر، ئەي مېھرىبانىم؟»
دېدى: «بىر لەھزە يوق غەمدىن ئەمانىم.»
دېدى: «ئەي خەستە، ھالىڭ نەكېچەدۇر؟»
دېدى: «غەمدىن ماڭا كۈندۈز كېچەدۇر.»
دېدى: «نە ۋەجھىدىن كۆكدۇر بۇ پەيكەر؟»
دېدى: «ئوتدۇر ئىچىم، بىل، تاشىم ئەخكەر.»
دېدى: «شەرھ ئەيلەگىل ھالىڭ خەرابى؟»
دېدى: «ئىشق ئوتىدىن باغرىم كەبابى.»
دېدى: «جىسمىڭ نەدىندۇر پىچۇ تابى؟»
دېدى: «جانىمدادۇر مىھنەت شەرابى.»
دېدى: «كۆيدۇردى تەئسىرى فىغانىڭ؟»
دېدى: «ئىشق ئوتىدىندۇر ئەسلى ئانىڭ.»
دېدىكىم: «ئىشق نە رەڭدۇر، بەيان ئەت؟»
دېدى: «يوق سۇرەتى، ئايىتاي نە سۇرەت.»
دېدى: «جانىڭغە بۇ ئوتنى نە ياقتى؟»
دېدى: «بۇ كۆز بەناگەھ گۇلغە باقتى.»
دېدى: «ھالىڭ نەدۇر، ئەي مېھرىبانىم؟»
دېدى: «بىر لەھزە يوق غەمدىن ئەمانىم.
دېدى: «ئىشق ئوتى سارىغمۇ قىزىلمۇ؟»
دېدى: «رەڭگىن كىشى كۆرمەي بىلۈرمۇ.»
دېدى: «بۇ ئىشق ئوتىن جاندىن ئۆچۈرگىل.»
دېدى: «بۇ سۆزنى كۆڭلۈڭدىن كۆچۈرگىل.»
دېدى: «ئەي قۇش، ماڭا ئاتىڭنى ئايغىل؟»
دېدى: «ئايىتاي، قۇلاق سالغىل، ئىشىتكىل.»

## بۇلبۇلنىڭ سەباغا ئاتىنى ئاشكارا ئېتىپ، سەبانىڭ كۆڭلىنى بەرقەرار قىلغانى

سەبا سوردى: «سېنىڭ ئاتىڭ نەدۇر؟ ـــ دەپ،
ماڭا ئاتىڭنى تەقدىر ئەيلە، قىل گەپ.»
دېدى: «ئاتىم مېنىڭكى خەستە بولبۇل،
بۇ گۇللار ئىچرە بىر گۇلغە ئېرۇر قول.
يۇرەدۇرمەن چەمەندە زار يىغلاپ،
كۆڭۈلدە سەبر يوق، جىسمىمدەدۇر تاب.
بولۇپدۇرمەن بۇ غەمدىن زار ھەيران،
كۆڭۈلدۇر تەھ ـ بەتەھ قان، چەشم گىريان.
زەمانى تاپمايىن غەمدىن فەراغەت،
ماڭا دەردۇ ئەلەمدۇر، قايدا راھەت.
مېنىڭ جانىمدا، بىل، غەم ئۆزرە غەمدۇر،
مېنىڭكى ئاھۇ نالەم دەم ـ بەدەمدۇر.
خەيالىم مەست ئېتىپ بىريان ئۇچارمەن،
يەنە گۇلنىڭ ئاياغىنى قۇچارمەن.

مېنىڭ دايىم ئىشىمدۇر ئاھۇ ئەفغان،
بۇ يەكلىغ دەرد بىرلە چىقماغان جان.
سەھەرلەر ئويغانىپ فەرياد ئېتەرمەن،
خۇداغە زار يىغلاپ داد ئېتەرمەن.
ئەگەر يادىمغە كەلسە ئول پەرىۋەش،
خەيالىدىن تۇشەر جانىمغە ئاتەش.
ئانىڭ ئىشقىدا كىرمەس كۆزگە ئويقۇ،
ھەمىشە جان ئارا غەم بىرلە قايغۇ.
ئۇ يوقلاسام بەناگەھ ئويغانۇرمەن،
يىلانىدەك ھەر تەرەفكە تولغانۇرمەن.
مېنىڭ كارىم ھەمىشە پىچ ئىلە تاب،
تۈنۇ كۈن زارىلەپ، كۆزدىن تۆكۈپ ئاب.
ماڭا ھەر بارە قىلمس، ئول كەرەشمە،
كۆزۈمدىن ياش ئاقادۇر چەشمە - چەشمە.
كۆرۈنمس، كۆزۈمە ھەردەم نىگارىم،
كېتەر ھۇشۇم بىلە سەبرۇ قەرارىم.
يۈرەكىم چاك ئېتىپ دىۋانەلەردەك،
بولۇرمەن ھۇسنىگە پەرۋانەلەردەك.»

**سەبا بۇلبۇلدىن مەئشۇقىنىڭ ئاتىنى سوراغانى، بۇلبۇل دەرد بىلە ئاھ ئۇرغانى، ئاقىبەتۇل - ئەمر بىچارە بولۇپ مەئشۇق ئاتىنى تىلىغە كەلتۇرۇپ، مەئشۇقىنى تەئرىف قىلىپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانى**

سەبا ئايدى: «ئايا دىلخەستە بۇلبۇل،
نەگۇلدۇر مەئشۇقۇڭ، ئاتىنى قۇل - قۇل.
ئىشتەي دىلبەرىڭنىڭ ھەسب ھالىن،
ماڭا كۆرسەت ئانىڭ ھۇسنۇ جەمالىن.
كۆرەي، نېچۈك ئېرۇر تۇرفە سياقى،
بىلەي قىلسە ئىنايەت ۋەجھى باقى.»
دېدى بۇلبۇل سەباغە: «ئەي نىكوكار،
مېنىڭ ھالىمغە رەھم ئەت، بەرمە ئازار.
سورارسەنمۇ مېنىڭدىن مۇشكىل ئىشنى،
خۇدا ئۇچۇن كەچۈر مۇنداغ دېمىشنى.
ئاتىن ئايتۇرغە ئاجىزدۇر زەبانىم،
كۆيەر، يادىمغە كەلسە، جىسمۇ جانىم.
[نىگارىم] كەلتۇرە ئالمام دىلىمغە،
نېچۈك ئاتىن كەتۇرەيىن تىلىمغە.
ئانىڭ فىكرى ئېرۇر جانىمغە ھەمدەم،
قاچان زىكرىن قىلايىن تىلغە مەھرەم.
ئانىڭدەك گۈل ئاچىلغان يوق جەھاندا،
ئەگەر بولسە بەيان ئەت بۇ زەماندا.
ئېرۇر نازۇك بەدەن، رەڭگى لەئەلگۈن،
جەمالىدىن بولۇر ئانىڭ خىجىل كۈن.
قاچان ئوخشار يۈزىگە شەمئى مەھتاب،
ئانىڭ مىسلى تاپىلماس ئەسرۇ ناياب.
ئاچىلمس خەندەلەر ئەيلەپ سەھەردە،
قىزارىپ تۇرسا ئوت يەكلىغ نەزەردە.
تۇمەنمىڭ جىلۋە قىلسە ئول دىلئارام،
غەرىب جانىم تەنىمدە قالماس ئارام.
سەپەرمەن سۇ ئاياغىغە كۆزۈمدىن،
كېتەرمەن ئاھ ئۇرۇپ ھەردەم ئۆزۈمدىن
مېنىڭ ھالىم ئانىڭ يادى خەرابى،
دىلۇ جانىم ئانىڭ ئىشقى كەۋابى.
ئانىڭ يادى مېنىڭدۇر غەم گۇزارىم،
توگەنمەس ئىشقىدە فەرياد زارىم.»
سەبا ئايدى: «تولا قىلمە سىفاتىن،
ماڭا تەقرىر ئەيلە ئايغىل ئاتىن.
نە يەكلىغ گۈل ئېرۇر مەئلۇم ئېتەيىن،
ئىشىتىپ ئۆز دىيارىمغە كېتەيىن.»
ئىلاجىن تاپمادى بۇ بۇلبۇلى زار،
زەبانىغە ئاتىن كەلتۇردى ناچار،

دېدى: «ئاتى ئانگدۇر گۈلى قەھقەھ،
چەمەننىڭ گۈللارىغە ئول ئېرۇر شەھ.»

ئاتىن ناگەھ سەباغە ئايدى بۇ قۇش،
تۇتاشىپ جانىغە ئوت، بولدى بىھۇش.

## سەبا بۇلبۇلغە يارى مۇۋافىق ۋە ئاشىقى سادىق مەئلۇم قىلىپ بۇلبۇلنىڭ كۆڭلىنى گۈلى قەھقەھدىن تەھرىم قىلىپ، قىزىل گۈل قاشىغە تەكلىف قىلغانى

سەبا بۇلبۇلغە ئايدى: «ئەي بەرادەر،
ساڭا بۇ سۆزدىنۇ بىلگىل سەرا - سەر.
كىشى ئېرمەس ئانىڭكى دەردى بولماس،
خەزاندەك رەڭگى ئاھى سەردى بولماس.
ئەگەر يوق دەردى جانىڭ تەن ئاڭا چىن،
ئوشۇل گۈل بۇيى يوق گۈلشەن ئاڭا چىن.
نېچۈك بىلگۈڭكى سەير ئەتمەي جەھاننى،
جەھاندا كۆرمەيىن ياخشى ياماننى.
بۇ يەر بولسە، سېنىڭ دايىم مەكانىڭ،
بۇ گۈل بولسە، سېنىڭ زىكرى زەبانىڭ.
جەھاندا ياخشىدىن ياخشى تاپىلۇر،
كىم ئىستەر كىشىنى تاپىپ قاتىلۇر.
نەزاكەت گۈل ئېرۇر گۈلشەندە بۇلبۇل،
نە ياخشىدۇر بارىپ بولساڭ ئاڭا قۇل.
قىزىلگۈلدۇر ئاتى، رەڭگى نەزاكەت،
كۆڭۈلغە، جانغەدۇر بۇيى لەتافەت.
قىزىلگۈلدەك كىشىنىڭ يارى بولسە،
نەخۇشدۇر جايى دەۋزەخ نارى بولسە.
كىشىنىڭ بولسە يارى مېھرىبانى،
نە خۇش سەرف ئەتسە گەر مىلك بولسەجانى.
نە خوب مەئشۇق بولسە گەر قەدىرىدان،
ئانىڭسىز زىندەگانلىقدىن ئېبسىز جان.
جەھاندا يار كۆپ، ھەمدەم تاپىلماس،
كۆڭۈلنىڭ سىررىغە مەھرەم تاپىلماس.
دىلئارام كۆپ ئېرۇر، دىلدار كەمدۇر،
بۇ ئىشدىن جانىغە يۈز دەردۇ ئەلەمدۇر.
تاپىپ دىلدار قىل، بول تەندە جان بار،
ئوشۇل دىلدارىڭىز بولسە ۋەفادار.
سۇفۇر كۆڭلۈڭ ئۆيىدىن خارۇ خەسنى،
كۆڭۈل غەششان بولۇر [كۆرسە] مەگەسنى.
قىزىلگۈلدۇر ئاتىن، گۈلشەندە گۈلبار،
بارى گۈللار ئانىڭ ئالدىدا چۈن خار.
كۆزۈڭ شەمئىنى گۈل ھۆسنىگە ياندۇر،
كۆرۈپ قاندەك يۈزىن، كۆڭلۈڭنى قاندۇر.
گۈلى قەھقەھدە ئېركەن مەھز بىر رويم
قىزىلگۈل تاق ئېرۇر ئالەمدە خۇشروي.
بۇ گۈلدىن ئىشقىنىڭ ئوتىن ئۆچۈرگىل،
قىزىلگۈل ئالدىدا ئۆمرۈڭ كەچۈرگىل.
دېدىڭكىم، — ھەيف ئۆمرۈڭ بۇ چەمەندە،
ئۆلانغىل ياخشىغە جان بولسە تەندە.
كى ئەي بۇلبۇل، بارا كۆرگىل قاشىغە،
ئانىڭ فەرۋانەدەك ئۆيرۈل باشىغە،
سېنىڭدەك گۈل قاشىدە خۇش تەۋا خوب،
ئاشۇل گۈلغە سېنىڭدەك مۇبتەلا خوب
بەھار ئولسە ئاچىلۇر رەڭ - بەرەڭ گۈل،
قىزىلگۈل شاھ ئېرۇر، گۈللەر ئاڭا قۇل.
ئېرۇر لەئلى بەدەخشان رەڭگى رويى،
كىگۈرۈر جىسمغە جان ياخشى بويى.
سەھەر بولسە ۋەرەقلەرى يازىلۇر،
كەرەشمە ناز ئىلە ھەر يان ئىگىلۇر.
مەي ئىچكەن قىز كەبى تۇرسە قىزارىپ،
كىبتەر ئۆزگە سېچەكلەر رەڭ قۇۋارىپ.
ياراشۇر باغ ئىچىگە غۇنچە ۋە گۈل،
تەقى خۇشلۇق باغىشلار ساقىيى مۇل،

كېتسپ قىش بولسە گەر ۋەقتى بەھارى،
كىشىنىڭ يارى بولسە گۇل ئۇزارى.
كىرەر ۋەختى سەھەرى گۇل كۆرەي دەپ،
نىگارىم بەزم ئىچرە يەتكۈرەي دەپ.
كۆرەر باغ ئىچرە گۇللار ئاچىلىپدۇر،
كى ھەريان شاخۇ بەرگى ساچىلىپدۇر.
نەخۇشدۇر گۇللار ئاچىلسە سەھەردە،
كۆڭۈلنى شاد ئېتەر بولسە نەزەردە.
بىرى ئاچىلمە بولغاي بىرى غۇنچە،
كۆڭۈل تاپماس قارار بىر ئۇزمەگۈچە.
نە ياخشى زىبىب ئېرۇر ئول گۇلغە رەڭگى،
كېتەر ئەلنىڭ ئىچىدىن غۇسسە زەڭگى.
ياراشۇر گۇل يانىدە تۇرسە غۇنچە،
نەزاكەت ئىچرە ھېچ گۇل يوقتۇ مۇنچە
گۇلى خوب، بەرگى ھەم خوب، غۇنچەسى خوب،
پەرىلەر قەددى يەڭلىغ خىفچەسى خوب.
بەھار ئولسە شەجەرگە سۇ يۈگۈرۈر،
گۇل ئاچىلسە يىگىت-قىزلار سۆيۈنۈر.
قىلۇر تۇھفە كېسىپ گۇل، يارى بولسە،
بارۇر ھەر كىشىنىڭ گۇلزارى بولسە.
مۇھەببەت خەمر ئەيلەپ كۆڭلىدىن جۇش،
يارىپ گۇلنىڭ تەگىدە مەي قىلۇر نۇش.
كېسىپ گۇلنى چىلاپ قويغاي تەبەققە،
ئىچەرلەر مەينى ئاندىغ لىققە-لىققە.
مۇغەننىلەر نەۋا ئەيلەپ قاشىدا،
ئىلىكدەم مەي، قىزىلگۇللار باشىدا.
بۇ گۇلشەن ئىچرە بولماس غەير قەھقەھ،
نە خۇشتۇر گۇل نەزەردە تۇرسە تەھ-تەھ.
نە راھەت سەيرى گۇلشەننىڭ ھەۋاسى،
نە رۇھ ئەفزا مۇغەننىلەر نەۋاسى.
قىلۇر ھەر كىم بىلۇر ياخشى قىلىقلار،
غەزەلخانلىق بىلە زەۋقاسلىقلار.
گۇلۇ مەي زەۋقىدىن ھەر يان ئېگىلىپ،
قاچان ئولتۇرغۇسى كۆڭلى چىگىلىپ.
بۇ گۇلشەندە گەدا بولسۇن ۋە گەر شاھ،
قولىدا قەرس بولغاي، ئاغزىدە ئاھ.
پەرەندەك دىلرەبالار باشىدا گۇل
قىزارىپ ئوت مەسەللىك ئىلكىدە مۇل.
نە زىبىنەتدۇر گۇل ئۇزرە گۇل ئاچىلىپ،
ئەگەر تۇرسە ساچى ھەر يان ساچىلىپ.
ئەگەرچە دىلرەبادۇر نەچچە رەئنا،
ئانىڭ گەر زىبىنەتىدۇر گۇلى ھەمرا.
كۈلۈپ قەھقەھ ئەمەستۇر غۇنچە لالە،
دېگىل لەئلى بەدەخشانى پىيالە.
ئىشىدۇر ھۇققەئى ياقۇت ئارادۇر،
كۆرۈپ سىھھەت تاپار گەر بولسە زەنجۇر.
مۇنىڭدەك ماھۋەشنىڭ زىبىنەتى گۇل،
بولۇر ھەر قانچە خۇش رۇھ، گۈل ئۈچۈن قۇل
بولۇپ ۋەقتى بەھارى گۇل ئاچىلسە،
باغ ئىچرە جۇملە قۇشلار نالە قىلىسە.
تەماشاغە كىلۇر پىرۇ جەۋانلار،
قىلۇر گۇل زەۋقى بىرلە تازە جانلار.
قىلىپ گۇلنى يىگىتلەر بەستە-بەستە،
يىبەرۇر مەئشۇقىغە دەستە-دەستە.
كېسىپ گۇل غۇنچەسىدىن تال چىبىقلار،
يىگىتلەر يارىغە ئويناپ ئاچىقلار.
بۇ خۇشلۇق بائىسىدۇر بارچە گۇلدىن،
ئىچىپ گۇلشەندە بولماق مەست مۇلدىن.
قىلىپ پەرۋاز بۇلبۇل بۇ چەمەندىن،
قىلىپ سەيران، قۇتۇل بەيتۇل-ھەزەندىن.
قىزىلگۇل تۇرسە، نە بار بۇ چەمەندە،
ئەگەر ئىشرەت خەيالى بولسە تەندە،
يۈرە كۆز تۇرماغىل بىرگە بارالى،
قىزىلگۇل بەزمىدە ئىشرەت قىلالى.»
دېدى بۇلبۇلغە، گۇلنى قىلدى تەئرىف،
سەبا قىلدى مۇنى گۇل سارى تەكلىف.

**بۇلبۇل سەبادىن گۈلنىڭ ۋەسفىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى گۈلگە تالىب بولۇپ، بارۇرغە راغىب بولۇپ سەبادىن بىر نەچچە سوئال قىلغانى**

بولۇپ بارماققە بۇلبۇل كۆڭلى مايىل،
سەبادىن سورغالى سۆز بولدى سايىل.
بۇ سۆزنى ئاڭلادى بۇلبۇل سەبادىن،
كۆڭۈلنىڭ رىشتەسىن ئۈزدى يەنادىن.
سەباغە ئايدى ئول دەم بۇلبۇلى زار؛
«ئەگەر بارسام، بولۇرمۇ گۈل ماڭا يار.
بولۇرمەنمۇ ئانىڭ ۋەسلىغە مەھرەم،
غەمىمدە گۈل ماڭا بولغايمۇ ھەمدەم.
سالۇرمۇ ئول مېنى يا دەردۇ غەمگە،
يولۇقتۇرغايمۇ ھەر كۈن مىڭ ئەلەمگە.
ئانى دەپ بۇ چەمەن گەر چىقسە قولدىن،
ئانىڭ مەھرى مېنى ئازغۇرسە يولدىن.
ئانىڭ كۆڭلى ئەگەر بولسە يەنادا،
ئۇ بولسە قاشدا، مەن بولماي ئالادا.
بۇ يەردىن مەن ئەگەر بارسام ئانى دەپ،
ئۇ يۈرسە گەھ ئانى، گاھى مېنى دەپ.
ئانىڭدىن قىلماسا ئول گۈل جۇدالىق،
بۇ يەڭلىغ بولماغاي ھېچ مۇبتەلالىق.
كىشىنىڭ يارىغە بەرسەم كۆڭۈلنى،
ئەگەر ئول قىلسە ھەم غەمگىن كۆڭۈلنى.
جۇدا بولسام كىشىنىڭ يارىنى دەپ،
ئۆزۈمنىڭ يارىدىن بۇ ئىش ئەمەس ئەپ،—
دېدى بۇلبۇل،— بۇ سۆزنى سورا گۈلدىن
ئايتغىل بىر نەچچە سۆزنى بۇ قۇلدىن.
مېنىڭدەك قۇلنى گەر ئول كۆرسە مەئقۇل،
بولاي ئاندىن كېيىن بارماققە مەشغۇل.»

**سەبا بۇلبۇلنى گۈلگە خەبەر قىلىپ بۇلبۇلنىڭ مۇھەببەتى گۈلگە ئەسەر قىلغانى، بۇلبۇلنى ئەگەر گۈل ۋەسلىنى خاھلاسا بىر ئەرزداشت ئىبەرگىل، دەپ ئايتغانى، بۇلبۇل سەبادىن گۈلگە ئىشتىياق تارتىپ نامە بىتىپ ئىبەرگەنى**

غەزەل

سېنىڭ، ئەي گۈل، كەمالىڭنى ئىشىتتىم،
قىزىل ئوتدىن جەمالىڭنى ئىشىتتىم.
ئەدەدسىز ۋەسفىڭ ئاڭلاپ مەن سەبادىن،
جەھاندا يوق مىسالىڭنى ئىشىتتىم.
سۇچۇك بولدى مېنىڭ جىسمى ئىلە جانىم،
ئۇشۇلدەم شەھدۇ بالىڭنى ئىشىتتىم.
سىنانى ئىشق بۇ جانىمغە تەگدى،
بۇ رەڭ نازۇك نىھالىڭنى ئىشىتتىم.
بولۇپ قۇل، خىزمەتىڭ قىلماققە بارسام،
غۇلام ئىستەر خەيالىڭنى ئىشىتتىم.
لەبىڭنى قەنددىن قىلدىم تەمەننا،
سېنىڭ شىرىن زىلالىڭنى ئىشىتتىم.
ئۆلەرمەن، دەرگەھىڭدىن كەتمەگەيمەن،
بەغايەت شەرھى ھالىڭنى ئىشىتتىم.

**سەبا بۇلبۇلنىڭ ئەرزىنى گۈلگە يەتكۈزۈپ، گۈل شاد بولۇپ، بۇلبۇلنى ياد قىلىپ، سەبادىن: بۇلبۇل كېلۇرمۇ، دەپ سورغانى، سەبا: مەن ۋەسفىڭنى بەيان قىلدىم، سەندىن نامەئى ۋەفا بارسە كېلۇر دەپ ئايتغانى**

سەبا ئۇچتى چەمەندىن گۈل سارىغە،
ۋىدائ ئەتتى باقىپ بۇلبۇل سارىغە.
قىلىپ سەيران چىقىبان دەشتۇ تاغقە،
نەچە كۈنلەر يۈرۈپ تا يەتتى باغقە.

سەباكىم باغقە كىردى، گۇلنى كۆردى،
ئاياغىغە كېلىپ يۈزىنى سۈردى.
سەبا گۇلغە بەجا ئەيلەپ ئەدەبنى،
ئىتىپ قەۋلنى كىم شەرھ ئەتتى گەپنى.
سەبادىن سوردى گۇل: «ئەي پەيك مەھرەم،
كېتىپ مۇندىن، بولۇپسەن كىمگە مەھرەم؟
نە يەرگە باردىڭۇ سەن قايدە ئېردىڭ؟
يۈرۈپ ئالەم ئارا نە يەرنى كەزدىڭ؟»
سەبا ئايدى ئاڭا: «ئەي زىينەتى باغ،
ساڭا قۇل تاپقالى جاندا ئىدى داغ.
چىقىپ كەزدىم يۈرۈپ تاغۇ چەمەننى،
نەزەردىن ئۆتكەزىپ زاغۇ زەغەننى.
بەناگەھ بىر چەمەننى ئەيلەدىم سەير،
تۈمەن تۈرلۈك قۇش ئاندا قىلادۇر تەيىر.
ئۇ يەردە بار ئىكەندۈك ياخشى بىر قۇش،
ئۆزى غەمكەش ئىكەن، ئاۋازى دىلغۇش.
كېلىپ سوردۇم ئانىڭكى ھەسبۇ ھالىن،
ئىشىتتىم مەن ئانىڭكى قىلۇ قالىن.
جەھاندا كۆپ ئېرۇر قۇش قايسىسىدىن
سوراپ مەن تاپمادىم بىر ئىشق ئېلىدىن.
ئانى قۇشلاردا كۆردۇم ئاشىقى زار،
كۆرۈنۈر شەكلىدىن يارى ۋەفادار.
سۆدەك ئالدىدا مەن ۋەسفىڭنى سىزدىم،
مۇھەببەت رىشتەسىغە دۇرنى تىزدىم.
ئاتى ئېركەن ئاشۇل قۇلىنگكى بۇلبۇل،
گۇلى قەھقەھ دېگەن گۇلغە ئىكەن قۇل.
دىدىم: بۇلبۇل قىزىلگۇل تۇرفە گۇلدۇر،
فەقىرۇ شاھ ئانىڭ ھۇسنىگە قۇلدۇر.

دېدىم سەن بارچەدىن فايىق ئىكەنسەن،
قىزىلگۇل بەزمىغە لايىق ئىكەنسەن.
ھەر ئىش قىلدىم، ئانىڭ كۆڭلىن ئاۋۇتتۇم،
گۇلى قەھقەھ دېگەن گۇلدىن ساۋۇتتۇم،
سېنىڭ قاشىڭغە ئول كەلمەكچى بولدى،
گۇلى قەھقەھنى تەرك ئەتمەكچى بولدى.
مېنى ئايدىكى: «گۇل قاشىغە بارغىن،
ۋەفاسى بارمۇدۇر گۇلنىڭ، سوراغىن.
باراي، گۇلنىڭ ئەگەر بولسە ۋەفاسى،
دىلۇ جانىم بىلە تارتاي جەفاسى،»
دىبان، بەردى مۇھەببەتنامە سىزگە،
ئەگەر كەلسە دېسە، خىدمەت بەرسە بىزگە.»
دېدى، ئوقۇدى ئول بەرگەن غەزەلنى،
مەگەر گۇل ئالدىدا تۆكتى ئەسەلنى.
مۇنى ئاڭلادى گۇل دىلشادى بولدى،
بۇزۇق كۆڭلى ئانىڭ ئاباد بولدى.
سەباغە ئايدى گۇل: «بۇلبۇلنى كەلسۇن،
كېچە ـ كۈندۈز مېنىڭ قاشىمدە تۇرسۇن.
ئەگەر بولسە ماڭا بۇلبۇل ۋەفادار،
نې دەپ بولماي ئاڭا مەن يارۇ غەمخار.
قاشىمدا بولسا ئانداغ يارى ھەمدەم،
نېچۈك قىلماي ئانى سىررىمغە مەھرەم.
جەھاندا مەن كەبى دىلدار بولسە،
نە خوب، جىسمىمغە بۇلبۇل زار بولسە.
مېنىڭ بەزمەمدە بولسە نەغمە پەرداز،
مۇھەببەتدىن چىقارسە دىلكەش ئاۋاز.
ئەگەر غەم نىشىغە ئول قويسە مەرھەم،
ئاڭا ئاۋاز خۇشدىن بەرسە بەرھەم.

# قاسمى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

مۇھەررىردىن:

يېقىندا گۇما ناھىيىسىدىن بىر قول يازما تېپىلدى. بۇ قول يازمىغا ئەلشىر نەۋائى، ئاتايى، ئەرشى، فۇزۇلى، زەلىلى، نەۋبەتى، ۋەفايى، ھەيرەتى، ئەبدۇررەھمانى، غېمىياسى، ئەھمەدى ۋە قاسىمى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. قول يازما باياز شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، قەسىدىلەردىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلار خوتەننىڭ يىپەك قەغىزىگە ئارىلاشما تەرزدە خۇشخەت بىلەن كۆچۈرۈلگەن.

بىز بۇ قول يازمىغا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلار ئىچىدىن قاسىمى ئىسىملىك شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق.

شائىر قاسىمى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىكى كىلىياڭ يېزىسىدىن بولۇپ، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايرىم شېئىرلىرىدا كىلىياڭنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن:

«ماڭا مەرغۇب كىلىياڭ ئىچرە بۇ مەنزىلدە سائىللىق،
يەنە مەۋزىئىدە شەھلىق كۆسىدىن خەيلى ھەشەم بىرلە».
«ئىلتىفات ئەيلەپ تىلىم خەتتى مۇسەلسەلىم بەر ماڭا،
تاكى كىلىياڭ ئىچرە دارىخۇنلۇقتا ھەد بەركىل ماڭا».
«كىلىياڭ ئىدى بەلكى بۇ ئالەم سەدەف،
ئىيردى بەلكى گەۋھەرى تاجى شەرەف».

يۇقىرىقى مىساللار شائىر قاسىمىنىڭ خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدىكى كىلىياڭ يېزىسىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ئارسلانخان تەزكىرىسى» دە شائىر قاسىمىنىڭ XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغانلىقى قەيت قىلىنىغان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىر ئەينى دەۋردە گۇمىدا ئۆتكەن «مۇقەررەب شاھ خوجا» ئىسىملىك بىر ھۆكۈمدار ھەققىدە مەرسىيە يازغان. مۇقەررەب شاھ خوجا XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان. شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، ۋاپاتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق مەلۇمات يوق.

قاسىمىنىڭ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىن بىر قەدەر يۇقىرى، تىلى راۋان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ غەزەلىياتىمۇ بولغان بولۇشى

مۇمكىن. بۇ قېتىم قاسىمنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان بۇ شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىشىمىزدىن مەقسەت — تەتقىقاتچىلىرىمىزغا ۋە بۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقانلارغا بىر يېڭى ئۇچۇرنى مەلۇم قىلىش ئارقىلىق، مەزكۇر شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇقى بىلەن تېپىپ چىقىپ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى بىر قىسىم بوشلۇقنى تولدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىشىنىمىزكى، شائىر قاسىمنىڭ ئەسەرلىرى كۆپچىلىكنىڭ ياردىمى ئاستىدا يورۇقلۇققا چىقىپ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىن ئۆزىگە لايىق ئورۇن ئالغۇسى.



× ×

يارەب، جەھان بارىچە ئۇلارنى ئەماندا تۇت،
ھەر كىمكى دۈشمەن ئولسە، ئۇلارنى زىياندا تۇت.

تۇتىيائىي ئەھلى بەسارەت، مەسنەدنەشىن بارىگاھى نەزاكەت، تەراۋەت بەخش بوستانى ئىززەت، زىينەت فەزايى گۈلشەنى رىفئەت، نەۋنەھال بوستانى مۇھەببەت ۋە يەكتائى غۇنچەئى گۈلىستانى مۇرەۋۋەت. ئول سەلابەت پىشەسىنىڭ شىر غەيرانى ۋە جەلالەت مەيدانىنىڭ رۇستەمى - داستانى، فەساھەت مەجلىسىنىڭ ئەمىر ئەلىشىرانى ۋە سەخاۋەت سىپېھرىنىڭ خۇرشىد زەرەفشانى، دانىش بادىيەسىدە ھەممەدىن دانا، فىترەت مەئرىكەسىدە بارچەدىن بالا ئەئنى ئول مەدارى مەملىكەت ۋە سىمۇرغ بەلەند ھىممەت، ئەلىم ئەھلىنىڭ تەكيەگاھى، فەقىر تايىپەسىنىڭ پۇشتى - پەناھى، داۋەرى مېھرىبان ۋە مۇرەببىي قەدىردان.

جۇدالىغ دەردىدىن بولغان يۈرەك يۈز پارەسىن دەيمۇ؟
ۋەيا غۇربەتكە تۇشكەن بۇ غەرىب ئاۋارەسىن دەيمۇ؟

ھۆۋەل - فىراق ۋە ھازەل - ئىشتىياق، لەتافەت گۈلشەنىنىڭ گۈلى رەئنىاسى ۋە نەزاكەت بوستانىنىڭ دۇررى يەكتاسى ۋە ھۆسن ئىقلىمىنىڭ شەھسۇۋارى مەلاھەت گۈلىستانىنىڭ تاجدارى ۋە دەۋلەت ئاسمانىنىڭ ئاتى ۋە ئۇلۇغلۇق ئىقلىمىنىڭ ساھىب زاتى، زىرەكلىكتە يەكتا ۋە دانىشمەنلىكتە بىھەمتا، ئەئنى گۈلروي ۋە سۇمبۇل موي، ئافتاب تەلئەت ۋە

مۇشتەرى سەئادەت، ئاھۇ كۆزلۈك ۋە شېرىن سۆزلۈك، جاندىن ئەزىز ۋە قەندىن لەزىز ئۇل يار نازەنىن بىۋەپاغە، بۇ پەقىر دىلشىكەستەنىڭ ئەرزى ۋە نىيازى ئۇلكىم، تاكى ھالىم بىلمەسسەن ۋە دەردىم بىھەد ئاڭلىماسسەن. ياكى ئىشق رەۋزى تاپىپ ھەرپ سۈرەت ئېيرەس، ياكى، مۇھەببەت سۆزى تەقدىرىغە راست كەلمەس، غەمگۈزارى يوقلىكىم مەرھەمەت بىلە دەردىم ئۇلەشكەي. غەيدىن ئۆزگە مەھرەم، ئەلەمدىن ئۆزگە ھەمدەم تاپماي، ناچار سۆزۈمنى ياخشى-يامانغە قىلماي، بىخۇدانە ئىنشا قىلدىم. دەۋبارەك خاتىرلەرىغە خۇتۇر كەلگەي. چۈنكى، دەرياغا خەستىن ئار يوق، شىكەرگە مەگەستىن ئازار يوق. نە ئوت ئېردىكىم جانىمغە تۈشتى، بۇ بەدبەخت ۋاژگۈن سەبەبىدىن كۈندىن-كۈنگە زىيادە بولدى. دىدارىڭىز تالىئىم زەبۇنلىغىدىن بۇ پەلەك غەددار ۋاژگۈن كاج رەفتار نەسىب قىلمادى. بۇ ئەجەب ۋاقىئىدۇركىم، جەمالىڭىزنى كۆرمەي پەرۋانەدەك ئۆرتەنگەيمەن. ھىجران شەمالىدا تۈفراقتەك سورۇلۇپمەن. جەمالى جەھان ئارايلارنىڭ ئارزۇسىدا يېمەكىم غەم، ئىچمەكىم زەھرى ئابى ئەلەم بولۇپ، سەن ۋەفا گۈلىنىڭ غۇنچەسى بولۇپ، مەن بىۋەفالىق چەمەنىنىڭ تەنھا بۇلبۇلى بولۇپ، سەن خوبلۇق مەھەللەسىنىڭ لەيلىسى بولۇپ، مەن بۇزۇغلۇق كوھەنىنىڭ مەجنۇنى بولۇپ، سەن ئاباد شەھرىنىڭ دۇررى نايابى بولۇپ، مەن بەلا دەشتىنىڭ قۇمرى گۇياسى بولۇپ، نىتەيكىم ھالىم خەرابدۇر، جىگەرلەرىم كەبابدۇر. ياخشى سائەتتە قەبۇلىيەت بولۇپ تاپقاي، بىران دەۋلەتىڭىنىڭ سايەسى بىزلەرگە تۈشسە نى ئەجەب.

«كەل ئەي مەھبۇبى مەتلۇبىم، سېنىڭ ياشىڭ ھەزار ئولسۇن،
نىقاب ئاچقىل كۆرەي يۈزۈڭ، جەمالىڭ ئاشكار ئولسۇن.»

مەزمۇنى بىرلە غەرىب ھېكايەدۇركىم، ھۆسن بىقۇسۇرۇڭىزنى ئىشىتتىم. بۇ ئوت مېنىڭ جانىمغە تۈشتى. خانۇمانىمنى كۆيدۈردى. بۇ ئىشقە ھەيران ئېردىم، يۇسۇف زىلەيخاغە ئاشىق بولدى. مەجنۇن لەيلىنىڭ كويىدا ئاۋارە بولدى. سۆزى ئالەمگە تولدى. فەرھاد شىرىنىڭ كويىدا ۋەيران بولدى. ھەرگىز كۆرمەي ئېردى بىستۇن تاغىنى تىرناغى بىرلە كەستى. بۇلار ئۆتتۈپ، بۇ ئوت يالغۇز مېنىڭ باشىمغە قالدى. شايەد ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا تاش باغرىڭنى ئېرىتىپ ۋەسلىڭ نېمەتىگە مەئمۇر قىلغاي، ئىنشائەللاھ.

سەبا تەھىيەتى شەۋقىم بەئىنجەناپ رەسان،
نىياز زەررەئى مىسكىن بەئافتاب رەسان.

ئۇل زات بابەركات، خوجەستە سىفات، فايىزۇلبەرەكات، تۇغرايى بەيازى خۇش فەساھەت، خۇش فىترەت مەجلىسى بەلاغەت، ئالىي مىقدار ئىززەت، ئاسار خۇرشىدى زەمان، مۇرشىدى دەۋران، ئۇل ئەدافەھىم نۇكتە سەنج ۋە مەئانى پۇرگەنج، قۇررەتۇلئەين ئۇلۇلئەبسار ئىززەت سىرىشت سەئادەت ئاسار ھەزرەتى... ئەقدەت بادىيەسىنىڭ سەرگەشتەسى، مۇھەببەت زىلالىنىڭ لەب تەشنەسى، مۇخلىس يېرىنە ئىنتىباھ مەھجۇر ۋەسلىنە... دىن تۈمەن-تۈمەن تۇھفەئى تەھىيات تەقسىرانە ۋە چەمەن-چەمەن گۈلدەستەئى شەۋقىيات ھەم سەرانە ياخشى سائەتتە شەرىف تەبىئەتلەرىغە ۋەلەتىف زېھىنلەرىغە مەقبۇل بولغاي.

«چەرخ ئەگەر يۈز يىل يىراق سالسە ۋىسالىڭدىن مېنى،
قۇتقۇرالماسلار خەيالىڭ مۇددەئاسىدىن مېنى.»

مەزمۇنى بىرلە جەمالى جەھانلارنىڭ ئارزۇسىدا ئافتابىنىڭ لەمئەسى كۆڭۈل ئايىنەسىدىن غايىب بولمادى. ئەلمەت نەسەف دۆلاداتى مەزمۇنى بىرلە، رۇقئەئى كىرفىك قەلەمىدىن كۆز قاراسى بىرلە مەھبۇب نەزەرىغە كەلگەي، دېپ رەقەم قىلىندى.

بېيت:

تىرىك تۇتسام ئۆزىدىنى گەر، ۋىسالىڭ ئۈچرە سالغايمەن،
فىراقىڭ شىددەتىدىن ئالماسام خۇد يىغلايالغايمەن.

× ×

ئىشۇه بىرلە كۆڭلۈم ئالغان دىلغىگارىم شىزىدامۇ؟
جانىمە يۈز داغ قويغان گۈلئۈزارىم شۇدىدا-ۇ؟
ئۆلگەلى تۇردۇم كوييىڭدا غەم بىلە ئەي بىۋەفا،
بىر كىمىنە سورساڭ نە بولغاي شول نىگارىم شۇمىدامۇ؟
ھېچ يەردە تاپمايىن كەلدىم بۇ دەم مەيخانەغە،
ھاسىدا، بەرگىل خەبەر ئول بادە خارىم شۇمدامۇ؟
ئەيلەدى بىر مەردى دىل ھىجران زىمىستانى مېنى،
قىلغالى كۆڭلۈم ھەرەمى نەۋ بەھارىم شۇمدامۇ؟
دىلرەبالار خاكپايى جان ئىمان مەرزەئى،
پايمال ئەيلەرگە جىسمىم شەھسۇۋارىم شۇمدامۇ؟
مۇنتەزىرلىق جۇش ئۇرار ھەردەم جەفانى كۆڭلىنە،
شوخ شور ئاشۇب ئول نازىك خەيالىم شۇمدامۇ؟
تەشنەلىك دەفئىنى قىلماس كەۋسەر ئىلە سەلسەبىل،
لەبلەرى سىيراب بىر كۆزى خۇمارىم شۇمدامۇ؟

× ×

ھۇر يەڭلىغ سۆزى تاتلىغ مېھرىبانىمغە سەلام،
سەرۋى يەڭلىغ بويى چاغلىق بويى تالىمغە سەلام.
مەست بولدۇم غەمزىسىدە قالمادى زەررە مەجال،
غەمزەسى مەستانە ئول كۆزى خۇمارىمغە سەلام.
يېڭى باغنىڭ گۈللارىدەك ئاچىلىپتۇر رەڭبەرەڭ،
شول قىزىل گۈلدەك ئاچىلغان گۈلئۈزارىمغە سەلام.
مەندە يوقدۇر زەررە بى ئارام، سەندە كام دىل،
جىلۋە قىلغان ھەر تەرەف كۆزى خۇمارىمغە سەلام.

× ×

ئىشكىدىن قوغلاغىل، ياقەتل قىل بىكەس گەدايىڭ مەن،
تەرەھھۇم ئەيلەغىل، يارەھم قىلغىل بىنەۋايىڭ مەن.
ئەزەلدىن تائەبەدغە بىر ئەسىرى مۇبتەلايىڭ مەن،

ۋەيا ئازاد قىل باشىڭدىن ئۆرۈپكىم گەدايىڭ مەن،
ئەزىزىم، دىلبەرىم، جانىم خېنىم، ئەي يار جانانىم،

× ×

ھالى تەقدىرى ماھى مۇدىرىكى خوبلۇق سىپھەرى ئەۋجىدە ئۇلۇس كەۋاكىبلارى خەيل نۇرى سەرۋەرىدىن ئەيشۇ نەشات كەسب ئەتمەككە ئاشكارە پىنھان مۇقەررەب بولغاي. ئاھ، ئول سەييارە ھالىغە كىم، فىراق تۈنلەرى بىقەرارلىق بادىيەسىدە ئۆزلۈك پويەسى جۇدا ئىھتىمامىدىن ۋىسال سەرمەنزىلىغە مۇشەررەف بولماغاي. ۋاھەسرەتا، خۇرشىد جەھانتابىكىم ئىنئام ۋە ئىھسان نۇرى بىرلە ئالەمىيان زۇلمى دەفئىنىڭ كوشىشى ئۈچۈن تىيرەخاك مەنازىلىغە فەلەك خىرگاھىدىن قەرىب بولغاي.

سەدئابكىم، ناتەۋانلىق دىۋارىنىڭ خارلىق كۇنجىدا نىشىمەن تۈزگەن، مۇشتاق خەففاشى ھەسرەت كۆزىن ئول نۇر شۇئلەسى بىرلە يورۇتماق نەسىب بولماغاي دەرىغا، كىلىياك① بەلكى جەھان مەدىنەسىنىڭ خەيلى خەدىچە② مەخزەنىنىڭ دۇررى سەمىنلەرى رەۋاجى مەۋجىنىڭ③ ئەۋجىدىن تەلەب سەۋداسى قەتئىدە شائەرەب باشلىق چاكىرى بولغان. سەدداغ گەدايى مۇھتاج مۇبارەك گۆھەر تەرەب ئامىز ۋە ئەھمەدا ئەزىز سەييىدا كەرام لەتافەت ئامىز دۇررى جەۋاھىرلارىنىڭ مېھرى - مۇھەببەتى ئىرتى زەۋق ۋە شەۋقى تەنورىدا ئەزىمەتى شەرارەسى ئالەمى ئەفلاكدىن ئۆتسە تەدبىرى مۇۋافىقەتىغە تەقدىرى مۇخالىفەتىدىن ئۆزگە مەدەدكار بولماغاي.

جۇدالىق داغىدىن دايىم ئىشىم بولمىش نەدەم بىرلە،
قاۋۇشماق ھەسرەتىم شەرھىن ئەدا بولمىش قەلەم بىرلە.
خۇرۇشى دەردناكىم تەئسىرىغە ئوخشاماس ھەرگىز،
كى مەئسىنى ئەرغەنۇن تارىنى چەكسە زىلۇ بەم بىم بىرلە.

× ×

ئول شۇجائەت مەيدانىنىڭ سىپەھسالارى ۋە مۇبارىزەت شەھرىستانىنىڭ شەھسۇۋارى، ئۇمەرا ئەھلىنىڭ ھۇشمەندى، ۋۇزەرا خەيلىنىڭ دانىشمەندى، دىيانەت مۇلكىنىڭ تاجدارى، فەساھەت ئەيۋانىنىڭ رەۋاجدارى، ھۆكۈمەت فىرقەسىنىڭ مانىئى، فەراغەت شەھرىدە راھەتلىك ۋە راھەت ئۆيىدە فەراغەتلىك، غەرىبلەر ھالىدىن خەبەردار ئولماغان يادلانىپ كۆيۈنۈپ ھالىنى سورماغان، مۇرۇۋۋەت تەرىقىن فەرامۇش قىلغان. غەرىب دەشتىدە ئاۋارە بولغان، مەقسەدىغە يەتمەي بىچارە بولغان فەلانىدىن خىرمەن - خىرمەن سەرئەفكەندەئى بەلانىھايە ئەداسىدىن مەفھۇم ئولكى، ھەر ئىككىلا جانىب ئەھۋالاتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا سۇھبەتىنىڭ گۇلىستانىدا گۇلدەك شاد - خۇررەم ۋە سەرۋىدەك ئازاد بىغەم ئەيلەپ، سانىيەن ئەۋۋەلقى ھالدا بىز ئىككەۋ ھەمىشە ئەرتە ۋە ئاخشام بىر - بىرىمىزگە يارۇ مەدەدكار ئەردۇك.

① جاي ئىسمى (گوما ناھىيەسىنىڭ كىلىياك يېزىسى)؛ ② كىلىياكلىق مىكىبشى مۇقەررەب شاھنىڭ ئايالى؛ ③ جاي ئىسمى (گوما ناھىيەسىنىڭ موجى يېزىسى).

× ×

ئۇشتكىل يار مەھۋەش فۇرقەتىڭدە مەن غەرىبدۇر مەن،
نىتەي ئۇلكۈن كۆرۈپ تالدەك نىھالىڭ ئايلانىپدۇرمەن.
كى سۈنبۈل كاكۈلۈڭ دامىغە مەھكەم باغلانىپدۇرمەن،
جەمالىڭ شەمئىغە پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتەنىپدۇرمەن.
كۆرۈپ گۈلدەك يۈزۈڭنى ئەندەلىبدەك تەلپۈنۈپدۇرمەن.

كى بىر كۆرمەك بىلە قەتلىمغە تارتتى ئوقيا قاشىڭ،
ئاتىپ باغرىمنى ئوتلۇق تىغ بىلە قىلدى يارا قاشىڭ.
مىنى ھەجرىڭ غەمىغە قىلدى نەيلەي مۇبتەلا قاشىڭ،
ئالىپتۇر جانۇ ئەقلىمنى كى سەييادى قارا قاشىڭ.
قىلىچ يەڭلىغ قاشىڭ ئۈستىدەدۇر باشىم، نەھمفدۇرمەن.

ساڭا بىلمەي يولۇقتۇم بىر كۈنى، ئەي بىۋەفا دىلبەر،
كى ئۆتتۈڭ جىلۋە بىرلە خەندە ئەيلەپ ئەي پەرى پەيكەر،
قارا كىرفىكلەرىڭ سىينەمگە ئۇردى ئۇل زەمان نەشتەر،
ئۇنىڭكى زەخمىدىن بۇ سۇرخ چېھرەم بولدىكىم زەئفەر،
تۆكۈپ يەر ئۈزرە قانىمنى ساماندەك سارغارىپدۇرمەن.

مىنى قەتل ئەيلەمەككە ئۇچراغان خۇنخار شەھلا كۆز،
سالىپ ئىشق ئوتى جانىمغە باقىپ دەۋۋارە، شەھلا كۆز.
مىنى بىخۇد قىلىپ تاشلاپ ئېتىپ خۇمارە، شەھلا كۆز،
بولۇپ ئەۋۋارە ئىشقىڭ دەشتىدە مەن تەشنەلەبدۇرمەن.

ئاچىلغان گۈل مەسەللىك جىلۋە قىلغاچ ئىككى رۇخسارىڭ،
كى رۇخسارىڭنى كۆردۈم غۇنچە لەب لەئلى شەكەر بارىڭ،
كۆڭۈلنى سەيد ئېتەر بىر لەھزە قىلساڭ شەھد گۇفتارىڭ،
لەبى لەئلىڭ ئارا كۆردۈم ئۇن ئالتە دەۋرى ئەھمارىڭ،
تىزىلغان، ئۈنچىدەك ئاق تىشلارىڭنى مەن ساناپدۇرمەن.

لەتافەت قامەتىڭنى مەن ئۆتەر يولۇڭ ئارا كۆردۈم،
كۆڭۈلگە يۈز تۈمەن ئاپەتلەرىڭ زۇلفۇڭ ئارا كۆردۈم.
قىزىلگۈلدەك نەخۇش زىننەتلەرىڭ ھۇسنۇڭ ئارا كۆردۈم،
كى ئىككى ئالما يەڭلىغ ئوقلارىڭ كۆكسۈڭ ئارا كۆردۈم،
نىشانە ئوقلارىڭغە خەستە كۆڭلۈمنى تىكىپدۇرمەن.

كۆرۈپ ھەجرىڭ ئوقىغە خەستە باغرىم بىرلە چۇلغاندىم،
كەباب يەڭلىغ ھەمىشە تابەئى ئىشقىڭدا داغلاندىم،
خەبالۇت ئۇيقىدا ياتسام كويۇڭدا ئاھ دەپ ئويغاندىم،
ئوت ئىچرە قىل مەسەللىك ھەريانىمغە نەچچە تولغاندىم،
سەمەندەردەك ئۆزۈمنى بىلمەيىن ئوتغە سالىپدۇرمەن.

مېنى ئاشۇفتە ھال قىلدى نېتەي، ئەي دىلبەرىم ئىشقىڭ،
قىلىپ ھۇسنۇڭ ـ جەمالىڭغە ئەجەب ئاشىق نەدىم ئىشقىڭ.
كى ئافەت سۈرەسىن يەتكۈردى جانغە بىرەھىم ئىشقىڭ،
كى يەتكۈرگەچ دىماغىمغە مۇھەببەتدىن نەسىم ئىشقىڭ.
گەھى مەستۇ گەھى ھۇشيار، گەھى يىغلاپ ـ كۈلۈپدۇرمەن.

بۇ رەڭگىمدۇر كويۇڭدا دەردلىغ بۇ دەردى مەھزۇندەك،
فىراقىمنىڭ يۈكىدىن بولدى بۇ تۈز قامەتىم نۇندەك،
كۆتەردىم ئىشق تاغىنى كۆرۈڭ فەرھاد ـ مەجنۇندەك،
فىراقىم ئىچرە قان تولغاچ كۆرۈپ قەددىڭنى گۈلگۈندەك،
چىمۋىنچە يوق ۋۇجۇدۇم كوھى ھەجرىڭدە يۈرۈپدۇرمەن.

× ×

ماڭا مەرغۇب كىلياڭ ئىچرە بۇ مەنزىلدە سائىللىق،
يەنە مەۋزىيىدە شەھلىق كۆسىدىن خەيلى ھەشەم بىرلە.
ۋە لېكىن بارغالى كۆپ جەھد ئىلە تەدبىرلەر قىلدىم،
مۇۋافىق بولمادى تەدبىر تەقدىرى قەلەم بىرلە.
بارالماسدىن يېتەر غەم لەشكەرى باشىم ئۆزە ھەردەم،
خىجالەت تېغىدا قەتل ئەتكەلى زۇلمۇ ـ سىتەم بىرلە.
يەقىنىدىن يىراق ئالغان نەخۇشدۇر بىر يولى ئۆلمەك،
كى ھەر كۈن ئۆلگىچە يۈز مىڭ تۈمەن دەردۇ ئەلەم دىرلە.
كەل ئەي قاسىم، فەنا جامىنى غەم دەفئى ئۈچۈن نۇش ئەت،
يۈرۈرسەنمۇ ھەمىشە دەھر ئارا بۇ نەۋئى غەم بىرلە.

× ×

خۇش كەلدىڭ، ئەي پەرىۋەش، سەنسىز ئىدىم مۇشەۋۋەش،
ھەر بارە ئايتۇر ئېردىم يوقتۇر بۇ نەۋئى مەھۋەش.
يارۇتكى تىيرە كۆلبەم، شەمئى جەمالىڭ ئەيلەپ،
جانۇ جەھانىم ئولسۇن ھەر مەقدەمىڭغە پىش كەش.

مېھرايىمن ئاشكارا بۇدۇر مەھەللى شادى،
گەر مەن گەدايى پېشەمەن سەن شەھ قەبايى زەركەش.
مىرئات جان گەدادۇر خەير ئەت يۈزۈڭ زىياسىدىن،
ئايىنە ساف رەۋشەن ھەي - ھەي خۇش ھۆسىن بىغەش.
ئەي ساقى، تەشنەلەبمەن، كەلتۈر مەيى مۇسەففا،
مۇترىب تەرەننۇم ئەيلەپ يەتكۈر سەدايى دىلكەش.
قاسىم يىغىدىل قۇلۇقىنى زۇلفى سارى سۇناردىن،
جانان لەتىف نازۇك سەن تۇرفە شوخ سەركەش.

× ×

بىر غەمزەدىن شىكەستە مېنى مەست خاب قىل،
كۆركۆز موللا قازىيۇ جىگەرنى كەباب قىل.
سەنسىز ماڭا دوزۇر فەراغەتمۇ يار، ئاھ،
ئۆلگۈنچە ئىشكىدە ماڭا سەن ئەزاب قىل.
مەخمۇر كۆزلەرىڭگە تىلەرمەن بۇ جامنى.
قانىم بىلە لە بالەب فەر جۇلاب قىل.
ھەسرەت بىلەكى ئۆلتۈرەسەن، ئەي سەنەم، مېنى،
بوينۇمغە يەتتە يەكرەڭ تەناب قىل.
قاسىمغە يار بولدى ئىنايەت بىلە رەقىب،
خاھى تەھەممۇل ئەيلە خاھى ئىزتىراب قىل.

× ×

ئۆتتى دەۋر، ئەي مۇغبەچە، تىز ئول دەما - دەم جام تۇت،
قىلمە تەئخىر ئۆتتى فۇرسەت بەزم ئىلە بىر جورئەتۇت.
قەترە بىل ۋەقتىڭنى خۇش دەريا سەرى ئەزم ئەيلەكىم،
تاشلا بەرگىنىڭ ئەي شەجەر يەتمەي خەزان شاخىڭ قۇرۇت.
يوق مەھەل، ئەي تۈن - كۈن، ئۆت سۇبھى پەردەڭ چاك قىل،
ئاچتى يۈز خۇرشىد ئالەم، يۇم فەلەك كۆز ئىچ يارۇت.
چۇست بول مەللاھ كىشتىڭ پاتتى ھەسرەت لايىغە،
مەۋج دەريا يەتتى ماھى تۇرمە سۇ ئۈزنى يۇرۇت.
يەتتى ھاكىم ئەھلى ئىسيان بول فۇشەيمان ۋەقت تەڭ،
ئىزتىراب ئەت ئەقل، ئادىل سور ئۆزۈڭ ياقۇت سورۇت.
ۋەقت زايىد زۇھد باتىل زاھىدا سىدق ئەيلەكىم،
ھېرس باغلاپ مەيغە، قاسىم، ئۆزگىدىن كۆڭلۈڭ ساۋۇت.

× ×

خەبەر ئالۇزغە كىلدىم، ياردىن خەبەر بېردىڭ ئەر،
قولۇمدا ھەرنەكى باردۇر سۆيۈنچىگە ئالىڭ ئەر.
خەبەرسىز ئېرسەڭىز ئەر، ئايتىڭ جەۋابىنى بات،
قاياقغە تۈشسە گۆزارىم بارام ھەمە قالىڭ ئەر.
دەر ئېرسەڭ كارىڭە مۇنداغ كۆپ ئېزتىراب ئېتەسەڭ،
ئىبارەت ئاگلادىڭ ئەر مەئنەسىنى ھەم بىلىڭ ئەر.
كۆتەرگەلى پۈتىنى غەدىلىكىم تۇۋەم ئۇنامايت،
ھىدايەت ئەھلى، نەسىھەت بىلە ئەدەب بېرىڭ ئەر.
ساتام بۇ ئىككى جەھانىنى ھەقىقى بەيئى بىلە،
تۇۋەم بەرگەلى بىر خان كېپەك بېرىپ ئالىڭ ئەر.
تەمام ئەرشىۇ كۆرسى، زەمىننى سەير ئەتتىم،
تاپالمادىم نېتەيىن كويىغە دېنى ساتىڭ ئەر.
دېسەڭكى، قاسىمى بىر يىل يولۇمدا قەتل ئولدى،
پەرىشتەلەرغە ندا قىل: نامازىغە كېلىڭ ئەر.

× ×

بۇ سوفى ناتەۋانىڭنى سالىپ كۆزىنكى خار ئەتمە،
بولۇر - بولماس كىشلەرنى كۆرۈپ ئۆزۈڭگە يار ئەتمە،
جەمالىڭ شەۋقىنى كۆرسەت ئانى سەن ئىنتىزار ئەتمە،
مەلامەت كويىدا قاسىم قۇلۇڭنى خار - زار ئەتمە،
رەھىم قىلساڭ بولماسمۇ قۇلۇڭنى خار قىلغۇنچە؟
خەلايىق خار - زارىدىن قۇتۇلغان خەلقنى كۆردۈم،
خەلايىقتا مالائىككە قوشۇلغان خەلقنى كۆردۈم،
كۆڭۈل مەئمۇرى تەن مۇلكى بۇزۇلغان خەلقنى كۆردۈم،
پەنا دەشتىدەكى ئاۋارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،
جۇنۇن تۇغيان ئېتىپدۇر ھەر بىرىنى دەر - بەدەر تەنھا.

× ×

تۇمەن مىلك ھەمدكىم ئول شاھ سانىيىغە يۈز ئەھسەند،
سېنىڭ دەرگاھىڭە شاھۇ گەدا رىزقىغە ھاجەتمەند.
نېتەڭ ئالەم ئېلى قويسە ئاياغىڭغە دەما - دەم باش،
شەھىنشەھلەر غۇلامىڭدۇركى ئەسلىڭ پاك بىمانەند.
شىئارىڭ يوقنى بار ئەتمەك، يوق ئەتمەك بارلارنى ھەم،

بەھارىستان ئىرۇر سۇنئۇك تەفەككۇر ئەيلەسەم ھەرچەند
مۇلاھىزدىن ۋۇجۇد ئىچرە مۇھەسسەن سەن كەبى بايان،
ھەمە مەۋجۇد ئىرۇر كەفكى دىلى ئەئما كۆرەردىن بەند.
ئىرۇر خۇش زۇھد ئىلى كۆڭلى يېتىشكەچ تائەتىڭ نۇرى،
خەيالاتى يۇزۇك بىرلە ئىرۇر ئىشىق ئەھلى ھەم خۇرسەند.
نىدۇر قاسىمغە بۇ ئادەت سېنى ياد ئەيلەگەن ھالەت،
گەھى ساقۇ، گەھى بىھۇش، گەھى نالانۇ، گاھى خەند.

## مەرسىيە

ئولمۇقەررەب شاھ① ئىدى فەرخۇندە فال،
يوق ئىدى ئۆز ۋەقتىدە ئاڭا مىسال.
مەئدەنى ئەسرار ئىلاھى ئىدى،
مەئرىفەت ئەھلى ئۆزە شاھى ئىدى.
باشدىن - ئاياغ جۇد سەخاۋۇ كەرەم،
ھەرنە ئىشى خوب، يوق ھېچ كۆسە - كەم.
ھەر ئىشكىم ھەق ئاڭا ئىردى رىزا،
ئۇمرىكى بار ۋەقتىدە قىلغان ئەدا.
چۇن فەلەكى تائەت ئۆزە ماھ ئىدى،
نۇكتەئى تەۋھىددىن ئاگاھ ئىدى.
زاھىرىدا مىلك باشلىق خىلئەتى،
فەقرفەنا سەيقەلىلىغ سىيرەتى،
كىلياك ئىردى بەلكى بۇ ئالەم سەدەف،
ئىردى ئۇلار گەۋھەرى تاج شەرەف.
ۋاسىلى دەرگاھ خۇداۋەندە پاك،
بولدى ئەجەل ئىلكىدە ئاخىر ھەلاك.
رەھمەتى ھەق بولغاي ئۇلارغە نىسار،
تابىئىغە بولغاي ھەمە ئىشتا يار.
قالدىلار ئەزۋاج ھەمە تابىئى،
كىلياك ئىدى بەسرە، ئۇلار رابىئى.
چىقسە خەدىچە دەپ ئاتى تەمام،
ياخشى سىفەت ئەيلەر ئىدى خاسۇئام.

زۇلمەتى ئىسيان ئەسىرىدىن يىراق،
نامە تەۋفىقى دىلۇ جانى ئاق.
كېچەلەرى تائەتۇ زارى بىلە،
كۇندۇزى خەير ئىشلارى كارى بىلە.
ئانچە نەماز، روزەۋۇ خەيرۇ سەخا،
باشدىن - ئاياغ ھەمەسى سىدقۇ سەفا.
زاھىرى مەزلۇم ئىدى، مەئنىدە ئەر،
راھى ھەقىقەتدىن ئىدى باخەبەر.
قانچە دېسە تەئرىفى ئاندىن فۇزۇن،
قىسسەئى شەرھىدۇر ئۇزۇندىن - ئۇزۇن.
تۇتتى مەيى بىخۇد ئەجەل ساقىسى،
ئىچتى تەمام قالمادى ھېچ باقىسى.
دىن فەلەكىدە مەھى تابان ئىدى،
بىرلەرى خۇرشىد دەرەخشان ئىدى.
جەننەتى دىيدار نەسىب ئەيلەگەي،
جەننەتى جاۋىد قەرىب ئەيلەگەي.
ھەق سۆزىدىن قىلسا كىشى سۆز بەيان.
ياشى ئىدى چەشمەئى ئابى رەۋان.
مەنبەئى ئەسرار ھىدايەت ئىدى،
مەھزەنى ئەنۋار سەئادەت ئىدى.
يارەب، ئوشۇل پاكلارنىڭ ھۇرمەتى،
قاسىمە ھەم قىل نەزەرى رەھمەتى.

---

① مۇقەررەب شاھ — ئۆز دەۋرىدە كىلياك يېزىسىدا ئۆتكەن مىگبېشى.

ئەي مۇقەررەب شاھ خوجا، ئەرز ئەتكەلى كەلدىم ساڭا،
مەن مۇسافىر ھالىمنى داد ئەتكەلى كەلدىم ساڭا.
رەھىم ئېتىپ شەفقەت بىلە لۇتفى كەرەم قىلساڭ ماڭا،
بىرۇبار ئەللاھتەئالا يار بولغايلار ساڭا.
ئىككى ئالەمدە ئەزىز ئەيلەپ شەرەف بەرگەي ساڭا.

ئۈل رەسۇلى مۇستەفا ئىككى جەھاننىڭ سەرۋەرى،
ھەم شەرىئەت ئافتابى، ھەم تەرىقەت رەھبەرى،
ھەم ھەقىقەت بەھرىدىن چىققان سەدەفنىڭ گەۋھەرى.
ئەۋۋەل - ئاخىر ئەنبىيالار خەيلىنىڭ سەردەفتەرى،
روزى مەھشەردە شەفائەت چادىرىن ياپقاي ساڭا.

......................................................

رەھىم ئېتىپ، دادىمغە يەت، مېھرى سۇلەيمان بەر ماڭا،
ئىلتىفات ئەيلەپ تىلىم خەتتى مۇسلىم بەر ماڭا،
تاكى كىلياك ئىچرە دارخۇنلۇقغە ھەد بەرگىل ماڭا،

......................................................

(بېشى 76 - بەتتە)

كۆنگىچە داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ خىرقىسى ۋە دەستارلىرىدا گۈزەللىكتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. رەنالىق ۋە زىبالىق ھەۋەسلىرىمۇ ئۇنىڭ بېشىدىن چىقىپ كەتتى.

ۋاقتىكى، بۇ مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىلەن ئۇنىڭ نەپسى ھالاك بولدى. مۇرشىدى كامىل شۇندىن كېيىن ئۇ مۇرىتنى غۇسلە قىلىپ، پاكىز بولۇشقا بۇيرۇدى. مۇرشىد ئۇنىڭدىكى ئىللەتنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ساقايتتى. كېيىن بۇ مۇرىتمۇ ۋىسال ئايۋىنىغا قەدەم قويدى. ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تەلەپ ۋە مۇرادلىرىنىڭ ھاسىلاتلىرىغا ئېرىشتى.

ئەمدى سەنمۇ نەپسىڭنى مۇشۇنداق رەنج - مۇشەققەتكە دۇچار قىلغىن. شۇنىڭ بەدىلىگە سەن گەنج ۋە خەزىنىلەرگە ئېرىشىسەن. ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزۈڭنى ھالاك بولدۇم دەپ بىلگىن، تۇراقسىزلىق. ئۆزگىرىشچانلىق دوزىخىدا كۆيۈۋاتىمەن دەپ ھېسابلىغىن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# نەۋابىغۇل-كەلەم

## ئەللامە زەمەخشەرى

### ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: رەھمەتۇللا جارى

### مۇئەللىپ ھەققىدە بىر-ئىككى سۆز

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ مەشھۇر تىلشۇناس ئالىمى ئەبۇلقاسىم شەھابىددىن مەھمۇد بىننى جارۇللانىڭ نامى ئەرەب دۇنياسىدا، شۇنىڭدەك شەرق ئەللىرىدە «ئەللامە زەمەخشەرى» دەپ كەڭ تارقالغان، «ئەللامە» سۆزى ئەرەبچىدە «يۈكسەك بىلىملىك ئالىم» ياكى «ئاكادېمىك» دېگەن مەنىدە.

مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئەللامە 1075 - يىلى كونا خارەزىمنىڭ زەمەخشەر يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىنى ئۆز ئانا يۇرتىدا ئۆتكۈزگەن. كېيىنرەك ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتىدە چوڭ ئىلىم مەركەزلىرى ھېسابلانغان بۇخارا، خۇراسان، ئىسفاھان، نىشاپۇر، باغداد، شام (سۈرىيە)، ھىجاز قاتارلىق شەھەرلەردە زىيارەتتە بولغان، مەككىدە ئۇزاق مۇددەت تۇرغان.

زەمەخشەرىنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان تىلشۇناسلىق، ئىلمىي ئۇسلۇب (ئىستىلىستىكا)، ناتىقلىق سەنئىتى، شېئىرىيەت، جۇغراپىيە، تەپسىر، ھەدىس، فىقھىگە ئائىت 50 پارچىدىن ئوشۇق ئەسىرى ئىسلام دۇنياسىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قايتا-قايتا نەشر قىلىنىپ تۇرغان.

ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تۈزگەن ئەرەب تىلى گراماتىكىسى 10 ئەسىردىن بۇيان مەكتەپ-مەدرىسەلەردە مۇھىم دەرسلىك بولۇپ كەلگەن. «كافىيە» دەپ ئاتالغان بۇ دەرسلىك جامىنىڭ «شەرھىي موللاجامى» دېگەن كىتابىنىڭ مەتنىسى ئىدى.

بۈيۈك پارس شائىرى شەيخ سەئدى 1210 - يىلى قەشقەرگە كەلگەندە ھېيتگاھ جامەسىدە «كافىيە» نىڭ مۇقەددىمىسىنى يادلاۋاتقان بىر تالىپ يىگىتكە كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلاشقان («گۈلىستان» 5 - باب).

زەمەخشەرىنىڭ «كافىيە»سى قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ مەدرىسەلىرىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر كلاسسىك دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇلۇپ كەلگەن.

بىز كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىۋاتقان «نەۋابىغۇل-كەلەم» (جۇشقۇن سۆزلەر) ناملىق نادىر ئەسەر مۇئەللىپنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىرىدا يازغان ئۇزۇن يىللىق ھاياتىي كۆزىتىشلەر ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ ئەسەر يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان ئىخچام ۋە جۈپ قاپىيىلىك ھېكمەتلىك سۆزلەردۇر. ئۇنىڭدا ئۆز دەۋرىنىڭ بەزى ناچار ئىللەتلىرىمۇ ئايىماستىن تەنقىد قىلىنغان.

— تەرجىماندىن.

(1)

اللهم ان منحتني من النعم السوابغ     الهام هذه الكلم النوابغ

خۇدايا سەن ماڭا تارتۇق قىلغان كاتتا نېمەتلىرىڭدىن بىرسى ھەقىقەتەن مۇشۇ «جۇشقۇن سۆزلەر» ناملىق كىتابىمنىڭ ئىلھامى بولدى.

(2)

ناطقة بكل زاجرة وموعظة     وحاثة على كل عبرة موقظة

بۇ كىتاب ساقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىشلارنى ۋە پايدىلىق نەسىھەتلەرنى سۆزلىگۈچى ناتىق بولۇپ، كىشىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىدىغان ھەر بىر ئىبرەتلىك سۆزى بىلەن ئادەم كۆڭلىگە ئوت ياقىدۇ.

(3)

كأني ألقن بها حكمة لقمان     وأصف بها نجابة آصف سليمان

مەن بۇ كىتابىم بىلەن گويا لوقمان ھېكمەتلىرىنى شەرھلىگەن ۋە سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىرى ئاسەف كىتابىنى بايان قىلغان بولىمەن.

(4)

ولكن ثمة آذان عن استماع الحق مسدودة     واذهان عن تدبره مصدودة

لېكىن بۇ يەردە قۇلاقلار ھەق سۆزنى ئاڭلاشتىن بېكىتىپ تاشلانغان ۋە ئۇنى تەپەككۇر قىلىپ ئويلاپ كۆرۈشتىن زېھنىلەر توسۇۋېتىلگەن.

(5)

وناس لهم مضجع من الغفلة ممهود     يقل في اجفانهم السهود كانهم فهود

شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرى غەپلەت بۆشۈكىگە ئايلانغان. خۇددى مۆشۈك ـ قاپلانلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ قاپاقلىرىدا ئويغاقلىق كەم.

(6)

فهب لها من يرغب في الآداب السنية     والعظات الحسنة الحسنية

خۇدايا بۇ كىتابىم ئۈچۈن ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە توغرا يولدا مېڭىش جەھەتتە رىغبەت قىلغۇچىلارنى ھەممە پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنى ئاتا قىلغايسەن.

(7)

وَيَهتَزُّ الْمَرْءُ بِدُونِ بِمَا حَوْلَكَ مِنْ وَشْيِهَا ‏ وَصَبِّغْ مِنْ حَالِيهَا

بۇ كىشىلەر سۆزلىرىمىزدە زىننەت ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن رەڭگارەڭ بوياقلاردىن ۋە چېچەكلىگەن تۈرلۈك نەقىش - بېزەكلەردىن ھاياجانلانسۇن.

(8)

وَوَفِّقْنَا لِمُدَاوَاتِ هٰذِهِ الْقُلُوبِ الْمَرْضَى ‏ وَخُذْ بِأَيْدِينَا اِلٰى كَسْبِ مَا تُحِبُّ وَتَرْضَى

ئۆزۈڭ ياخشى كۆرۈدىغان ۋە رازى بولىدىغان كەسىپكە قولىمىزدىن تۇتۇپ يېتەكلە، دەردلىك قەلبىمىزنى داۋالاشقا بىزنى مۇۋەپپەق قىل.

(9)

اَلْأُمُّ اَرْحَمُ وَاَرْأَفُ ‏ اَلْأَبُ اَعْرَفُ وَاَشْرَفُ

ئاتا بولغان كىشى نامۇ نەسەب جەھەتتە مەشھۇرراق ۋە ئابرويى ئۈستۈنرەك كېلىدۇ، ئانا بولسا ھەممىدىنمۇ تەلەپچان ۋە مېھرىبانراقتۇر.

(10)

اَوِ اسْتَفِدْ ‏ اِسْتَفِدْ

ئالىملارغا تايان ياكى ئۇلاردىن پايدىلان.

(11)

وَاِذَا دُعِيتَ اِلَى الْمَادِبِ فَاحْذَرْ ‏ اِذَا سَمِعْتَ بِالْمَنَادِبِ فَاحْضُرْ

قايغۇ - مۇسىبەت بولغان جاينى ئاڭلىساڭ، ئۇ يەردە ھازىر بول. توي - تاماشالارغا چاقىرىلساڭ، چېكىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن، ھەزەر قىل.

(12)

وَاَرَقُّ الْقُلُوبِ قَاسٍ ‏ اَذْكَرُ النَّاسِ نَاسٍ

ئادەملەرنىڭ خاترىسى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى ئۇنۇتقاق كېلىدۇ، ئەڭ يۇمشاق كۆڭۈل بولغىنى رەھىمسىز كېلىدۇ.

(13)

وَالْاِسْلَافُ اِتْلَافٌ ‏ اَلْاِسْرَافُ اِتْرَافٌ

ئىسراپچىلىق، توغرا يولدىن چىقىش دېمەكتۇر، پۇلى بەق بولمىغان (نېسىي) سودا مالنى زايە قىلىش دېمەكتۇر.

(14)

اَصْحابُ السُّلْطانِ اَعْظَمُهُمْ خَطَراً اَعْظَمُهُمْ خَطَراً    وَ اَبْعَدُ النّاسِ مَرْقى فِي الْجَبَلِ اَشَدُّهُمْ حَذَراً

پادىشاھقا يېقىن ئادەملەرنىڭ ئورنى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇلارغا بولغان خەتەرمۇ شۇنچە چوڭ. تاغنىڭ چوققىسىغا چىققان ئادەمنىڭ دۇملاپ چۈشۈشىدىن قاتتىق ساقلىنىشى لازىم بولىدۇ.

(15)

اِذا اَخَذَتْكَ الزَّعازِعُ    لاتُغْنِ عَنْكَ الوَعاوِعُ

(خۇدا كۆرسەتمىسۇنكى)، قايغۇ-ئەلەمنىڭ قاتتىق بورىنى ئىچىدە قالساڭ، قاتتىق دادۇ پەرياد كۆتۈرۈشتىن ھېچ پايدا يوق.

(16)

اِذاخَبَّ اَخُوكَ فَحَلِّقْ عَلى اِسْمِهِ    وَتَحَفَّظْ مِنْ كَيْدِهِ وَظُلْمِهِ

ئەگەر بۇرادىرىڭ ساڭا خىيانەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى قىرىپ تاشلا، ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ساقلان.

(17)

اِذاحَصَلَتْكَ يا قُوتُ    هانَ عَلَى الدُّرِ وَالياقُوتُ

ئەي ئوزۇق-تۈلۈك، سېنى ھاسىل قىلغان ۋاقتىمدا، ماڭا ياقۇت-مەرۋايىتلارنى تېپىش ئوڭاي بولدى.

(18)

اِفْتِخارُ الَّذِي بِشَرَفِ الآلِ    كَاغْتِرارِ الضَّمْآنِ بِلَمْعِ الآلِ

پەسكەش ئادەملەرنىڭ نەسلى-نەسەبى بىلەن ماختىنىشى — خۇددى سۇغا تەشنا بولغان كىشىنى سەرئاب (مىراژ) بىلەن ئالدىغاندەكلا بىر ئىش.

(19)

اِذا وَقَعَتِ المِحْنَةُ تَواكَلْتُمْ    وَ اِذا كانَتِ النِّعْمَةُ تَاَكَّلْتُمْ

باشقا ئىغىرچىلىق چۈشكەندە باشقىلارغا يېقىنچىلىق قىلىسىلەر، نېمەت ـ بايلىقتا ئېرىشكەندە يېقىن كىشىلىرىڭلارنىمۇ تاشلايسىلەر.

(20)

أمدّ متقادم المعروف بقادمة    فانّ خوافي الريش مدد لقوادمة

بۇرۇن قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى يېڭىسى بىلەن تولۇقلاپ تۇرغىن. چۈنكى قۇشلارنىڭ قانىتىدىكى يېڭىدىن ئۈسۈپ چىققان ئۇششاق پەرلەر ئۇزۇن پەرلەرگە مەدەتتۇر.

(21)

اعمالك نيّة    ان لم تنضجها نيّة

ئىخلاس بىلەن (ياخشى نىيەت بىلەن) قىلىنمىغان ئىش ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

(22)

الاحمق لايجد لذّة الحكمة    كما لاينتفع بالورد صاحب الزكمة

زۇكام بولغان ئادەم خۇش پۇراق گۈلدىن بەھرە ئالالمىغىنىدەك، ئەخمەق (دۆت) ئادەممۇ ھېكمەتتىن لەززەت تاپالمايدۇ.

(23)

اذكر اخاك باذكى من المسك السّحيق    وان كان منك في البلد السّحيق

قېرىندىشىڭنى تازا ئىپاردىنمۇ خۇش پۇراق سۆزلەر بىلەن ياد قىل. گەرچە ئۇ سەندىن يىراق شەھەردە تۇرسىمۇ.

(24)

امارة ادبار الامارة    كثرة الوباء وقلّة العمارة

بىر مەملىكەتتە ۋابا (ئاغرىق سىلاق) كۆپ بولسا، داۋالاش ياخشى يولغا قويۇلمىغان بولسا، قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئاز بولسا، بۇ ھال ئاشۇ مەملىكەتنىڭ ئارقىغا كېتىشىنىڭ ئالامىتى.

(25)

الا انّ فوات الوفات    اشدّ على الحرمين الوفات

ئاگاھ بولۇڭلاركى، ۋاپادار ئادەملەرنىڭ يوق بولۇشى ئالىيجاناب كىشى ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىقراقتۇر.

(26)

ان والیت قرین السوء اعداك بدائه    فكن من اعدائه تنج من اعدائه

ياماﻥ ئادەم بىلەن بىللە بولساڭ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قاتارىدا بول، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلىسەن.

(27)

اصيب وطئة من الاسد    من يمشي في الطريق الاسد

توغرا يولدا ماڭغان كىشىنىڭ يۈرۈشى شىرنىڭ يۈرۈشىدىنمۇ ھەيۋەتلىكرەك.

(28)

الامين آمن    والخائن خائن

ھالال، ئىشەنچلىك كىشى تىنچلىق - ئامانلىقتا، خىيانەت قىلغۇچى دائىم بىئاراملىقتا.

(29)

ان شجّ فقد آسا    وان شجّ فقد آسا

ئەگەر بىشىڭنى يارغان بولسا (ھېچگەپ يوق) ئەلۋەتتە داۋاسىنى قىلىدۇ، ئۇ ساڭا بېخىللىق قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە سېخىيلىقىمۇ بار. (بىر كىشىنىڭ مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۆز يېقىنى ياكى دوستىدىن كۆڭلىنى قالغاندا باشقا بىر ئاقىل كىشى تەسەللى بېرىپ ئېيتقان سۆز).

(30)

ان خصمهم الباطل فانت اسمع من سمع    وان خصمهم الحق فكانك بلاسمع

پايدىسىز، ساختا ئىشلارنىڭ سەل - پەل تۈۋشىنى سېزىپ قالساڭ، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلايسەن (قۇلىقىڭ بۆرە كۈچىكىدىنمۇ سەزگۈر بولىدۇ)، ئەگەر ھەق سۆزنىڭ ئاچچىق ساداسى جاراڭلىسا، قۇلاقسىز كاس بولۇۋالىسەن.

(31)

آكرم حديث اخيك بانصاتك    وصنة عن وصمت التغافلك

دوست - بۇرادىرىڭنىڭ سۆزىنى سۈكۈت قىلىپ، ھۆرمەت بىلەن ئاڭلا، دىققەت - ئېتىبارسىز قالدۇرۇشتىن ساقلان.

(32)

اياك و فناك المفتون و ان افلاك المفلون

سىنالغان كىشى بىلەن پەس ـ مۇنازىرە، تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن ساقلان، گەرچە ساڭا شۇنداق قىلىشقا پەتىۋا بېرىلگەن تەقدىردىمۇ.

(33)

اذا صح السر صح العلن و الا فلم ولن

ئادەمنىڭ ئىچ سىرى توزۇك بولسا، تاشقى ئەمەلىيىتىمۇ توزۇك بولىدۇ. ئۇسى توزۇك بولمىسا، بۇسىمۇ توزۇك بولمايدۇ.

(34)

ان البرا طيل تنصر الاباطيل

پارا بېرىش بۇزۇق ـ يامان ئادەملەرگە ۋە زالىملارغا ياردەم بەرگەنلىكتۇر.

(35)

ان لم تملك فضل لسانك ملكت الشيطان فضل عنانك

تىلىڭنىڭ ئارتۇقچە سۆزلەپ قويۇشىنى چەكلىيەلمىسەڭ، ئۇنىڭ تىزگىنىنىڭ ئۇچىنى شەيتانغا ئىگىلەتكەن بولىسەن.

(36)

انتم الاوداء والاعزاء مالم يصبكم داء او فزاء

سىلەر ئاغرىق ـ سىلاقتىن خالى بولغان ۋە بېشىڭلارغا قايغۇ ـ مۇسىبەت چۈشمىگەن چاغدىلا بىر ـ بىرىڭلارغا دوست ۋە قەدىرلىكسىلەر.

(37)

ايها الحول القلب امن حيلتك ان تجمع المال لبعل حليلتك

ئەي ھىيلىگەر، ساختىپەز كىشىلەر! (سىلەر ھىيلىگەرلىك بىلەن شۇنچە مال توپلايسىلەر، بۇ مال خوتۇنۇڭلارنىڭ كېيىنكى ئېرى ئۈچۈنمۇ؟

(38)

اكثر الناس عن الحق مزور ودعواهم باطل وزور

ئۇرغۇن كىشلەر ھەقىقەتتىن خالى تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دەۋالىرىمۇ قۇرۇق، يالغان.

(39)

أمل الفكر والكفران    أبعد من الغفر من الغفران

يامان نىيەتلىك كىشلەر بىلەن ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان تۇزكور ئادەملەر قاۋان توڭگۇزدەك ناپاك بولۇپ، ئاللانىڭ مەغپىرەت ـ ئەپۇ قىلىشىدىن يىراقتا.

(40)

بذر في ممطورة    برفي مطمورة

يامغۇرلۇق يەرگە چۇشكەن ئۇرۇق ئامبارغا سېلىنغان بۇغداي بىلەن ئوخشاش.

(41)

التاجر مجده في كيسه    والعالم مجده في كراريسه

سودىگەرنىڭ يۈز ـ ئابرويى يانچۇقىدا، ئالىمنىڭ يۈز ـ ئابرويى كىتابلىرىدا.

(42)

تسويد بخط الكاتب    أملح من توريد بخد الكاعب

كاتىپنىڭ ھۆسنى خېتىدىكى ھەربىر چېكىت، گۈزەل قىزنىڭ مەڭزىدىكى خالدىن گۈزەلرەكتۇر.

(43)

تغتنق باللحم    حتى تغتنق بالشحم

گۆشنى چېكىدىن ئارتۇق يەۋېرىپ، ئاخىرىدا سېمىزلىكتىن قارنىڭ يېرىلدى.

(44)

تقول انا صائم    وانت في لحم اخيك سائم

مەن روزا تۇتقان دەيسەن، ھالبۇكى (دوست ـ بۇرادىرىڭنىڭ گۆشنى يەيسەن، (ئۆزۈڭنى پاك ئادەم چاغلايسەن، غەيۋەت قىلىپ، خەقنى غاجايسەن).

(45)

حبذا الوادق اذا رعد    والصادق اذا وعد

زھاۋا گۈلدۈرلىگەندە ياغقان يامغۇر ئاۋازى ۋە راستچىل ئادەمنىڭ ۋەدە قىلغان چاغدىكى سۆزى قۇلاققا نېمىدېگەن يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ - ھە!

(46)

اَلحُرُّ لاَيَذِلُّ عَلَى المُصَابِ      وَلاَيُذَلُّ وَاِنْ مُنِى بِالصِّعَابِ

مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش بىلەن مەرد - ئالىيجاناب ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ، قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە خار بولمايدۇ.

(47)

حَرِيٌّ اَنْ يَكُونَ غَيْرُ مَمْطُورٍ      حَرِىَ غَيْرُ مَطُورٍ

ئەتراپىغا قۇش قونمايدىغان ئۆي — يامغۇر چۈشمەس ئۆيدۇر (كىشىگە نەپ تەگ- مەيدىغان بېخىلنىڭ ئۆيى نامراتچىلىق، قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ).

(48)

حَلَّ الشَّيبُ بِفَودَيكَ فَحيَهل      وَ تَبصَّر هَل تُدرِكُ المَهَل

ئىككى چېكەڭگە ئاق سانجىدى، قېنى تېزرەك ئويلاپ كۆر، ئەجەلنى كېچىكتۈرۈش قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟

(49)

اَلحِيَلُ مَعَ الحِوَلِ      لاَتَبتَغِي عَنهُ الحِوَلِ

ھىيلىگەرلىك ئاچكۆزلەرنىڭ جورىسى، ئاچكۆزلەر ھىيلىگەرلىكتىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ.

(50)

خُذ بِمَا هُوَ لِدِينِكَ وَعِرضِكَ اَصوَن      وَلاَتَأخُذ بِمَا هُوَ عَلَيكَ اَهوَن

ئۆز دىنى - ئېتىقادىڭ ۋە ئابرويىڭنى ساقلاشقا پايدىسى بار نەرسىنى تارتىنماستىن ئال، قەدرى - قىممىتىڭنى چۈشۈرىدىغان نەرسىنى ئالما.

(51)

خَف عَلَى الصَّدرِ السَّرِى      مِن ذَوِى القَدرِ الزَّرِى

قەدرى - قىممىتى تۆۋەن پەس ئادەملەردىن قورقىنىڭكى، ئۇلار مەرد - ئالىيجاناب ئادەملەرنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرمىسۇن.

(52)

خيم النقص والجد طنيبه    و سافر الفضل والحد جنيبه

يارامسز ئادەم چېدىر تىكسە بەختى تەلەي يار بولدى، ئىلىم - پەزىلەت ئىگىسى سەپەر قىلسا يوقسۇللۇق، بەختسىزلىك ھەمراھ بولدى.

(53)

الدابة اذا رحمت مرحت    واذا مرحت رمحت

ھايۋانغا رەھمى - شەپقەت قىلىنسا، سۆيۈنۈپ كېتىدۇ، سۆيۈنگەن چاغدا شوخلۇق قىلىپ ئىگىسىنى تېپىدۇ.

(54)

الدنيا مملوءة عبرا    مشحونة عبرا

دۇنيا ئىبرەت بىلەن تولغان، شۇنىڭدەك ئىبرەت ئالمىغۇچىلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەنمۇ تولغان.

(55)

دواء المستكبر في اطارة نعرته    ونزع شيطانه من نخرته

تەكەببۇر ئادەمنىڭ شىپالىق داۋاسى بۇرنى ئۇچىدىكى چىۋىننى ئۇچۇرۇۋېتىشتۇر، ھەمدە ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇققا قۇتراتقان شەيتىنىنى دىمىغىدىن قوغلاشتۇر (ئانچە - مۇنچە بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويۇش كېرەك).

(56)

الدهر يهدم سور الخورنق    كما يمزق بيت الخدرنق

زامان «خەۋەرنەق» ناملىق ئەڭ مۇستەھكەم سارايلارنىمۇ ئۆمۈچۈك تورىنى بۇزغاندەك ۋەيران قىلىپ تاشلايدۇ. (زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەڭ مۇستەھكەم بىنالارمۇ چىداش بېرەلمەيدۇ).

(57)

رب زعمات    يسمين عزمات

ئەمەلگە ئاشمايدىغان گۇمانلىق پەرەزلەر تولا چاغلاردا جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشلار دەپ قارىلىدۇ. (ئەمما نەتىجە بۇنىڭ ئەتۈرسىچە بولۇپ چىقىدۇ).

(58)

رُبَّ صَدَقَةٍ مِنْ بَيْنِ تَكَبُّكَ خَيْرٌ مِنْ صَدَقَةٍ مِنْ بَيْنِ كَنْزِكَ

ئىككى لىۋىڭ ئارىسىدىن چىققان سەدىقە كۆپ چاغلاردا ئىككى ئالقىنىڭ ئارىسىدىن چىققان سەدىقىدىن ياخشىراق. (ئاغزىڭدىن چىققان ياخشى مەسلىھەت قولۇڭ بىلەن بەرگەن ماددىي ياردەمدىن ئەۋزەل).

(59)

رُبَّ كَانَتِ الْحِيلَةُ مِنَ الْقُوَّةِ اَغْلَبُ وَالزَّنْبُورُ يَصْطَادُ بِهَاكَلُّ اَبْيَتِ اَصْلَبُ

تولا چاغلاردا ھىيلە ـ مىكىر كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن ئۈستۈن بولۇپ چىقىدۇ. كۈچلۈك شىرلارنى ھىيلە بىلەن كولانغان ئورا ئارقىلىق توزاققا چۈشۈرۈش (ئوۋ قىلىش) مۇمكىن.

(60)

رُبَّ زَائِدَةٍ هِيَ نُقْصَانُ فَائِدَةٍ وَالْكَفُّ يَنْقُصُهَا الْاَصْبِعُ الزَّائِدَةُ

تولا چاغلاردا بىر نەرسىنىڭ ئوشۇق بولۇشى يەتكۈزۈۋاتقان پايدىسىنىڭ كەمچىلىكى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئالتە بارماقلىق قولدىكى ئوشۇق بارماق نۇقسان كەلتۈرگەندەك.

(61)

اَلرَّجُلُ يَتْرُكُ بِرَّ اَدَانِيهِ وَهُوَ اِلَى الْاَبَاعِدِ يُحْسِنُ وَالنَّعَامَةُ تَهْجُرُ بَيْضَهَا وَبَيْضَ اُخْرَى تَحْضُنُ

بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىگە ياخشىلىق قىلىشنى تاشلاپ، يات ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ. تۆگە قۇشى ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى تاشلاپ، باشقا قۇشنىڭ تۇخۇمىنى بېسىپ ياتقىنىدەك.

(62)

رُبَّ قَوْمٍ يَبْلُونَكُمْ حِبَالاً وَلَا يَبْلُونَكُمْ حِبَالاً

بىرمۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇلار سىزگە پىلىكتەك چىرمىشىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئەمما، پۇرسەت كۈتۈپ، يامانلىق قىلىش قەستىنى تاشلىمايدۇ.

(63)

رُبَّ تَكْلِيمٍ بِالْمَقُولِ اَشَدُّ مِنْ تَكْلِيمٍ بِالْمِفْصَلِ

تىل يارىسى كۆپ چاغلاردا قىلىچ يارىسىدىن يامانراق.

(64)

رب قول اوردك مورد القتال    او ردك مورد القذال

كۆپ سۆزلەر باركى، سىنى سوقۇشۇپ هالاك بولۇش ئاقىۋىتىگە ئېلىپ بارىدۇ، ياكى هالاك بولۇش دەرىجىسىدىن ياندۇرسىمۇ، بۇرنىڭنى گۈلدەك قىزارتىپ قايتۇرىدۇ.

(65)

رب بكاء وتصلية    شر من مكاء وتصدية

رىياكارلىق بىلەن هۆكرەپ يىغلاش ۋە ئاۋاز چىقىرىپ دۇئا ئوقۇش تولا چاغلاردا ئىسقىرتىپ، چاۋاك چېلىشتىن يامانراق.

(66)

زينة الارض بالعلماء    والكواكب زينة السماء

يەرنىڭ زىننىتى ئالىملار بىلەن، ئاسماننىڭ زىننىتى يۇلتۇزلار بىلەن.

(67)

السوقية كلاب    سلوقية

هايانكەشلەر سەلۇقىيە ئىتلىرىغا ئوخشايدۇ (سەلۇق يەمەندىكى بىر جاينىڭ ئىسمى بولۇپ، مەككار ئوۋ ئىتلىرى چىقىدۇ. مۇئەللىپ بۇ يەردە هايانكەشنى يالغان قەسەم ئىچىپ، هالال سودا قىلمايدۇ دېمەكچى).

(68)

ثورة السفهاء تكسر هالحكماء    والنار المضطرمة يطفيها الماء

بىئەقىل نادانلارنىڭ بىمەنە سۆزلىرىنى دانىشمەن ئادەملەر سۇندۇرۇپ تاشلايدۇ. خۇددى يالقۇنجاپ كۆيىۋاتقان ئوتنى سۇ ئۆچۈرگىنىدەك.

(69)

الشرة على الطعام    من اخلاق الطغام

تائامغا هەددىدىن زىيادە ئاچكۆزلۈك قىلىش پەس ئادەملەرنىڭ خۇلقىدۇر.

(70)

وان اردت الشراك له    بما شراك اشراك

ئۆزۈڭگە نېمە لازىم بولسا، ئۇنى سېتىۋال، بۇنىڭ بىلەن قەدرى - قىممىتىڭنى، ئەرلىكىڭنى ساقلاپ قالىسەن، (ئەگەر لازىملىق نەرسىنى بىراۋدىن سورىساڭ، ئۇ سەن سورىغان نەرسىنى بەرمەي، كېرەكسىز نەرسىنى بېرىدۇ، ئۆزۈڭ سېتىۋالساڭ ئېھتىياجىڭ قامدىلىدۇ).

(71)

شُعاعِ الشَّمسُ لا يَخفى    وَ سِراجُ الحَقِّ لا يُطفى

كۈن نۇرى توسۇلماس، ھەقىقەتنىڭ چىرىغى ئۆچمەس.

(72)

شَيِّعِ الحَسَنَةَ بِحُسنِ الجَطاءِ    فَما اَحسَنَ الشِّعرى خَلفَ الجَوزاءِ

ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇر: جەۋزا يۇلتۇزى پاتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا «شېئىرا» يۇلتۇزىنىڭ پارقىراپ چىقىشى نېمىدېگەن ياخشى!

(73)

صُعودُ الاَكامِ وَهُبوطُ الغيطانِ    خَيرٌ مِنَ القُعودِ بَينَ الحيطانِ

تاغ - داۋاندىن ئېشىپ، ساي - ئويمانلارنى كېزىپ سەپەر قىلىش — تۆت تام ئىچىدە ئاچ ئولتۇرۇشتىن ياخشىراق.

(74)

صاحِبُ القِمارِ يَغتَنِمُ حَنوءَ القَمَرِ    وَمُحِبُّ السَّمَرِ لايُبالي بِالسَّهَرِ

قىمارۋازلار ئاي يورۇقىنى غەنىمەت بىلىدۇ، كېچىسى چۆچەك ئېيتىشقا ئامراق كىشىلەر ئۇيقۇسىزلىقتىن قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ.

(75)

صِنوانِ مَن مَنَحَ سائِلَهُ وَمَنَّ    وَمَنَعَ نائِلَهُ وَضَنَّ

كىمكى بىر نەرسە سورىغان كىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئەمما مىننەت قىلسا، ياكى سورىغان نەرسىنى بەرمەي بېخىللىق قىلسا، ھەر ئىككىسى بىر تۆپ دەرەختە ئۆسكەن ئىككى تال شاخقا ئوخشايدۇ.

(76)

طا لَعِقابَ العالَمينَ    تَطايَرَ عِقابُ العالَمينَ

ئالىملارنىڭ ئىزىنى باس، دۇنيادا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىسەن.

(77)

طَهِّرْتَ فَاكَ بِمِسْوَاكِكَ    لَوْلَا اَنْ تُنَجِّسَهُ بِمَسَاوِيكَ

ئاغزىڭنى مىسۋاك (چوتكا) بىلەن تازىلايسەن، كاشكى غەيۋەت - شىكايەت بىلەن پاسكىنا قىلمىساڭ ياخشى ئىدى.

(78)

مَحْضُوكَ بِالْمَلَامَةِ وَ وَعَظُوكَ    لَوْ مِنْ رُقَادِ الْغَفْلَةِ اَيْقَظُوكَ

سېنى مالامەت بىلەن چىشلەپ تارتىپ، بىر مۇنچە ۋەز - نەسىھەت قىلدى، كاشكى بۇنداق قىلغىچە سېنى غەپلەتنىڭ ئۇزۇن ئۇيقۇسىدىن ئويغاتسىچۇ.

(79)

اَلْعِلْمُ دَرْسٌ وَتَلْقِينٌ    لَا طِرْسٌ وَتَزْيِينٌ

ئىلىم ــ ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش دېمەكتۇر، ھۆسنى خەت بىلەن يېزىپ قويۇش ۋە قەغەز بوياش ئەمەس.

(80)

عَلَيْكَ مَنْ يُنْذِرُكَ الْاَ بْلَاسَ    وَاِيَّاكَ مَنْ يَقُولُ لَا بَأْسَ وَلَا تَأْسَ

سېنى خاپىچىلىقتا ئۇچراشتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى كىشىگە ياخشى مۇئامىلىدە بول، «قورقما، ھېچگەپ يوق» دەپ يۇپاتقۇچىدىن يىراق بول.

(81)

عَمَلٌ فِيهِ رِيَاءٌ    مَا عَلَيْهِ ضِيَاءٌ

رىيابار ھەرقانداق ئىشتا زىيا يوق (رىيا بىلەن قىلىنغان ئىش روناق تاپمايدۇ).

(82)

غَضُّ الْعَدُوِّ اَنْمَالَكَ    اَشَدُّ مِنْ عَضِّ الْاَفْعَى لَكَ

سېنىڭ ئىشلىرىڭدىن دۈشمەننىڭ كۆز يۇمۇشى سېنى يىلان چاقىقاندىن يامانراق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

(83)

اَلْفَرَسُ لاٰبُدَّلَهُ مِنَ السَّوْطِ وَاِنْ كَانَ بَعِيدَ الشَّوْطِ

ئاتقا ھەرقاچان قامچا لازىم، گەرچە يىراققا چاپىدىغان ئات بولسىمۇ.

(84)

فِي قَرْعِ بَابِ اللَّئِيمِ قَلْعُ نَابِ الْكَرِيمِ

نامەرد - بېخىلنىڭ ئىشىكىنى قېقىش — ئالىيجاناب، سېخىي ئادەم ئۈچۈن ئالدىنقى چىشلىرىنى يۇلغاندەك قاتتىق ئازاب.

(85)

قَدْ يَصْحَبُ الْجَاهِلُ اُولِي النُّهَى وَالْفَرَاقِدُ مَعَهَا السُّهَى

نادانلارنىڭ دانالار بىلەن سۆھبەتداش بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى نۇرلۇق فەراقىد يۇلتۇزى كىچىك يۇلتۇز سۇھا بىلەن بىللە بولۇپ قالسا، فەراقىدنىڭ نۇرى كېمىيىپ كەتمەيدۇ.

(86)

كَانُوا يَأْخُذُونَ رِجَالُ الْفَضْلِ بِزِنَاتِهِمْ دَنَانِيرْ حَتَّى فَضَّلُوا عَلَيْهِمُ الْكِلاَبُ وَالسَّنَانِيرْ

ئۆتكەن زامانلاردا ئىلىم - پەزىلەت ئىگىلىرى پادىشاھلاردىن ئېغىرلىقى ئۆزى بىلەن تەڭ ئالتۇنلارنى ھەدىيە ئالاتتى. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالىملارنىڭ قەدرى - قىممىتى ئازىيىپ، ئىت - مۈشۈكلەر ئۇلاردىن ئۈستۈن بولۇپ قالدى.

(87)

كَفَاكَ عِبْرَةً اَنْ صَدَرَ فُلاَنٌ ثُمَّ صُودِرَ وَالسْتُوسِرَ بَعْدَ مَاسْتُوزِرَ

بىراۋنىڭ يۇقىرى شەنسەپكە ئېرىشىپ، كېيىن مال - مۈلكىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىشى ۋەزىر بولۇپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قولغا ئېلىنىشى — بۇ ساڭا ئىبرەت بولۇش ئۈچۈن كۇپايە.

(88)

كُلُّ حَيٍّ يَحْتَضِرُ فَطُوبَى لِمَنْ يَحْتَضِرُ

ھەربىر تىرىك جان مۇقەررەر ئۆلىدۇ. تۇۋا دەرىخى پەقەت فانىي دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىگە ساۋاب ھازىرلايدۇ.

(89)

كُلُّ قَرِيبٍ لَكَ مِنْ قَلْبِكَ رَقِيبٌ　　يَوَدُّ أَنْ تُقْبَرَ مِنْ قَرِيبٍ

ھەربىر يېقىن كىشىنىڭ ئۆلۈمىڭنى كۈتۈپ تۇرىدىغان رەقىب، ئۇلار پاتراق قەبرىگە كىرىشىڭنى تىلەيدۇ.

(90)

كَمْ رَأَيْتُ مِنْ أَعْرَجٍ　　فِي دَرَجِ الْمَعَالِي أَعْرَجَ

وَكَمْ مِنْ صَحِيحٍ قَدَمٍ　　لَيْسَ لَهُ فِي الْخَيْرِ قَدَمٌ

قانچىلىغان ئاقساق ئادەملەرنى كۆردۈمكى، ئۇلار بالداقمۇ بالداق ئۆرلەپ ئەڭ يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىدى * قانچىلىغان پۇتى ساق ئادەملەرنى كۆردۈمكى، ئۇلار خەيرلىك قەدەملەرنى باسالمىدى.

(91)

اَللَّئِيمُ مَلُومٌ بِكُلِّ لِسَانٍ　　وَالْكَرِيمُ مُكَرَّمٌ فِي كُلِّ مَكَانٍ

بېخىل ـ نامەرد ئادەم ھەربىر تىلدا لەنەتلىنىدۇ. ئالىيجاناپ سېخىي ئادەم ھەربىر جايدا ھۆرمەتكە ئىگە.

(92)

لَحْمُ الْحُرِّ يَأْكُلُهُ أَهْلُ الْحَسَدِ　　كَمَا يَأْكُلُ النَّمْلُ وَلَدَ الْأَسَدِ

قۇرت ـ قوڭغۇزلار شىرنىڭ بالىسىغا يېپىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن تالايدۇ (ئەمما بىر تال مويىغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ)، خۇددى شۇنىڭدەك ھەسەتخورلار ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئارقىسىدىن غاجايدۇ. (ئەمما ھېچقانداق قۇسۇر يەتكۈزەلمەيدۇ).

---

* ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ پۇتىغا سوغۇق تەككەنلىكتىن، بىر پۇتى تىزىدىن كېسىلگەن. ئاقساق تۆمۈرمۇ دۇنيادا مەشھۇر سەركەردە بولغان ...

(93)

اَلْمَحَبَّةُ حِلْيَةٌ    مالَمْ تَطُلْ عَنِ الطِّلْيَةِ

ساقال بويۇندىن ئۆزىراپ كەتمىگەن تەقدىردە ئادەمگە زىننەت.

(94)

ماوراء الخلق الدميم    الا الخلق الدميم

بەت چىراي ئادەمنىڭ ئارقىسىدا پەس خۇلقتىن باشقا ھېچنىمە يوق.

(95)

ماالجد الا عريزة    وهي في الناس عزيزة

ئىجتىھات ـ تىرىشچانلىق تەبىئىي نەرسە، ئەمما ئۇ خەلق ئىچىدە ئەزىز، كەم نەرسە.

(96)

متى اصبح وامسي    ويومي خير من امسي

شۇنداق سەھەر ۋە ئاخشامنى قاچان ئۆتكۈزەرمەنكى، بۈگۈنكى كۈنۈم تۈنۈگۈنكى كۈنۈمدىن ياخشىراق بولسىدى.

(97)

من زرع الاحن    حصد المحن

كىمكى ئاچچىق ـ ئاداۋەتنى تېرىسا، ئېغىرچىلىقنى ئورۇۋالىدۇ.

(98)

من لم يقومه التأنيب    لم يقومه التاديب

ياخشى سۆز بىلەن تۈزەلمىگەن ئادەم ئۇرۇش ـ قىيناش بىلەن تۈزەلمەيدۇ.

(99)

من صدقت قطانه    قلت سقطاته

تىلى راست بولغان ئادەمنىڭ خاتالىرى ئاز بولىدۇ.

(100)

مَن لَم يَرْكَب الأذى      لَم يُجَرِّب الحاذى

دولقۇنلۇق دېڭىز كېمىسىگە ئولتۇرۇپ سەپەر قىلمىغان، يەنى جاپا - مۇشەققەتنىڭ شورلۇق سۈيىدىن ئىچمىگەن ئادەم ئاق سۇ (تاتلىق سۇ) ئىچەلمەيدۇ (مۇشەققەت چەكمىگىچە راھەت كۆرمەيدۇ).

(101)

مَن تَنازَعَت أمواله      تَرازَحَت أحواله

مال - بايلىقى ئۆزىدىن يىراقتا بولغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىپ، ھالاكەتكە يولۇقىدۇ.

(102)

مَن أرسَلَ نَفسَهُ مَعَ الهوى      فَقَد هَوى في أبعَدِ الهوى

كىمكى ئۆز نەپسىنى مەيلىگە قويۇپ بەرسە ئۆزىنى ئۆزى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلايدۇ.

(103)

مَحَكّ المَوَدَّة والاخاء      حالُ الشِّدَّة دونَ الرَّخاء

دوست - بۇرادەرلەرنىڭ باياشات ۋاقتىدا ئەمەس، بېشىغا كۈن چۈشكەندە سىنىلىدۇ.

(104)

مِن سَجيّة الخسران يَجتَني مَثالِبَ أخيه      وَأن يَعتَدَّ بِمَساويه في جُملَة مَساعيه

ئالىيجاناب - مەرد ئادەمنىڭ گۈزەل خۇلقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى يېپىپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆز ئىشى بىلەن تەڭ كۆرىدۇ.

(105)

ما ذو هِمَّة مُشمَعِلَّة      كَمَن يَتَشَبَّثُ بِكُلِّ عِلَّة

ئۆز ۋەدىسىدە تۇرماي، تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئادەم مەرد - ھىممەتلىك ئادەملەر جۈملىسىگە كىرەلمەيدۇ.

(106)

مَنْ تَشَبَّثَ بِأَذْيَالِ الْمُقْبِلِينَ أَقْبَلَ مُرَادُهُ وَأَبْقَلَ مُرَادُهُ

كىمكى ئىقبالى پارلاق كىشىلەرنىڭ پېشىنى تۇتسا، مۇراد-مەقسىتىگە يېتەر، ماڭغان يېرىدىن كۆك ئۆتىيسا ئۈنۈپ چىقار.

(107)

مَنْ عَرَفَ الْمَعَارِفَ عَفَّرَ الْمَرَاعِفَ

ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلىرى بىلىمسىز نادانلارنىڭ كىبىرىنى يەرگە ئۇرىدۇ.

(108)

مَا الثَّمَرُ الْيَانِعُ تَحْتَ خُضْرَةِ الْوَرَقِ بِأَحْسَنَ مِنَ الْخَطِّ الرَّائِقِ فِي بَيَاضِ الْوَرَقِ

يېشىل ياپراقلار ئاستىدا پىشقان مېۋە ئاق ۋاراققا يېزىلغان خەتتىن گۈزەل ئەمەس.

(109)

مَنْ لَمْ تَزِنْهُ السِّيَرُ لَمْ تَزِنْهُ السِّيَرَاءُ وَمَنْ لَمْ يَتَّقِ الْحُوبَ لَمْ تَنْقَ لَهُ الْحَوْبَاءُ

ئىچكى دۇنياسىنى ياخشى سۈپەت ۋە گۈزەل خۇلق بىلەن زىننەتلىمىگەن ئادەم قانچىلىك ئېسىل كىيىملەرنى كىيىۋالغان بىلەنمۇ سالاپەتلىك بولالمايدۇ.

(110)

لَنَقْلُ الصَّخْرِ مِنَ الْقُنَنِ أَهْوَنُ مِنْ حَمْلِ الْمِنَنِ

تاغدىن تاش توشۇپ تىرىكچىلىك قىلىش، مىننەت يۈكىنى كۆتۈرۈشتىن كۆپ يېنىك.

(111)

نَظَرَتْ إِلَيْكَ السَّبْعُونَ ... وَتُصْبِحُ فِي الدُّنْيَا كَأَنَّكَ فِي ثُلَّةِ ضَبُعٍ

يەتمىش ياش ساڭا نەزىرىنى تىكىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما سەن ھامان يىرتقۇچ ھايۋاندەك مال-دۇنيا ئۈچۈن چىش بىلەيسەن.

(112)

اَلنِّسَاءُ عَلَى عَرْفَنَ قَلْبَكَ بِالْغَرَامِ اَلصَّقَنَ اَنْفَكَ بِالرَّغَامِ

خوتۇن كىشى قەلبىڭنىڭ ئۆزىگە ئىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالسا، بۇرنۇڭنى يەرگە يېپىشتۇرىدۇ (يەنى سېنى بوزەك قىلىپ خارلايدۇ).

(113)

هُجُومُ الْاَزَمَاتِ يَفْسَخُ الْعَزَمَاتِ

ئېغىرچىلىق بىلەن يوقسۇزلۇقنىڭ ھۇجۇمى پىلانىڭنى (نىيىتىڭنى) بۇزۇپ تاشلايدۇ.

(114)

اَلْهُمُومُ بِمِقْدَارِ الْهِمَمِ

باشقىلارنىڭ قايغۇسىغا ئورتاق بولۇش ھىممىتىڭنىڭ قانچىلىك بولۇشىغا باغلىق.

(115)

وَيْلٌ لِكُلِّ رَئِيسٍ مِنْ عَذَابٍ بَئِيسٍ

ھەقىقەت ۋە ئادالەت بىلەن ئىش يۈرگۈزمىگەن ھەربىر باشلىقنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلار ئاقىۋەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

(116)

وَيْلٌ لِلْمَسَاكِينَ مِنَ الْمَسَاكِينَ

پېقىر - مىسكىنلەرگە بېرىشكە تېگىشلىك سەدىقىلەرنى ئادا قىلمىغان بېخىل بايلارغا جەھەننەمدە «ۋەيل» ئىسىملىك چوڭقۇر ھاڭ بار.

(117)

لَاخَيْرَ فِي جُودِ الْمِطَالِ وَاِنْ كَانَ كَالْجُودِ الْهَطَّالِ

شەرت بىلەن قىلىنغان سېخىيلىقتا ياخشىلىق يوق. گەرچە قاتتىق ياغقان يامغۇرغا ئوخشاش بولسىمۇ.

(118)

لَاخَيْرَ فِي وَأيٍ    اِنجازُهُ بَعْدَ لَأيٍ

ئۇرۇندىلىشى كېچىكتۈرۈلگەن ۋەدىدە ياخشىلىق يوق.

(119)

لَاغَرْوَ مِنْ سِبَاعٍ فِي غِيَاضٍ    وَمِنْ حَيَّاتٍ فِي رِيَاضٍ

ئورمانلىقتا شىرلارنىڭ، باغلاردا يىلانلارنىڭ بولۇشىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ هاجىتى يوق.

(120)

لَاتَرْضَ نَفْسَكَ تَمْلِكُهَا    وَاِلَّا لَمْ تُمْسِكُهَا

نەپسىڭگە بويسۇنمىساڭ، ئۇنىڭغا ئىگە بولالايسەن، ئۇنداق بولمىغاندا تىزگىنىدىن تۇتالمايسەن.

(121)

لَاغَرْوَ اَنْ يَرْتَفِعَ اولِي الْجَهْلِ وَيَنْحَطَّ الْعَالِمُ    فَقَدْ يَتَدَلَّى سُهَيْلُ وَيَسْتَقِلُّ النَّعَائِمُ

بىلىمسىز نادانلارنىڭ يۇقىرى ئورۇنغا چىقىشى، ئالىملارنىڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى بەزى چاغدا سۇهەيل يۇلتۇزى جەنۇبىي قۇتۇپتا بولغاندا تۆۋەنگە چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمما نە ئائىم دەپ ئاتىلىدىغان ئۇششاق يۇلتۇزلار ئالەمنىڭ ئوق مەركىزىدە تۇرىدۇ.

(122)

لَاتَصْلَحُ الْاُمُورُ اِلَّابِاُولِي الْاَلْبَابِ    وَالْاَرْجَاءُ لَاتَدُورُ اِلَّا عَلَى الْاَقْطَابِ

هەرقانداق مۇشكۇل ئىش پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى تەرىپىدىن يېشىلىپ كېتىدۇ. سەييارىلەرمۇ پەقەت ئۆز قۇتۇپلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.




(خەلق داستانى) *

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن تۇردى

رىۋايەتچىلەر ئاجايىپ-غارايىپ قىسسىلەردىن شۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇكى، شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك بولسا شاھ ئاسىم ئىبنى سەپۋاننىڭ ئوغلى ئىدى. بەدىئۇلجامال بولسا ئىرەم پادىشاھى شاھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ قىزى ئىدى. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ئاشىقى شەيدا ئىدى.

ئەلقىسسە، مىسىر شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئىسمى ئاسىم ئىبنى سەپۋان ئىدى. كۆڭلىدە ئەدل-ئادالىتى كۆپ، زۇلمى ئاز ئىدى. خۇداگۈي، زېھنى ساغلام كىشى ئىدى. لېكىن پەرزەنتى يوق ئىدى. شاھ ئاسىم بىر كۈنى تۇساتتىن مۇنداق ئويلىدى: «ئۆمرۈم يۈز يەتمىشكە يېتىپتۇ، مەندە ھازىرغىچە پەرزەنت بولمىسا، بىر كۈن قەزاۋۇ قەدەر يېتىپ، ئۆلۈپ كەتسەم مالۇ رەختىم، تاجۇ تەختىم كىمگە قالار؟». پادىشاھ شۇندىن كېيىن ئالەمدىن كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ، ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم ئېتىپ، ئاھ ئۇرۇپ، چىن ئىخلاس بىلەن خۇدايىتەئالاغا ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ئۇمەرالىرى ھەر كۈنى پادىشاھقا كۆرۈنۈشكە كەلدى. ئەمما كۆرۈشەلمىدى. پادىشاھنىڭ سالىھ ئىبنى ھەمىد ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىدى. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ۋەزىر تولىمۇ ئەقىللىق، ھەرقانداق ئىشتا كامالەتكە يەتكەن، تەدبىرلىك كىشى ئىدى. ئۇ پادىشاھقا:

— ئەي كەرەملىك پادىشاھ، ئۆزلىرىگە نېمە مۇشكۈلچىلىك دۇچار بولدى؟ نېمىگە بۇنچىۋالا پەرىشان بولدىلا؟ خۇدا ھەققى، قانداق ئەھۋال بولسا ئاڭلىساق، ئۇنىڭغا ئىلاج ۋە تەدبىر قىلساق، — دېدى.

پادىشاھ ھەسرەت چەككەن ھالدا:

* بۇ داستان ھىجرىيە 1315 - (مىلادى 1897 -) يىلى خوتەندە كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

— تۆت يۈز شەھەرستان مېنىڭ ئەمىر-پەرمانىمدا بولماقتا، ئۆمرۈم يۈز يەتمىش ياشقا يەتتى. ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجىم يوق. ئەمما مەندىن بىر پەرزەنت يادىكار قالغىنى يوق. ئۆلسەم خەزىنە دەپىنىلىرىم، تاجۇ دۆلىتىم كىمگە قالار؟ شۇڭا دۇنيادىن كۆڭلۈم سوۋۇپ، جاھاندارچىلىق ھەۋەسلىرىم يوقالدى، شۇنچە يىل ئادىللىق بىلەن پادىشاھ بولدۇم. ئەمدى بەس، قالغان ئۆمرۈمدە نەپسىمنىڭ خاھىشىدىن كېچىپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن بولغىنىم ياخشى. بۇ مەن ئۈچۈن مىڭ يىللىق پادىشاھلىقتىن ئەلاراقتۇر. چۈنكى بۇ دۇنيا ھېچكىمگە ۋاپا قىلغىنى يوق، — دېدى.

ۋەزىر تەزىم قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— جانابىي ھەزرەتلىرىگە بىرنەچچە دىبىر ۋە مەسلىھەتىم بار ئىدى، دېسەم بىئەدەبلىك بولىدۇ، دېمىسەم يۇرت ۋەيران بولغۇسىدۇر، — دېدى.

— ھەر نېچۈك سۆزۈڭ بولسا ئېيتقىن، — دېدى پادىشاھ.

ۋەزىر مۇنداق دېدى:

— ھەر تەرەپتە دۈشمەنلىرىمىز ناھايىتى كۆپ، ئۇلار ھامان بىر كۈنى لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا، ئىش قىيىن بولىدۇ. شۇڭا، كۈندۈزى تەختتە ئولتۇرۇپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سورىغايلا، كېچىسى تائەت-ئىبادەت قىلغايلا. شۇنداق قىلسىلا بەلكىم قۇدرەتلىك تەڭرىم مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا ياقتى. شۇندىن كېيىن پادىشاھ تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. ۋەزىر رەمبال مۇنەججىملەرنى يىغدى.

— ئەي رەمباللار، — دېدى پادىشاھ ئاسىم، — مېنىڭ ئېتىمغا قۇرئىنى سېلىپ، بىلىپ بېقىڭلار، بۇيۇك تەڭرى ماڭا پەرزەنت بېرەمدۇ-يوق؟

رەمباللار «بىسمىللاھىر-رەھمانىر-رەھىم» دەپ قۇرئىنى سالغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— ئەي كەرەملىك سۇلتان، يەمەن پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئالسىلا، تەڭرىنىڭ ئۇ قىزدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بار. بەلكىم پەرزەنت كۆرۈپ قالار ئىدىلە.

پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، مۇنەججىم، رەمباللارغا كۆپ ئىنئام-ئېھسانلار قىلدى. ئاندىن يۈز تۆگە ئالتۇن-كۈمۈش، يۈز تۆگە ھەر خىل ئەتىۋارلىق رەخت، يۈز تۆگە لەئلى-جاۋاھىرلارنى ئېلىپ، يۈز تۇپچاق ئات، ئۈچ يۈز نەپەر ئاي يۈزلۈك قىز ۋە باشقا كېرەكلىك جابدۇقلارنى تەييار قىلىپ، ياخشى-يامانىنى بىلىدىغان، ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرگەن دانىشمەن ئەمىرلەرنى بۇ ئىشقا تەيىنلىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەردى. بۇلارغا ۋەزىر سالىھ ئىبنى ھەمدىنى باش قىلدى.

سالىھ ئىبنى ھەمىد ئەللىك مىڭ كىشىنى باشلاپ، مىسىر شەھىرىدىن چىقىپ، نەچچە كۈن يول يۈرۈپ يەمەن شەھىرىگە يەتتى. بىر كۈنلۈك قالغاندا سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، ھەرخىل قۇشلار سايراپ تۇرغان، گۈللەر ئېچىلىپ دىماغنى مەست قىلىدىغان بىر گۈلىستانغا كېلىپ چۈشتى. بۇلارنىڭ كەلگەن خەۋىرى يەمەن پادىشاھىغا يەتتى. ئايغاقچىلار: «مىسىر تەرەپتىن

بىر بۆلۈك لەشكەر پەيدا بولدى. قەيەردىن كەلگەن ئەل ئىكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى ئۇقمىدۇق» دەپ مەلۇم قىلدى.

يەمەن پادىشاھى:

— يۆتكۈل سەھرا خەلقىنى شەھەرگە كۆچۈپ كىرسۇن، شەھەر دەرۋازىلىرى مەھكەم ئېتىلسۇن. مۇبارىزلار جەڭ ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلسۇن، — دەپ جاكارلىدى. نامدار باھادىرلارنى چاقىرىپ خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ مۇبارىزلارغا باشتىن-ئاياغ تون كىيدۇردى. نۇرغۇن ئىنئام-ئېھسانلارنى ۋەدە قىلىپ چىقاردى.

باھادىرلار جەڭ ياراقلىرىنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ ناغرا، كاناي، دۇمباقلارنى تەييارلاپ تەق بولۇپ تۇردى.

يەمەن پادىشاھى ئاشۇ ھالەتتە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى سالىھ ئىبنى ھەمىددىن ھېكايەت ئاڭلايلى.

ئەلقىسسە، سالىھ ئىبنى ھەمىد لەشكەرلىرى بىلەن يۆتكىلىپ يەمەن شەھىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۈشتى. ئاۋۋال ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئەمىرلەرنى تەييارلاپ نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار بىلەن يەمەن پادىشاھىنىڭ خىزمىتىگە بۇيرۇدى. بۇ ئەمىرلەر ناھايىتى كەمتەرلىك، ئاجىزلىق ۋە كىچىكلىك پېئىللىق بىلەن يەمەن پادىشاھىنىڭ ئالدىغا باردى، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، رەڭگارەڭ سوۋغىلارنى ئېلىپ كىرىپ، يەمەن شاھىغا تەقدىم قىلدى. مەكتۇپنى باشلىرىغا قويۇپ، تەزىم قىلىپ تۇردى. شاھ ئۇلاردىن ھاردۇق سورىدى. ئۇلار مەكتۇپنى پادىشاھقا باشلىرى بىلەن ئۇزاتتى. مەكتۇپنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى. خۇشال-خۇرام بولۇپ ئەلچىلەرنى ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن ئالىي ئوردىغا چۈشۈرۈپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز مېھمان قىلدى. ئەگەر بۇ مېھماندارچىلىقنى تەرىپلەشكە توغرا كەلسە مىڭدىن بىرىنىمۇ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايتتى.

شۇندىن كېيىن پادىشاھ توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىپ، پادىشاھانە جابدۇقلار راستلاشقا كىرىشتى. مېھمانلارغا بولسا ھەر كۈنى رەڭگارەڭ تون-سەرۇپايلارنى كىيدۈردى، ئۇلار كېچە-كۈندۈز شاراب ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىشتى. يەمەن پادىشاھى مىسىر پادىشاھىدىن كەلگەن مەكتۇپنى يۈز-كۆزىگە سۈرتۈپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەن ھالدا جاۋاب يازدى:

«ئەي بۈيۈك پادىشاھ، ئەي قەدىمىي سۇلتان، ئەي مۆھتىرەم باشپاناھ، ئەي ھاجەتمەنلەرنىڭ قىبلىسى، جاھان شاھلىرىنىڭ تاجى، جېنىمدىن ئەزىز قىزىمنىڭ موھتاجى، ئالەمنىڭ يەككە-يېگانىسى بولغان مىسىر پادىشاھى، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن. بۇ كەمىنە بەندە ۋە مۇخلىسلىرىغا كاتتا ئىلتىپات قىلدىلا. بۇ ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن تەزىم بەجا كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈر بولدى. ئۆزۈم كۈتمىگەن بۇ ئىلتىپاتتىن چەكسىز خۇشال بولدۇم. دوست-دۈشمەن ئارىسىدا ئابروي ۋە ئىززەتكە ئېرىشتىم. ھېلىغۇ بىر قىزىم بار. ئەگەر يۈز قىزىم بولسىمۇ جانابلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئەۋەتكەن بولاتتىم. ئۆزلىرىنىڭ ھەممە تەكلىپلىرىنى جان-دىل بىلەن قوبۇل قىلدىم. نامە تامام، ۋەسسالام» دەپ مىسىر پادىشاھىغا ئىبەردى.

ئاندىن كېيىن يەتتە كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، مەلىكە بانۇنى ئۆز يۇرتىنىڭ

قائىدە - رەسمىيەتلىرى بويىچە نىكاھ قىلىپ، يۈز قاتار تۆگىگە پادىشاھانە تون - سەرۇپاي-لارنى يۈكلەپ، يەتتە پىلىغا ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - ياقۇت، مەرۋايىتلارنى يۈكلەپ، يۈز نەپەر ئاي يۈزلۈك نازىنىنى قوشۇپ، ئاسىم شاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن مىسىرغا ئەۋەتتى. ۋەزىر سالىھ ئىبنى ھەمىد خۇشال بولۇپ ئەللىك مىڭ لەشكىرى بىلەن تويىنى تۈگىتىپ، يولغا راۋان بولدى.

نەچچە كۈندە شەھەرمۇ شەھەر، ۋىلا-يەتمۇ ۋىلايەت يۈرۈپ مىسىر شەھىرىگە يېقىن كەلدى. يەمەن پادىشاھىنىڭ ئەلچى-سى ئالدىن كېلىپ، مىسىر پادىشاھىغا مەك-تۇپنى بېرىپ، پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈن-دۈردى. پادىشاھ يارلىق قىلىپ:

— ئەي يۇرت خەلقى، مېھمان كېلى-ۋېتىپتۇ، ئالدىغا چىقىڭلار، — دېدى.

يۇرت خەلقى پادىشاھانە سەرۇپايلار كىيىپ تۇپچاق ئاتلارنى مىنىپ، تامام ۋەزىر - ئۆلىمالار ئۆزلىرىنى ياساپ، كىي-مىگەن ئىگىنلىرىنى كىيىشىپ، مىنمىگەن ئاتلىرىنى مىنىپ، ئۇلاش - چۇلاش ھالدا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۈچ كۈنلۈك يولغىچە ئالدىغا بېرىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ، ئوردا ئالدىغا چۈشۈردى. مېھمانلار تارقى-غاندا پادىشاھ قىز قېشىغا كىرىپ كۆرۈش-تى. شاھ ئۇنى كۆرگەن ھامان ئاشىق بولدى. مەجلىس تۈزۈپ، شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى، دىماغلىرى قىزىپ پەر-دىنى تارتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشنى بېزىشقا تىل ئاجىزدۇر. پادىشاھنىڭ خۇشال-لىقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتتى. قىز شۇ كېچە ھامىلدار بولدى. بۇ ھالدا رەمبال، مۇنەججىم، ئۆلىمالارغا ئىنئام ۋە ئېھسان قىلماق لازىم ئىدى. بىراق پادىشاھ ئۇنى-تۇپ قالدى. چاھارباغ مېۋىلىرىگە باشلى-غۇچىلارنى ئۇنتۇتقان سەۋەبتىن، تەڭرى ھىجران دەشتىدىن دان ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ جىگىرىگە تىك-تۈردى. ھەركىم خەير ئېھسانىنى تەرك قىلسا، خەزىنە - دەپىنىنى ئۆزىگە كۆتۈر-تۇپ ئېلىپ بېرىپ، لەشكەر ۋە خەلقى بىلەن قوشۇپ دەرياغا يۈتتۈرغۇسىدۇر. ئالىملارنى خار كۆرگۈچىلەرنى تەڭرى ئاخىر بىر بالاغا گىرىپتار قىلغۇسىدۇر. سىدقى دىل بىلەن ھەر ئىشقا قەدەم قويسا ئاخىر مۇرادىغا يەتكۈسىدۇر.

ئەلقىسسە، قىز توققۇز ئاي ئون كۈن-دىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى. چىرايى ئاپتەپتەك نۇرلۇق ئىدى. سائادىتىگە ئالەم خەبەردار ئىدى. ئالەمدە ھېچكىم ئاڭا تەڭ ئەمەس ئىدى. شۇ كېچە ۋەزىر سالىھ ئىبنى ھەمىدنىڭ ئايالىمۇ بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇمۇ ئاپتاپ كەبى نۇرانە ئىدى. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ «ۋەزىر پەرزەنتىنى ئېلىپ كەلسۇن» دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ۋەزىر سالىھ پەرزەنتىنى ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ ئۆز ئوغلىغا «سەيپۇلمۇ-لۇك» دەپ ئات قويدى. ۋەزىرنىڭ ئوغ-لىغا «سائىد» دەپ ئات قويدى. بۇ ئىككى ئوغۇل ئېمىكداش بولدى. نەچچە زامان ئۆتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى يەنە پاد-شاھ رەمبال، مۇنەججىملەرنى يىغىپ:

— باللارنىڭ ئېتىغا قۇرئى سېلىڭلار، بولارغا دۇچ كېلىدىغان ھەرقانداق ھادى-سىدىن خەۋەر بېرىڭلار، — دېدى.

رەمباللار قۇرئى سالغاندىن كېيىن:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، شاھزادىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولىدۇ،

ئەمما ئون تۆت ياشقا يەتكەندە بىر چوڭ
ھادىسىگە يولۇقىدۇ. يۈز مىڭ مېھنەت-
مۇشەققەتلەر بىلەن مۇراد-مەقسىتىگە يېتىپ
يەنە مىسىرغا پادىشاھ بولىدۇ، — دېيىشتى.

پادىشاھ بۇ سۆزدىن پەرىشان بولدى
ۋە ئۇلارنى پال سېلىشقا بۇيرۇغىنىغا
پۇشايمان قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ رەم-
بال-مۇنەججىملەرگە ئىنئام بەردى. ئۇلار-
نىڭ كۆڭلى خۇشال بولۇپ: «ئەي تەڭرىم،
بۇ مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغىن» دەپ
دۇئالار قىلدى. ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىجا-
ۋەت بولدى. تەڭرى سەيپۇلمۇلۇكنى دەر-
يانىڭ زۇلمىدىن ساقلاپ مۇشكۇلنى ئاسان
قىلغۇسىدۇر.

ئەلقىسسە، شاھزادە سەيپۇلمۇلۇكنى
ناھايىتى ئەتىۋارلاپ باقتى. ئۇ يەتتە ياشقا
كىرگەندە مەكتەپكە بەردى. ئىلىم-ئەدەب
ئۆگەندى، ئات چاپتۇرۇش، ئوق ئېتىش،
قىلىچ چېپىش، شاھمات ۋە قارت ئوي-
ناشقا كامىل ۋە مۇكەممەل بولدى. ھەر-
قانداق ھۈنەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ھەم-
مىسىنى ئۆگەندى. ھۆسنى جامالدا كىشى-
لەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. پۈتكۈل
خەلق ئۇنىڭغا ئاشىق شەيدا ئىدى. شاھ-
زادە قاچانكى جاھاننى تاماشا قىلىشقا
چىقسا، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ھۆسنىنى تاماشا
قىلىشقا چىقاتتى. شاھزادە ئون تۆت
ياشقا يەتتى. پادىشاھ شاھزادىگە بىر ئالىي
ئوردا بىنا قىلدۇردى، بۇنداق ئىمارەت
يەر يۈزىدە ئەسلا يوق ئىدى. پادىشاھ
بىر كۈنى تامام خەلقنى يىغدۇرۇپ، مېھ-
مان قىلدى ۋە شاھزادىنى سائىد ۋە باشقا
ھەمساۋاقلىرى بىلەن بىللە چاقىرىپ زىيا-
پەت بەردى. شاھزادىنىڭ ھەممە ئىشلىرى
ۋە سۆزلىرى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ



كەتتى. پادىشاھنىڭ قىزغىنلىقى ئېشىپ
خەزىنىچىلەرگە: «پالانى رەڭلىك ساندۇقنى
كەلتۈر» دېدى. ساندۇق كەلتۈرۈلدى. شاھ
ئۆز قولى بىلەن ئاچتى. ساندۇقتىن بىر
تون، بىر ئۈزۈكنى ئېلىپ، يۈز-كۆزىگە
سۈرتۈپ ئوغلىغا بەردى. بىر ئات كەلتۈر-
دى، ئاتنى سائىدغا بەردى. ئۇلار شاھقا
تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى. يەنە بىر مەزگىل
ئىچىشتى، ئاندىن پادىشاھ ئۇلارغا رۇخسەت
بەردى. ئۇلار ھۇجرىلىرىغا قايتىشتى.
ھۇجرىدا بىر پەس ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن
شاھزادىنىڭ سائىدتىن باشقا ھەمراھلىرى
قايتىشتى، شاھزادە بۇ ھۇجرىدا سائىد
بىلەنلا قېپقالدى. بىردەمدىن كېيىن
سائىد ئۇخلاپ قالدى. شاھزادىنىڭ ئۇيقۇ-

سى كەلمىدى، ئۆلتۈرۈپ زېرىكتى، تۈننى ئېچىپ كۆردى، تۈندا بەدىئۈلجامالنىڭ سۈرەتىنى كۆردى، ئاشىق شەيدا بولدى، كۆپ ئاھ-دەرد تارتىپ بېھوش بولدى، يەنە ھوشىغا كەلدى. سائىددىن ئۆيىلىپ يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ، تېنىگە سوغۇق سۇ سەپتى. باغرىنى ھۆل يەرگە يېقىپ ياتتى. شۇ سۈرەتنىڭ ئىشقىدا شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتىشىپ قۇرۇق ئوتۇنغا ئوخشاش يالقۇنجاپ يېنىپ، كۆيۈك دەردىدە پەرياد قىلغۇر ئىدى. سائىد ئۇيقۇدىن بىدار بولدى. قارىسا شاھزادە يوق، ھەيران بولۇپ ھەر تەرەپنى ئىزدەپ تاپالمىدى. بىر پەس ئويلاپ تۇرۇۋىدى، يەنە بىر ئۆيدىن ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. كىرىپ قارىسا، شاھزادىنىڭ باغرى چاك، كۆڭلى غەمناك بولۇپ يېتىپتۇ. چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ، بېھوش بولۇپتۇ. سائىد شاھزادىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ بىر بېشىغا، بىر ئايىغىغا يۈگۈردى. بېشىنى تىزىغا ئېلىپ يېڭى بىلەن يۈز-كۆزىنى سۈرتتى، كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا شاھزادىدىن:

— ئەي مېنىڭ غەمگۇزارىم، كېچە-كۈندۈز سىرداش بولغان ھەمراھىم، قانداق ھاۋايى ھەۋەسنىڭ تەتۈر شامىلى سېنىڭ كۆڭلۈڭگە تەسىر قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

شاھزادە جاۋاب بەرمىدى. يۈز-كۆزلىرىگە ئۇرۇپ شۇنداق نالە قىلدىكى، يەر ۋە ئاسمان لەرزىگە كېلىپ، دەريالار شاۋقۇن سالدى، سائىد بىئىلاج بولدى. پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، ئەھۋالنى ئەرز قىلدى. پادىشاھقا يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى، تېزدىن ئوغلى قېشىغا كەلدى. ئوغلىنىڭ ئۆز جىسمىنى يوق قىلغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شىپا تېپىشىغا ئالدىراپ، كۆپ سايى-سەۋەبلەرنى قىلدى. لېكىن پايدا بولمىدى. بۇ ۋاقىتلاردا قۇدرەتلىك تەڭرى ھىجران ئۇرۇقىنى پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ جىگىرىدە ئۈندۈرۈپ، ھەر سائەت بەلگىلىرىنى شاخلاتقان بولسا كېرەك.

بەس، تەقدىر ئىشىغا ھېچ تەدبىر تېپىلمىدى. شاھزادىنىڭ ھالى كۈندىن-كۈنگە خاراب، جىگەرلىرى كاۋاپ بولدى. رەڭگى-رويى سارغايدى. پادىشاھ كۆڭلىدە: «رەممالىلار بۇ بالا ئون تۆت ياشقا يەتكەندە بىر چوڭ ھادىسە يۈز بېرىدۇ دېگەنىدى، بۇ ھادىسە شۇ ئوخشايدۇ» دەپ جەزم قىلدى. ھەممە خالايىق شاھزادىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. سالىھ ئىبنى ھەمىد:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سائىد بارسۇن، شاھزادىنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلسۇن، شاھزادىنىڭ سىرىنى كىشىگە ئېيتماسلىققا شەرت قىلسۇن. شۇنداق قىلسا شاھزادە ئۆز دەردىنى سائىدقا ئەلۋەتتە ئېيتار، ئەگەر ئېيتمىسا سائىد: «ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ، قورقۇتسۇن، — دېدى.

بۇ مەسلىھەت بارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەرگە ماقۇل كەلدى. ئۇلار سائىدنى بۇ ئىشقا بۇيرۇدى. سائىد شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي سىردىشىم، — دېدى ئۇ شاھزادىگە، — ھازىرغىچە بىللە ئويناپ، بىر ئانىنى ئىمىپ چوڭ بولدۇق، ھېچقانداق سىرنى مەندىن يوشۇرمايتتىڭ، بىللە ئەمگەن ئاق سۈت ھەققى، سېنىڭ نېمە سىرىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەر.

سائىد شاھزادىنى قاتتىق قىستىدى،
لېكىن سىرنى ئېيتقۇزالمىدى. قانچىلىغان
سۆزلەرنى دەلىل كەلتۈرۈپ ۋەدە بەرگەن
بولسىمۇ، شاھزادە ئىشەنمىدى. سائىد قولىغا
خەنجەر ئېلىپ:
— ئەي شاھزادە، مەندىن رازى
بولۇڭ، سىرنى مەندىن يوشۇردىڭىز، ئىزا
تارتتىم، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

خالق ئارا يۈز مىڭ ئەلەمدىن، ئۆلگىنىم
كۆپ ياخشىدۇر.
كۆندە مىڭ تولغانغىچە، بىر سىنغىنىم مىڭ
ياخشىدۇر.

ئاندىن خەنجەرنى كۆكسىگە قويدى. سائىدنىڭ
كۆكسىدىن جان سۇيۇقلۇقى (قان) چىقتى.
شاھزادە دەرھال قوپۇپ دوستىنىڭ قولىنى
خەنجەر بىلەن بىللە قوشۇپ تۇتتى.
— بىر ئاز سەۋر قىلغىن، — دېدى ئۇ
سائىدقا.
سائىد بىردەم سەۋر-تاقەت قىلىپ
تۇردى. شاھزادە يەنە ئېيتمىدى. سائىد
خەنجەرنى يەنە كۆكسىگە تەگلىدى. شاھ-
زادە يەنە سائىدنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:
— سەۋر قىلغىن، سائىد، مەن ئېيت-
سام، سەن يەنە باشقىلارغا ئېيتىسەن، مەن
پەست ئېيتسام، سەن ئۈنلۈك ئېيتىسەن، —
دېدى.
سائىد:
— مەن ئىشەنگەن دوستۇم ماڭا
ئىشەنمەي بىر ئېغىز سۆزنى مەندىن
يوشۇرغىچە بولسا، مەن بۇنداق ھاياتنى
نېمە قىلاي، — دەپ، يەنە خەنجەرنى
كۆكسىگە ئۇدۇل قىلدى. شاھزادە دەرھال
ئۇنىڭ قولىنى توستى:
— ئەي مېھرىبان دوستۇم، ئەي
قەدىرلىك ئۆلپىتىم، مەن كۆرگەننى سىز
كۆرسىڭىز، مەندىن زىيادە رەسۋا بولىسىز.
ئاتام بەرگەن تويدا بىر مەھبۇب دىلرا-
بانىڭ سۈرىتىنى كۆردۈم، ئۇ سۈرەتكە ئاشىق
بىقارار بولدۇم. بۇنى كۆتمىگەندە باشقى-
لارغا ئاشكارا قىلسام، بىر سۈرەت ئۈچۈن
يىغلاۋاتقىنىمنى باشقىلار بىلسە، ئۇلارنىڭ
مالامەت ۋە مەسخىرە ئوقىغا نىشانە بولۇپ
قالىمەن دەپ، بۇ سىرنى يوشۇرغاندىم، —
دېدى.
يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:
بىر ئايال بار ئىدى. ئىنتايىن ئاقىل ۋە
مەككار ئىدى. يېتىلگەن ھەييار ئىدى،
ھەممە ئىشقا تەييار ئىدى. ئۇ ئايال بۇ
ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پادىشاھقا:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرى
مەن كېنىزەكلىرىگە ئىنئام-ئېھسان قىلى-
سىلا، ئىنشائاللا، شاھزادىنى مەن سۆز-
لەتسەم ئەجەب ئەمەس، — دېدى.
پادىشاھ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا
ئىنئاملار بەردى ھەمدە كۆپ ۋەدىلەر
قىلىپ، ئۇ ئايالنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا
ئېلىپ كەلدى. ئايال ئاجايىپ شېرىن
سۆزلەر بىلەن تۈرلۈك ئەپسانىلەرنى سۆز-
لەشكە باشلىدى:
— ئەي شاھزادەم، — دېدى ئۇ سەي-
پۇلمولۇككە، — «دەردى يوق كېسەك،
ئىشقى يوق ئېشەك» دەيدىغان تەمسىل
بار. بۇنداق ئىشلار ھەركىمنىڭ بېشىغا
تولا كەلگەن. چوغنى پاختا ئارىسىدا ساق-
لىيمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس، ھامان
ئاشكارا بولغۇسىدۇر. ئىچ سىرىڭىزنى ئېيت-
ماي قىينىلىۋاتقىنىڭىزغا نەچچە كۈن
بولدى. غەرەزنى ئوقماي تۇرۇپ مەقسە-
تىڭىز ھاسىل بولامدۇ؟ يىغلاش بىلەن
ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. كۆلمەك ئەرلەرنىڭ

ئېشى، يىغلىماق ئاياللارنىڭ ئىشى. بۇ
سىرنى يوشۇرغىنىڭىز خۇددى زەرگەر
ئوغۇل بىلەن خان ئايىمنىڭ ھېكايىسىگە
ئوخشايدۇ، — دېدى.

— ئېيتقىنچۇ، ئۇ قانداق ھېكايە، —
دېدى شاھزادە.

ئۇ ئايال ھېكايىسىنى مۇنداق
باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر زەرگەر يىگىت
بار ئىدى. ھۆسن جامالدا، ئۇنىڭ بارا-
بىرىدە ھېچ كىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا
تېخى مەجنۇنلۇق ئوتى تۇتاشمىغان بولۇپ،
بۇنداق ئىشتىن بىخەۋەر ئىدى. يىگىت
ھەمىشە ئۇنچە جاۋاھىر ساتاتتى، ئۇنىڭغا
ئاشىق بولغانلار يىگىتنىڭ دۇكىنى ئەترا-
پىدا «ئاھ»، «ۋاھ» دەپ ياتاتتى. ئۇنىڭ
رۇخسارىنى تويلىشىپ كېلىپ كۆرەتتى.

ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بىر قىزى
[ب]ار بولۇپ، خۇددى قۇياشتەك نۇرانە ئىدى.
[ئ]ون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا قارىسا، ئاي
خىجالەتتىن بۇلۇت ئارىسىغا قاچار ئىدى.
قىز بىر كۈنى مونچىغا باردى، يېنىپ
كېلىۋاتقىنىدا يولدا تەتۈر شامال چىقىپ،
مەپىنىڭ پەردىسىنى ئېچىۋەتتى. بۇ پۇر-
سەتتە مەلىكىنىڭ كۆزى زەرگەر يىگىتنى
كۆرۈپ قالدى. كۆرگەن هامان مەلىكىگە
ئىشقىنىڭ ئوقى تېگىپ، بىھوش بولدى.
يېنىدىكى خىزمەتچىلىرى بۇنىڭدىن بىخە-
ۋەر ئىدى. ئۇلار قىزنى ئوردىغا ئېلىپ
كەلدى. ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، مەلىكە
ھوشىغا كەلدى. ئىنىكئانىسى مەلىكىگە
قارىغانىدى، مەلىكىنىڭ يۈزى سارغىيىپ
تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئانا ئۇنىڭ
ئىشقى ئوتىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى
پەملىدى.

— ئەي قىزىم، ئەپتىڭىز ئۆزگىرىپ
قاپتۇ، نېمە مەقسىتىڭىز بولسا ئېيتىڭ،
تەدبىر - مەسلىھەت بىلەن بولامدۇ ياكى
پۇل - مال بىلەن بولامدۇ، بىر ئىلاجى
قىلايلى، ھېڭىزنى ساپ ۋە تازا
تۇتۇڭ، — دېدى.

مەلىكە ھېچنېمە دېمىدى. بىراق
ئىنىكئانا كوچىلاپ سوراۋەرگەچكە ئاخىر
ئەھۋالنى ئېيتتى.

— تۇساتتىن بىر تەتۈر شامال
چىقىپ، مەپىنىڭ پەردىسىنى ئېچىۋەت-
تى - دە، كۆزۈم تۇيۇقسىز بىر ئاپتاپ تەل-
ئەتلىك يىگىتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇنى
كۆرگەن هامان، بۇ ھالەتكە گىرىپتار بول-
دۇم. ئۇ يىگىتنىڭ ياكى ھۆر ياكى پەرى
نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم.

— ئەي قىزىم، — دېدى ئىنىكئانا، —
بۇ تەس ئىش ئەمەس، سىز زەرگەر يىگىت-
نى كۆرگەن ئوخشايسىز.

ئىنىكئانا مەلىكىنى پۇقراچە
كىيىملەر بىلەن ياساندۇرۇپ، زەرگەر
يىگىتنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ كەلدى. ئىنىك-
ئانا مەلىكىنىڭ يۈزىنى ياپتۇرۇپ، ناز-
كەرەشمىلەرنى قىلغان ھالدا دۇكانغا كىر-
دى. يىگىت ھەرخىل جاۋاھىرلارنى
ئېلىپ، مەلىكە بىلەن ئىنىكئانىغا كۆر-
سەتتى. مەلىكە بەزىسىنى تاللىتىپ ئالدى،
بەزىسىنى ياندۇرۇپ بەردى. بىر پەستىن
كېيىن ئىنىكئانا زەرگەر يىگىتنى خەۋەر-
لەندۈرۈپ قويۇپ، مەلىكىنىڭ يۈزىدىن
نىقابىنى ئاچتى. زەرگەر يىگىتنىڭ كۆزى
مەلىكىگە چۈشۈش بىلەنلا بىر سوغۇق ئاھ
تارتتى - دە، بىھوش بولۇپ يىقىلدى.
مەلىكە بۇنى كۆرۈپ بىرمۇنچە يىغنە، بىر
قاشتېشىنى زەرگەر يىگىتنىڭ قويىنىغا

سېلىپ قويۇپ كەتتى. يىگىت بىر سائەت-
تىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. قارىسا قوي-
نىدا بىرەۋنىچە يىگىنە، بىر قاشتېشى
تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران ۋە سەرگەردان
بولۇپ، چىرايى سارغىيىپ كەتتى. يىگىت
ئاشىقانە ئاۋازدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

دەۋاسىز دەردكە بىچارە زەرگەر مۇپتىلا بولدى
نازاكەت بابىدا يەكتا يىگىت ئەردى ئادا بولدى.
كىشىگە بولسا ئاشىق ھەركىشى، ھەرگىز تاپاقلىماق
سېرىدىغ بولدى چىرايى ئاشىقى سادىق راسا بولدى.

يىگىت دۇكاننى يىغىپ ئۆيىگە كەل-
دى، زەرگەرنىڭ ئايالى ناھايىتى زېرەك
ۋە سەممىي ئىدى. ئەقىل بابىدا ھەرقان-
داق دانىشمەنلەرمۇ ئۇنىڭغا شاگىرت ئىدى.
ئايال ئېرىنىڭ سارغىيىپ ھالىدىن كەتكەن
چىرايىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ، كىمنىڭ ئىشق
ئوقىنى تەگكۈزۈۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

يىگىت:

— قانداق قىز ئىدىكىن، مەن دۇكان-
دا ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئىشق ئوتىدا
خەس - خەشەكتەك كۆيىدۇم، ئاھ، قانداق
قىلاي، بىچارە بولدۇم، ئۇنىڭ دەردى
پىراقى بىلەن ئۆلىدىغان بولدۇم، — دەپ
نالە - زار قىلدى.

ئۇ ئايالنىڭ ئېرىگە ئىختىيارسىز ھالدا
رەھمى كەلدى. چۈنكى ئۇ كۆڭلى كەڭ،
رەھىمدىل، باغرى يۇمشاق، سەۋرچان ئايال
ئىدى. شۇڭا ئۇ يىگىتتىن سورىدى:

— ھېچ بىر نىشانە قويۇپ قويماپتىمۇ؟

يىگىت:

— بىرنەچچە يىگنە، بىر قاشتېشى
قوينۇمدا تۇرىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا پادىشاھنىڭ قىزى
ئىكەن، — دېدى ئايالى.

يىگىت:

— بۇنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ
سورىدى.

— قالدۇرغان نىشانلىرىدىن بىلدىم، —
دېدى ئايال جاۋاب بېرىپ، — يىگنىدىن
مەقسەت شۇكى، ئەگەر مېنى ئىزدىمەكچى
بولساڭ يىگنەپۈرۈچلار كوچىسى بىلەن
كەلگىن دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ كوچا بىلەن
پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بارغىلى بولىدۇ.
قاشتېشىدىن مۇراد شۇكى، مېنى ئىزدەپ
كەلسەڭ ئوردىنىڭ ئالدىدىكى قاشتېشىدىن
ياسالغان شاھانە سۇپىغا كەلگىن دەپتۇ.
ئەگەر سىز مەندىن رازى ۋە مىننەتدار
بولىدىغان بولسىڭىز، بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى
مەن قىلاي.

زەرگەر يىگىت:

— ئەگەر سىز مەندىن رەنجىمەي،
بۇ ئىشقا ئامال قىلسىڭىز، مەن سىزدىن
ئىككىلا ئالەم رازى ۋە مىننەتدار بول-
مەن، — دېدى.

— بەس، ئۇنداق بولسا ئاشۇ سۇپىغا
بېرىڭ، مۇرادىڭىزغا يەتكەيسىز، — دېدى
ئايالى.

بۇ بىچارە يىگىت يىگنەپۈرۈچ-
لارنىڭ كوچىسى بىلەن يۈرۈپ، ئوردا
ئالدىغا باردى. ئاندىن ئۇ سۇپىنى كۆردى.
مەلىكىنىڭ سۇپىسى خۇددى قاشتېشىدەك
سۈزۈك، داقىيانۇسنىڭ تۇراسىدەك ئېگىز
ئىدى. يىگىت يۈز مىڭ مۇشەققەتلەر
بىلەن سۇپىغا چىقتى. قاراپ ئولتۇر-
غانىدى، بىر سائەتتىن كېيىن مەلىكە
راۋاقتىن چىقىپ بىر قاراپ قويۇپ كىرىپ
كەتتى. بىر پەستىن كېيىن مەلىكە قولىدا

بىر ئەينەك ئېلىپ چىقىپ، ئەينەكنىڭ بىر ئالدىنى، بىر كەينىنى كۆرسىتىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. يەنە بىر پەستىن كېيىن قولىدا بىرئاپتوۋا سۇ ئېلىپ چىقىپ، سۇنى تۆكۈۋېتىپ كىرىپ كەتتى. يەنە بىر پەستىن كېيىن، بىر تارغاق ئېلىپ چىقىپ، چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپ كىرىپ كەتتى. يەنە بىر مەھەلدىن كېيىن قولىدا بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ چىقتى-دە، بىرئاز توختاپ تۇرۇپ، قايتىپ كىرىپ كەتتى. يىگىت يەنە چىقار دەپ كۆز تىكىپ ئولتۇردى. مەلىكە چىقمىدى. ئولتۇرا-ئولتۇرا، كەچ بولدى. يىگىت ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئىلاجسىز يىغلا-يىغلا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئايالىغا كۆرگەن ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. ئايالى:

— مەلىكىنىڭ ئىما-ئىشارەتلىرىنى چۈشىنەلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچ زېھنىمگە ئالالمىدىم، — دېدى يىگىت.

ئايالى كايىپ:

— ھەي ئەخمەق، بۇنچىلىك ئاددىي ئىشنى زېھنىڭگە ئالالمىساڭ، قانداقمۇ ئاشىق بولالايسەن؟ بىلگىنكى، ئۇنىڭ ساڭا ئەينەكنىڭ ئوڭ يۈزىنى كۆرسەتكەنلىكى: سېنى كۈندۈزى كېلىپسەن دېگەنلىكى؛ ئاندىن چەپ يۈزىنى كۆرسەتكەنلىكى: كېلەر بولساڭ كېچىدە كەلگىن، ئاشىقلار ئىشلىرىغا كېچە ئەڭ مۇۋاپىق دېگەنلىكى بولىدۇ. ئاپتۇۋىدىكى سۇنى تۆككەنلىكى مۇبادا كېلەر بولساڭ، ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن كەلگىن دېگىنىدۇر. تارغاقنىڭ چىشىنى سۇندۇرغانلىقى سۆڭگۈچلەرنىڭ قوزۇقلىرىنى ئۈشتۈپ كېلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بىر دەستە گۈلنى كۆرسەتكىنى مۇبادا مەن چىققۇچە كېلىپ قالساڭ گۈللۈكتە ساقلاپ ئولتۇرۇڭ دېگىنى بولىدۇ، — دېدى.

ۋاقىت كەچ بولدى، ئايال ئېرىنى چاھارباغقا ئەۋەتتى. يىگىت مەلىكىنىڭ ئېيتقان ئىشارىتى بويىچە بېرىپ، گۈللۈكتە ساقلاپ ئولتۇردى. خېلى ئۇزۇن كۈتكەن بولسىمۇ، مەلىكە چىقمىدى. زەرگەر يىگىت ئىنتىزارلىق ئىلكىدە ھەيران بولدى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تەلمۈرۈپ تۇردۇم يولىغا مەشۇقۇم تېز چىقمىدى.
خەستەدىلنى شاد ئېتەرگە ئول شېكەرريز چىقمىدى.
ۋەدە بەردى بۇ كېچە پۇرسەت چىققايمە دەپ
شۇنچە تارتتىم ئىنتىزارلىق خانىكا قىز چىقمىدى.

يىگىت ئاھۇ-پەرياد قىلىپ ئولتۇرا-ئولتۇرا، ئۇيقۇنىڭ لەشكىرى غالىپ كېلىپ يىگىت ئۇخلاپ قالدى.

مەلىكە ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ئەل ئايىغىنى جىمىقتۇرۇپ، راۋاقتىن چۈشۈپ گۈللۈككە كەلدى. قارىسا زەرگەر يىگىت ئۇخلاپ قاپتۇ. چىققىنىغا پۇشايمان قىلىپ يىگىتنىڭ قوينىغا بەش-ئالتە ياڭاق سېلىپ قويۇپ، يېنىپ كىرىپ كەتتى. يىگىت بىرەر سائەت ئۇخلاپ ئويغاندى. ھەر تەرەپتە توخۇلار چىللاپتۇ، مۇئەززىنلەر ئەزان ئوقۇۋېتىپتۇ. يىگىت: «مەلىكە چىقمىغان ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلدى. ئۇ ئورنىدىن قوپقانىدى، شاراق-شۇرۇق ئاۋاز چىقتى، قارىسا قوينىدا بەش-ئالتە ياڭاق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ، يۈرەك باغرىدىن سوغۇق ئاھ تارتىپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ۋادەرىغا، مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۆلسەم كاشكى.
ھىجرى تىغىدا يۈرەكنى ئىككى بۆلسەم كاشكى
ھەممە يەرگە خۇددى سەيياددەك قۇرۇپسەن

دام - توزاق

قۇش كەبى چۈشسەم توزاقىڭغا ئىلىنسەم كاشكى.

قەتل قىلساڭ كىرپىكىڭ تىغى بىلە، ئەي ماھۋەش،
نۇش ئېتىپ ئابى ھاياتىڭدىن تىرىلسەم كاشكى.

تاتىرىك بولسام سېنى شامۇسەھەر ئىزدەپ يۈرۈپ،
خۇددى بىر دىۋانە ئىتتەك كەينىڭدە يۈرسەم كاشكى.

— ھەي بەختسىزلىكىم، شور پېشانەم، — دېدى يىگىت، — تەلىيىم تەتۈر بولمىسا ئۇخلىماس ئىدىم، — دەپ ئۆزىنىڭ كۆكسىگە ئۆزى مۇشتلاپ يىغلىغان ھالدا ئۆيىگە ياندى. يولدا نەچچە يەردە مۇدۇرۇلۇپ يىقىلىپ، سۇلارغا چىلىشىپ، پاتقاقلارغا مىلىنىپ قايتىپ كەلدى.

— ئەي يىگىتىم، — دېدى ئايالى ئۇنىڭغا، — نېمانچە ھېرىپ كەتتىڭىز، ئاشىقلىق قىلغانلىقىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن.

يىگىت ئايالىغا:

— مەن ئۆلدۈم، يەنە ئۆلتۈرەي دەمسەن؟! — دەپ كۈللۈكتە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى، ئويغىنىپ قارىسا قوينىدا بەش - ئالتە ياڭاق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، يۈزمىڭ مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى.

— ھەي دىۋەڭ، — دېدى ئايالى، — ئۇخلىماي ئولتۇرۇڭ دېمىگەنمىدىم؟ ئىسسىت، مەلىكە چىقىپ، سىزنى ئويقۇلۇق كۆرۈپ، يېنىپ كىرىپ كېتىپتۇ. قوينىڭىزدىكى ياڭاقلاردىن نېمىنى چۈشەندىڭىز؟ —

— ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم، — دېدى زەرگەر يىگىت.

ئايالى ئۇنىڭغا:

— مۇنداقمۇ «چىچەن» بولارسىزمۇ؟ مېنىڭ پەمىمچە، مەلىكە سىزنى «سەن كىچىك بالا ئىكەنسەن، بېرىپ كۆدەك باللار بىلەن ياڭاق ئويناڭ، ئاشىقلىققا يارىمايدىكەنسەن» دەپتۇ. بۇ ئاخشام يەنە بارغىن، زىنھار ئۇخلىمىغىن، ئەگەر ئۇخلاپ قالساڭ، بۇ قېتىم جەزمەن سېنى ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى. ئاندىن يىگىتنىڭ چىمچىلاق قولىنى كېسىپ، يارا ئۈستىگە تۇز سېپىپ قويدى. بىچارە يىگىت يەنە كېلىپ كۈللۈكتە ئولتۇردى، بىر تەرەپتىن قولىنىڭ ئاغرىقى، يەنە بىر تەرەپتىن مەلىكىنىڭ دەردى قوشۇلۇپ يىگىتنى قىيناشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇ ئۇخلىماي يىغلاپ ئولتۇردى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە چىقىپ كەلدى. قارىسا، يىگىت ئويغاق ھالدا مەلىكىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ جامالىغا خېرىدار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. يىگىت مەلىكىنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ قوپۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى.

مەلىكە:

— ئەي يىگىت، بۇ قېتىم ئۇخلاپ قالغان بولساڭ سېنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم، — دەپ ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ، ئوردىغا ئېلىپ كىردى. ئاندىن شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى، مەجلىس ئەۋجىگە چىقتى، ئۇلارنىڭ مېڭىلىرى قىزىدى. ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە خۇشال - خۇرام ئۆتتى.

بۇ كۈنلەردە مەلىكىنىڭ دادىسى ئوۋغا چىقىپ كەتكەن، شەھەرنى ۋەزىرگە تاپشۇرغانىدى، ۋەزىر: «مەن ھەممە تەرەپتىن خەۋەردار بولۇۋاتىمەن. ئەمما ئوردىدىن بىخەۋەر قاپتىمەن» دەپ ئويلاپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن مەلىكىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كەلدى. ۋەزىر ئۆگزىگە چىقىپ قارىسا، مەلىكە بىر يىگىت بىلەن بەزمە

تۇزۇپ، ئويۇن-كۈلكىگە مەشغۇل بولۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ ھوشى كاللىسىدىن ئۇچتى، قونجىغا ئوت چۈشتى، ئۆگزىدىن چۈشۈپلا زەرگەر يىگىت بىلەن مەلىكىنى تۇتۇپ، زىندانغا سالدى، مەلىكە زەرگەر يىگىتكە:

— ۋاي ئىست، ئاجايىپ قاباھەتلىك ئىش بولدى. قانداق قىلارمىز؟ ئەي يىگىت، مەن قىلغان ئىما-ئىشارەتلەرنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟ — دېدى.

— بۇلارنى ماڭا ئايالىم ئۆگەتكەن، شۇ ئارقىلىق جامالىڭىزغا مۇشەررەپ بولغاندىم، — دېدى يىگىت جاۋاب بېرىپ.

مەلىكە ناھايىتى خۇشال بولدى. زىندان قاراۋۇلنى چاقىرىپ:

— ئەي ئاكا، قۇلاق ۋە بويۇنۇمدىكى زىبۇ-زىننەتلىرىمنى سىزگە بېرەي، بىر خىزمىتىم بار قوبۇل قىلغايسىز، — دەپ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى زىندان قاراۋۇلغا بەردى.

زىندان قاراۋۇلى خۇشال ھالدا خىزمەتكە تەييار بولۇپ تۇردى. مەلىكە:

— ئەي ئاكا، سىز بۇ ئۈچ تاشنى ئېلىپ بېرىپ، بىرىنى زەرگەر يىگىتنىڭ دەرۋازىسىغا ئۇرغايسىز، يەنە بىرىنى ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىغايسىز، يەنە بىرىنى ئۆگزىسىگە تاشلىغايسىز، — دېدى.

زىندان قاراۋۇلى تاشنى ئېلىپ بېرىپ، بىرىنى دەرۋازىغا ئۇردى. زەرگەرنىڭ ئايالى ئاۋازنى ئاڭلاپ، تېز ئورنىدىن تۇردى ۋە «ئاھ ئېست، ئېرىم كىشىنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ» دەپ ئويلاپ تۇراتتى. يەنە بىر تاش ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. ئايال: «ۋاي خۇدايىم، ئېرىم زىندانغا چۈشۈپتۇ» دەپ قايغۇرۇپ تۇرسا، يەنە بىر تاش كېلىپ ئۆگزىگە چۈشتى.
ئايال: «مېنى بېرىپ قۇتقۇزسۇن» دەپتۇ دەپ جەزم قىلدى. دەرھال بىر قازان ھالۋا تەييار قىلىپ، ئىككى كىشىگە كۆتەرتىپ زىندانغا ئېلىپ باردى. زىندان بېگىنى ئويغاتتى:

— ئەي ئاكا، — دېدى ئايال زىندان بېگىگە، — ئېرىم سودىگەر ئىدى. سودا قىلىش ئۈچۈن يىراققا كەتكەنىدى. ئۆلۈپ كەتتى دېگەن خەۋىرى كەلدى. بىر ئاق ساقاللىق كىشى ماڭا بېشارەت بېرىپ: «زىنداندىكى گۇناھكارغا ئۆز قولۇڭ بىلەن تائام بەرگىن» دېگەنىدى. شۇڭا بۇ ھالۋىنى بەرسەم بولاتتى.

ئايال شۇندىن كېيىن زىندان بېگىنىڭ ئالدىغا بىر ئاياق ھالۋا قويدى:

— ئەي زىندان بېگى، رۇخسەت بەرسىلە كىرەي، رۇخسەت بەرمىسىلە كېتەي، — دېدى.

زىندان بېگى رۇخسەت قىلدى. قالغان ھالۋىنى زىندانغا ئېلىپ چۈشۈپ، مەلىكە بىلەن زەرگەر يىگىتنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار يۈزىنىڭ خىجالەت بىلەن يېدى. زەرگەرنىڭ ئايالى ئۆز كىيىمىنى زەرگەر يىگىتكە كىيدۈردى-دە، ئۇنىڭغا قازان، ئاياقنى كۆتەرتىپ زىنداندىن چىقاردى. يىگىت نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە باردى. قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكرىلەر قىلدى.

ئەتىسى پادىشاھ ئوۋدىن يېنىپ كەلدى، قارىسا قىزى كۆرۈنمەيدۇ. ئوردا قىزلىرىدىن سورىدى، بىلمىدى. پادىشاھ ۋەزىردىن سورىدى. ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، قىزىڭىز نامەھرەم بىلەن بەزمە تۈزگەنىكەن، شۇ نامەھرەم بىلەن بىرگە زىندانغا سالدۇردۇم، — دېدى.

پادىشاھ:

— ئەگەر بۇ ئىش راست بولسا، ئۇلارنى زىنداندىن چىقىرىپ، تاش - كېسەك ئېتىپ ئۆلتۈرۈڭلار،— دەپ بۇيرۇدى. ياساۋۇللار زىندانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئايال ئىكەن. ئۇلارنى زىنداندىن چىقىرىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ياساۋۇللار پادىشاھقا:

— بۇلارنى ۋەزىر خاتا تۇتقانىكەن، مەلىكەمگە تۆھمەت قىپتۇ،— دەپ مەلۇم قىلدى. پادىشاھ مەلىكىدىن:

— بۇ نېمە ۋەقە قىزىم،— دەپ سورىدى.

مەلىكە:

— بۇ ئايال يېقىندا كېلىپ مېنىڭ يېنىمدا قونغانىدى. ۋەزىر ئىككىمىزنى زىندانغا سالدى، گۇناھىمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن،— دەپ يىغلاپ كەتتى.

پادىشاھ ئەمىر قىلىپ، ۋەزىرنى تاش - كېسەك ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. مەلىكىنى بولسا ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئولتۇرغۇزدى.

— ئەي شاھزادە،— دېدى ئايال ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن،— سىرىڭىزنى ئېيتمىسىڭىز مەقسىتىڭىزگە يېتەلمەيسىز،— دېدى.

شاھزادە ئايالنىڭ ھېكايىسى ۋە نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

ئىشقىنى ھەرقانچە پىنھان تۇتسا
نومۇستىن كىشى،
ئاقىۋەت ئۇ كىشىنى خەلق ئىچىرە رەسۋا
قىلغۇدەك.

— ئەي مەزلۇم،— دېدى شاھزادە ئۇ ئايالغا،— مەن كۆرگەننى ھەرقانداق كىشى كۆرسە، مەندىنمۇ بەتتەر رەسۋالىققا قالغان بولاتتى. مەن ئار - نومۇسنى دەپ، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمىغانىدىم، سائىدقىمۇ ئېيتمىغانىدىم، چۈنكى مەن ۋەزىر ئۆمرالار، ئاتا - ئانام ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ، بۇ سىرنى مەخپىي تۇتقانىدىم.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە سىرنى دەپ بەردى. ئۇ ئايال بۇنى ئاڭلاپ، پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ:

— ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىپتىمەن، بىر كۈنى ئولتۇرسام بىر قارا بوران پەيدا بولدى. بىر سائەتلەردىن كېيىن، بوران پەسلەپ ھاۋا ئېچىلدى. بىر پەرىزات پەيدا بولدى. ماڭا سالام قىلىپ، بىر تون، بىر ئۈزۈك ئالدىمغا قويۇپ، «بۇلارنى ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئەۋەتتى» دېدى. مەن تەزىم قىلدىم. ئۇنى يۈز - كۆزۈمگە سۈرتۈپ، ئېچىپ كۆردۈم. توندا بىر سۈرەت بار ئىكەن. سۈرەتنى كۆرۈپ، ئىشق - مۇھەببەتكە مۇپتىلا بولدۇم. تاقەت ئۇ پەرىدىن: «بۇ كىمنىڭ سۈرىتى» دەپ سورىدىم. پەرىزات: «بۇ ئەھبال ئىبنى شاھرۇخنىڭ قىزى بەدىئۇلجامالنىڭ سۈرىتىدۇر، ئۇ پەرىلەرنىڭ پادىشاھىدۇر» دېدى. مەن بۇ تون بىلەن ئۈزۈكنى يۈزكۆزۈمگە سۈرتۈپ، تەۋەررۈك بىلىپ، خەزىنەمدە ساقلىغانىدىم. بۇ ۋەقە بولۇشىنى بىلسەم ئوغلۇمغا ئەسلا بەرمەس ئىدىم. ئەمدى قېيىن بولغىنى شۇكى، ھەزرىتى سۇلايمان پەيغەمبەر ھاياتمىدۇ؟ باغى

ئېرەمنى ياكى بەدىئۇلجامالنى كىم بىلگۈسىدۇر. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ — دەپ غەمكىن بولدى.

يۇنۇس ئىسپاھانى، سالىھ ئىبنى ھەمىد قاتارلىق ۋەزىر ئەمىرلەر ۋە ئاقىل، دانىشمەنلەر مەسلىھەت قىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، نەچچە ئاقىل ۋە دانالار ئەتراپى ئالەمنى بىر يىل ئىزدىسە، بەلكى باغى ئېرەمدىن ياكى بەدىئۇلجامالدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەي. بىر يىلغىچە بۇ ھەۋەس شاھزادىنىڭ كۆڭلىدىن چىقىپ كەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا ماقۇل كەلدى. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى سائىدقا ئېيتتى. سائىد شاھزادىگە يەتكۈزدى، شاھزادە خۇشال بولۇپ، كۆڭۈللىرى تەسكىن تاپتى، نالە-پىغانلىرىنىڭ مىڭدىن بىرى قالدى. بېشىدىن ئايىغىچە قايتا كىيىم كىيدى، تائام يەپ، سۇ ئىچتى، ئىشرەت سارىيىدا كۈتۈپ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئەتىسى يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەمىر ئىختىيارنى باش قىلىپ، لازىملىق نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ بەردى. ئۇلارغا:

— بىر يىل ئالەمنى كېزىڭلار، باغى ئېرەمدىن، بەدىئۇلجامال قىزدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

ئەمىر ئىختىيار يۈز ئادەمنى باشلاپ يولغا راۋان بولدى. ئۇلار بىر يىل شەھەرمۇ شەھەر، ۋىلايەتمۇ ۋىلايەت، كەنتمۇ كەنت كەزدى. ئەمما ئېرەم گۈلىستانى بىلەن بەدىئۇلجامالنىڭ خەۋىرى ھېچ يەردىن ئالالماي يېنىپ كەلدى. ئۇلار پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلدى. ئۇلار:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەغرىبتىن مەشرىققىچە، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئىزدىدۇق، بەدىئۇلجامالنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلالمىدۇق، لېكىن يۈز نەپەر گۈزەل قىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ كەلدۇق، — دېدى.

پادىشاھ ئۈمىدسىز بولۇپ:

— ئوغلۇم ئاڭلىمىسۇن، — دېدى.

شاھزادە كۆپ ئۆتمەيلا بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قالدى. ئۇنىڭ نالە-پەريادى كۆكتىن ئېشىپ، ئەرش-ئەزىمگە يەتتى. يېمەك-ئىچمەكتىن، ئۇخلاش ۋە سۆزلەشتىن قالدى. ھەمىشە ئاھ، ۋاھ بىلەن باغرىنى ھۆل يەرگە يېقىپ ياتتى. كۈندىن-كۈنگە چىرايى سارغىيىپ ھالى ئۆلۈمگە يېقىنلاپ قالدى. بىر كۈنى پادىشاھ ئوغلى قېشىغا كىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، كۆز نۇرۇم، نېمە ئۈچۈن مۇنچە بىتاقەت بولىسىز؟ سىزگە نېمىشقا نەسىھەت كار قىلمايدۇ؟ بۇ ئالەم چەكسىز كەڭرۇ، شۇنچە ئىزدەپ ئۇنى تاپالمىدۇق. بارنىڭ ئىلاجىنى قىلغىلى بولىدۇ. پەرى دېگەن پەرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. سىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. بۇ ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. ئىزدىگىلى چىققانلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى يۈزنەچچە ساھىبجامالنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ كەپتۇ. قايسىسىنى كۆڭلىڭىز خالىسا، شۇنى ئېلىپ بېرەي، بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، — دېدى.

شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

باۋەر ئەتكىن بۇ سۆزۈمگە، ئەي رەفىقى دەردمەند،
تاشقا يامغۇر كار قىلماس، مۇزغا سۇ، ئاشىققا پەند.

ئالدىن مۇنداق دېدى:
ــ ھاۋايى، ھەۋەس مېنىڭ بېشىمغا
چۈشۈپتۇ. رۇخسەت بولسا، ئۆزۈم ئىزدەپ
تاپقايمەن، بۇ سەپەردە ئۆلسەممۇ ئىرادەمدىن
قايتمايمەن، بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلار،
دوست-يارەنلەر مەندىن رازى بولسۇن.
پادىشاھ شاھزادىنى مېڭ خىل باھا-
نىلەر بىلەن توسۇپ باقتى. لېكىن ياندۇ-
رالمىدى. ئاخىر پادىشاھ ئىلاجىسىز ھالدا،
مىڭ خىل ياخشى سەرەمجانلاردىن تەييار-
لاپ، مىڭ كېمىگە جايلاشتۇردى. پادىشاھقا
لايىق كېلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى كېمى-
گە سالدى. ئىشەنچلىك ئادەملەردىن مىڭ
كىشىنى ۋە ئاقىل، دانالارنى خىزمىتىگە
بەردى. سائىدنى ھەمراھ قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن شەھزادە سەيپۇلمۇلۇك بىلەن سائىد
يىغلاشقان ھالدا يۇرت بىلەن خوشلىشىپ،
يولغا راۋان بولدى. پادىشاھ، خانىش ۋە
ئۇرۇق-تۇغقان قاياش ئاغىچىلار، يۇرت
ئەمىرلىرى، پۈتكۈل خەلق ماتەمدار بولۇپ،
يۈزلىرىنى يىرتىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ،
باشلىرىغا تۇپراق چېچىپ يىغلاپ: «ئەي
بۈيۈك تەڭرىم، سەن ھاجەتمەنلەرنىڭ ھا-
جىتىنى راۋا قىلغۇچىسەن، ھەرقانداق
مۈشكۈلنى ئاسان قىلغۇچىسەن. بۇ ھاۋايى-
ھەۋەسنى ئوغلۇمغا ئۆزۈڭ سالدىڭ، مۈش-
كۈللىرىنىمۇ ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن. پۈت-
كۈل سىرلارنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئوغلۇمنى
ساق-سالامەت قايتۇرغايسەن» دەپ خوش-
لاشتى. شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك يىغلاپ،
بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

خۇدانىڭ تەقدىرى بىرلە ئاتامدىن ئايرى-
لىپ قالدىم،
بويى گۈلدەك ئۈزى غۇنچە ئانامدىن
ئايرىلىپ قالدىم.

قازاغا رازى بولماقلىق، بالاغە سەۋردۇر
مەندىن،
ماڭا بۇ تارتقۇلۇق قىسمەت ئۇلاردىن
ئايرىلىپ قالدىم.

شاھزادە يىغلا-يىغلا يولغا راۋان
بولدى. پادىشاھ كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزغان
ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

دەرىغا، مەن نېتەي، مۇنداق جىگەر پا-
رەمدىن ئايرىلدىم،
كۆزۈم نۇرى، تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى جانىم-
دىن ئايرىلدىم.
خۇدايىم قۇدرىتى بىرلە بېرىپ ئەردى
ماڭا مېھمان،
يەنە ئۆز قۇدرىتى بىرلە بۇ مېھمانىمدىن
ئايرىلدىم.

دەپ يىغلاپ، كېلىپ ئوردىسىغا چۈشتى.
شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك قەپەستىن ئاج-
رىغان شاتۇتىدەك يولغا راۋان بولدى. بۇ
شادمانلىقتىن ئاخىرى يەنە قەپەسكە گىرىپ-
تار بولغۇسى.
پادىشاھ بىلەن خانىشنى ھىجرا
دەرىخى سايىسىگە ئالدى. يېمەك-ئىچمەك
لىرىگە مېۋىلەرنى بېرەتتى. باشقا تائاملار-
دىن قالدى.
شاھزادە دەريادا قىرىق كېچە-كۈن-
دۈز كېمە بىلەن يول يۈرۈپ فەغفۇرى
چىن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى بىر
قەلئە خەلقى كۆرۈپ، چىن خاقانىغا: «بىر
قىسىم لەشكەرلەر كېلىپ چۈشتى، قايسى
ئەلدىن، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمى-
دۇق» دەپ مەلۇم قىلدى. خاقان دىلىغۇل
بولۇپ: «شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاڭلار، جەڭ
ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىپ تۇرۇڭلار!» دەپ
پەرمان قىلدى. ئەتىسى سەيپۇلمۇلۇك شە-
ھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ چۈشتى.

هېچكىمگە دەخلى - تەرۆز قىلمىدى. ئۈچ
كېچە - كۈندۈز شاراب ئىچىپ ئولتۇردى.
فەغفۇرى چىن كىشىلىرىدىن تارتۇق
ئەۋەتىپ:

— ئۇلاردىن سوراڭلار، قايسى ئەلدىن
كېلىپتۇ، قايسى ئەلگە بارىدىكەن،— دەپ
جېكىلىدى.

تارتۇق ئاپارغانلار كېلىپ، شاھزادىگە
تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ نېمە ئىشقا
كەلدىڭلار؟— دېدى.

— مەن مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلى،—
دېدى شاھزادە ئۇلارغا،— ئالەمنى سەيلە-
تاماشا قىلىشقا چىققانىدىم، ھازىر
مېھماندۇرمەن.

شاھزادە بۇ كەلگەنلەرنى باشتىن -
ئاياغ تون - سەرۇپاي كىيدۈرۈپ ياندۇر-
دى. ئۇلار بېرىپ خاقانى چىنغا ئەھۋالنى
مەلۇم قىلدى. خاننىڭ كۆڭلى تەسكىن
تاپتى.

ئەلقىسسە خاقانى چىن شاھزادىنى
كۆرگىلى كەلدى. شاھزادە خاقانىنى ئۆز
چېدىرىغا باشلاپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز
مېھمان قىلدى. بۇلارنىڭ دوستلۇقىنى
ئاسمان، ئاي ۋە قۇشلار كۆرۈپ تەھسىنلەر
قىلدى. خاقانى چىن ئۈچ كۈندىن كېيىن
كېمىدىن يېنىپ ئوردىسىغا قايتتى ۋە شاھ-
زادىنى تەكلىپ قىلدى. يەتتە كېچە -
كۈندۈز مەجلىس بەردى. ئادەملەر يەرگە
ئاپىرىدە بولۇپ زېمىندا مۇنداق مېھماند-
دارلىقنى كۆرمىگەن بولغىيتتى. شاھزادە
بەزمە ئاخىرلاشقاندا خاقانى چىندىن، گۈ-
لىستانى ئىرەم بىلەن بەدىئۇلجامالنىڭ
ئىز - دېرىكىنى سورىدى. لېكىن ئۇنى ھېچ-
كىم بىلمىدى. شاھزادە پەرىشان بولدى.

خاقانى چىن: «ئۇ قىز بۇ يىگىتنىڭ ئاشىقى
ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ:

— بىر قېرى كىشى بار، ئۇ كۆپ
ئىشلارنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان. بەلكىم شۇ
كىشى بىلسە ئەجەب ئەمەس،— دەپ ئۇ
كىشىنى كەلتۈرۈپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— مەن بىلمەيمەن، ئېھتىمال بىلسە
قۇستەنتەنەدە بىلىدىغان كىشى بولۇشى مۇم-
كىن،— دېدى.

شاھزادە:

— قۇستەنتەنەگە نەچچە كۈندە يېتەر-
مىز؟— دېگەندى. بۇ قېرى كىشى:

— تېز ماڭساڭلار ئۈچ ئايدا يېتەر-
سىزلەر،— دېدى.

شاھزادە خاقان بىلەن خوشلىشىپ،
كېمىگە كىرىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز يۈر-
دى. قىرىق بىرىنچى كۈنى قارا بوران
پەيدا بولۇپ ھاۋا تۇتۇلدى، دەريا بۇلغى-
نىپ - داۋالغىپ، كېمىلەرنى ئاستىن - ئۈس-
تۈن قىلىپ، بىر - بىرىگە چېقىلىشقا
باشلىدى. يامغۇر سۇدەك قۇيۇلدى. دەريا
جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى، ئادەملەر بىر-
بىرىنى كۆرەلمىدى. ھەممىسى ئۆز جانلىرى-
دىن ئۈمىد ئۈزدى. ھاۋا يولۋاس ھۆركى-
رىگەندەك گۈركىرەپ، ھەر خىل تاۋۇشلار
پەيدا بولدى. بىر سائەتتىن كېيىن بىر
قۇيۇن پەيدا بولۇپ دەريانىڭ سۈيىنى
قايناتتىشقا باشلىدى. قاينام كېمىلەرنى بىر-
بىرىگە چېقىپ ئۇستۇرۇپ پارە - پارە قىلدى.
تامام خەلق دەريادا غەرق بولدى. شاھزا-
دىنىڭ كېمىسىدىن بۆلەك كېمە قالمىدى.
بۇ كېمىگىمۇ سۇ كىرىپ كەتتى. سۇنى
سىرتقا چاچتى، بولمىدى. ئاخىر ئالتۇن-
كۈمۈش، لەئەل - جەۋاھىراتلارنى دەرياغا
تاشلىۋەتتى. سائىد سەيپۇلمۇلۇككە قاراپ:

— مانا ئەمدى ھەقىقىي ئاشىق بولدىڭىز، ئاشىقتا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ھەتتاكى بىزمۇ بولمىساق ئىدى. ئاندىن سادىق ئاشىق بولۇر ئىدىڭىز. بىزگە تەڭرىنىڭ قەھرى - غەزىپى كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى.

دەل شۇ ئەسنادا كېمىچىنى دەريا دەم تارتىپ كەتتى. كېمە تۇتقۇسىدىن ئاجراپ پارە - پارە بولدى. سائىد ئون تۆت كىشى بىلەن بىر پارچە تاختاي ئۈستىدە، شاھزادە يىگىرمە كىشى بىلەن بىر پارچە تاختاي ئۈستىدە قالدى. بىر سائەتتىن كېيىن ھاۋا ئېچىلدى. كۈن چىقىپ ئالەم نۇرانە بولدى. شاھزادە قارىسا سائىد يوق، ئۆز لەشكەرلىرىمۇ يوق. شاھزادە قايغۇرۇپ: «بىزمۇ تىرىك قالمىغۇدەكمىز» دەپ ياقىسىنى يىرتىپ پارە - پارە قىلدى. قالغانلارنى ھەر تەرەپتىن يىغىپ كەلدى. ساناپ كۆرگەنىدى ئەللىكچە كىشى قاپتۇ. ھايات قالغانلار خۇدايتائالاغا شۈكرى سانالار ئوقۇدى.

سەيپۇلمۇلۇك مۇسىبەتكە چۆككەن ھالدا:

غەم غۇسسە بىلەن بالاغە ھەمدەمدۇرمەن
ئاھۇ سىتەمۇ جاپاغە ھەمدەمدۇرمەن.
بىرلەھزە جاپاۋۇ جەۋرىدىن خالى ئەمەس
يارەبكى نېچۈك بالاغا قالغاندۇرمەن.

دەپ گويا كى باھار بۇلىتىدىن تۆكۈلگەن يامغۇردەك يىغلاپ ماڭماقتا ئىدى. ھاۋا تېخىمۇ سوزۇلدى. ئالدىغا قارىغانىدى. بىر نەرسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇلار يېقىنلاشقاندا مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ئادەم يەيدىغان زەڭگىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىدا بىردىن تۆمۈر زىخ بار ئىدى. ئۇلار كېلىپلا ئۇرۇشۇشقا چۈشتى، سەيپۇلمۇلۇكنىڭ ئادەملىرى بىرمۇنچە سوقۇشۇپ باقتان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر زەڭگىلەر يېڭىۋېلىپ، شاھزادىنى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ تۇتۇۋالدى. ئېچىرقاپ كەتكەن زەڭگىلەر دەرھال بەش ئالتە ئادەمنى كاۋاپ قىلىپ يېدى. سەيپۇلمۇلۇكنى سەككىز كىشى بىلەن پادىشاھقا ئاپىرىپ تارتۇق قىلدى. زەڭگىلەرنىڭ پادىشاھى ئالتە كىشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدى. سەيپۇلمۇلۇكنى ئىككى كىشى بىلەن قوشۇپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشى ئۈچۈن، قىزىغا ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، زەڭگىنىڭ قىزى شاھزادىنى كۆردى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىغا ئاشىق ۋە شەيدا بولدى، ئۇ مۇلازىملىرىغا پەرمان بېرىپ:

— بۇ جانىۋارلارنى چاھارباغقا ئېلىپ بېرىپ ئوبدان بېقىڭلار، ئۇلار ناھايىتى ئورۇق ئىكەن، سەمرىتىپ ئاندىن يېگەيمىز، - دېدى.

زەڭگىلەر ئۇلارنى چاھارباغقا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قەنت، ناۋات، ھەسەل، پىستە، بادام، خورمىلارنى قويدى. سەيپۇلمۇلۇك شۇنچە كۆپ ئازاب چەككەن بولسىمۇ، قىرىق بەش كۈنگىچە تائام يېمىدى. ئۇ «سېمىز بولسام زەڭگىلەر كاۋاپ قىلىپ يەپ كېتىدۇ» دەپ ئويلايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بەدىئۇلجامالنىڭ ئىشقىدا شاھزادىنىڭ يەيدىغىنى غەم - غۇسسە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا باشقا ئاش - تائامنىڭ كېرىكى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەددۇ - ھېسابسىز دەرىجىدە ئورۇقلاپ كەتتى.

ئەلقىسسە، زەڭگىنىڭ قىزى شۇ كۈنى سەيپۇلمۇلۇكنى كۆرۈپ ئاشىق بولغاندىن

تارتىپ، ئۇ تىنچ - ئارامىلىق، سەۋر - تاقەت، يېمەك - ئىچمەك، ئۇيقۇدىن قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «مۇنداق يېتىۋېرىپ، ئۆلۈپ كەتسەم بولماس، بېرىپ ئۇنى كۆرەي، لەۋلىرىدىن بىرمۇنچە نەشپۈتنى ئۈزەي، كۆڭلۈمنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلاي» دەپ ئويلىدى - دە، ئۆزىنىڭ رەسىم قائىدىسى بويىچە ئۆزىگە ۋە يۈزلىرىگە شۇنداق زىننەت بېرىپ ياساندىكى، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشىدى. شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك مېنى بۇ زىننەتلىرىم بىلەن كۆرسە بىر قاراپلا ئاشىق - شەيدا بولىدۇ. دېگەن ئۈمىد بىلەن چاھارباغقا باردى. سەيپۇلمۇلۇك كۆردىكى، بىر بەتەيۋەت نەرسە كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى گويا قاپقارا ئىس - تۈتەككە ئوخشايتتى. قەددى مۇنارەك، كۆزلىرى قازاننىڭ تۈۋىدەك، قۇلاقلىرىنىڭ ھەربىرى گىلەمدەك، ئاغزى تېكىلىك① تېغىنىڭ غارىدەك، تىلى ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقىدەك، چىشلىرى سوقىدەك، بۇرنى مورىدەك، ئىچىگە ئۇنىڭەن تۈكلىرى سولاقمىدىكى قومۇشلاردەك. بۇرنىنىڭ تۆشۈكى دۇم دەرۋازىسىنىڭ قوۋۇقىدەك، ئەدچەكلىرى گويا سۇ ئالغان تۇلۇمدەك، قۇلىقىغا سالغان سىرغىسى خۇددى تارازىنىڭ تېشىدەك ئىدى. ئارپا ئۇنىدەك بەش پاتمان گەجنى يۈزىگە سۈرتكەنىدى. چوشقىنىڭ يېغىدا ئەڭلىك ئېتىپ، ناۋاينىڭ بىر تاغار كۆمۈرىدە قاشلىق ئەتكەنىدى. جۇۋىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر ئۆرۈپ، ئۇنى بېشىغا چاچ قىلىپ كىيگەن، قارا تاغارنىڭ يىپىدا چاچ بېغى سالغانىدى.

زەڭگى قىزى ئەنە شۇنداق زىب-زىننەتلەر بىلەن يېتىپ كەلدى. سەيپۇلمۇلۇك ئۇنى كۆرۈپ شۇنداق قورقتىكى، خازانىدەك تىترەشكە باشلىدى، سۆزلىگۇدەك ماجالى قالمىدى. خۇددى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ھالەتكە كېلىپ قالدى. زەڭگىنىڭ قىزى كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى:

— ئەي شاھزادە، ساق - سالامەت بارمۇسەن؟ مېنىڭسىز ھالىڭ قانداق ئۆتتى، — دەپ شاھزادىنى قۇچىقىغا ئالدى - دە، ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن بىرنەچچە نەشپۈت ئۈزدى.

سەيپۇلمۇلۇك بىھوش بولۇپ يىقىلدى. زەڭگىنىڭ قىزى: «مەندەك چىرايلىق نازىنىنى كۆرۈپ ئاشىق بولغىنىدىن بىھوش بولۇپ قالدى» دەپ ئويلىدى. ئاخىرچە شاھزادە ھوشىغا كەلدى. زەڭگىنىڭ قىزى سۆز تاشلاپ يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. لېكىن شاھزادىگە قىلچە تەسىر قىلمىدى. زەڭگى قىز كۆڭلىدە بۇ بەچچە ئۇنداق چىرايلىق سۆزلەرنى فەھم قىلالمىغۇدەك، ئۇنىڭغا ئىسسىقلىق ياراشمىغۇدەك، جاپا قىلسام ۋاپا كۆرىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ، زەڭگىلەرگە:

— بۇ جانىۋار تېخى ئوبدان سەمرىمەپتۇ. مەن شۇنچە زىب - زىننەت قىلىپ كۆرگىلى كەلسەم، ناز - كەرەشمە بىلەن چىرايلىق سۆزلەرنى قىلسام ماڭا قىيا كۆزى بىلەن قاراپمۇ قويمىدى. مەن مۇنداق ئىزا - ئاھانەتنى كۆتۈرەلمەيمەن. مەن كەتكەندىن كېيىن، بۇ جانىۋارنى كۈندۈزى ئوتتۇن توشۇشقا سېلىڭلار، كېچىسى يارغۇنچاققا قوشۇڭلار، — دەپ تاپىلاپ قويۇپ قايتىپ كەتتى.

① خوتەندە قاراقۇرۇم تېغىنى تېكىلىك تاغ دەيمۇ ئاتايدۇ.

زەڭگىلەر شاھزادىنى يارغۇنچاقتا
قوشتى. ئازغىنا بىكار قالسا ياكى ئول-
تۇرسا، گەدەنلىرىگە ئۇردى. شاھزادە
نالە - زار قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

ئىلاھا، رەھىم قىل مەن ئاسى بەندەڭنىڭ ھالىغا
دەرىخا مەن قالىپتۇرمەن بۇ يارغۇنچاق بالاسىغا
كېچە بولسا سالادۇر يارغۇنچاقىقا،
ھايال بولسام ئۇرادۇر شاقىقا - شاققا.

ئەلقىسسە، شاھزادە بۇلارنىڭ قولىغا
چۈشكىلى ئۈچ ئاي بولدى. بۇ جاپالاردا
نازۇك بىلەكلىرى تېشىلدى، يىلىنكلىرى
سىزدى. شۇڭا بىر زەڭگى بېرىپ:
— ئۇ جانىۋارنىڭ يارغۇنچاق تارتقۇ-
دەك ماجالى قالمىدى، — دەپ زەڭگىنىڭ
قىزىغا مەلۇم قىلدى. زەڭگى قىزى:
— كۈندۈزى ئوتۇن كەستۇرۇڭلار،
كېچىسى ئاتنى قېتىپ بېرىپ، ئوتۇن
توشۇتۇڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.
زەڭگىلەر شاھزادىگە بىر پالتا، بىر
ئارغامچا بەردى. كۈندۈزى ئوتۇن يۇدۇپ،
ئوتۇن يىغدى. كېچىسى ئاتنى قېتىپ ئوتۇن
توشۇدى. تۆت ئاي ۋاقىت ئۆتتى. شاھزا-
دىنىڭ ئۈچلىرى تېشىلىپ يېغىر بولدى.
ئوتۇن توشۇغىدەك ماجالى قالمىدى. تاقەت
قاچىسى تېشىلدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ يەر-
دىن قېچىپ كەتمىسەم بۇلاردىن قۇتۇلال-
مىغۇدەكمەن» دەپ ئويلاپ سال ياسىدى.
مېۋىلەردىن تېرىپ سالغا سالدى. سالنى
دەرياغا چۈشۈرۈپ ئىككى ھەمراھى بىلەن
بىللە ئۆزىنى سالغا ئالدى. سالنى سۇنىڭ
ئېقىنىغا قويۇپ، ئانداغ قاچتىكى، گويا
مىلتىقنىڭ ئوقىدەك تېز ماڭدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە قارا بوران چىقىپ سالنى تېخىمۇ
تېز ئېلىپ ماڭدى. شاھزادە ئىمان ئېيتىپ،
مۇناجات ئوقۇپ يىغلا - يىغلا كېتىپ
باراتتى. ئۇ سالدا ئالتە قاراپ مېڭىۋەردى.
ئىككى ئاي ماڭدى. قورسىقى ئاچسا ئېلىپ
ۋالغان زىق، ئالىقات قاتارلىق مېۋىلەرنى
يېدى. دەريادا كېتىۋېتىپ ئاجايىپ - غارا-
يىپلارنى كۆردى. كېچە بولسا تۈرلۈك
بېلىقلار سۇ ئىچكىلى كەلگەن يولۋاس،
ئېيىقلارنى يۇتۇپ كېتەتتى. ھاۋادا
ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنى دەم تارتىپ
كېتەتتى. تۇيۇقسىز بىر ئارالغا يەتتى،
سالنى دەرەختە باغلاپ دەرەخلەردىن ھەر
تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئېلىپ يېدى ھەمدە
خۇداي تائالاغا شۈكرى - سانا ئېيتىپ بىر
تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ
ئولتۇردى. كۆردىكى، ھەرخىل جانىۋارلار
دەريادىن چىقتى. ئۇلار تۈگكۈزدەك،
ئېيىقتەك، شىر، بۆرىدەك يىرتقۇچ ھايۋانلار
سۇ ئۈستىدە ئاياغلىرى سۇغا تەگمەي
يۈرەتتى. ئۇلار جەڭ دۇمباقلىرى ۋە
كانايلىرىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىرىپ
يۈرسە، يەنە بىر بۆلەك بېلىقلار ھاۋا
گۈلدۈرلەپ چاقماق چاققانىدەك قىچقى-
راتتى. ئۆزگە جانىۋارلار ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلىشىپ دەرياغا چۆكۈپ كېتەتتى. قۇيرۇ-
قىنى ھالقا قىلىپ تاشلىسا دەريادا چىراغ
ياندۇرغاندەك ئوت چاقنار ئىدى. شۇ كېچىسى
تاڭ ئاتقۇچە شاھزادىنىڭ ئۇيقۇسى كەل-
مىدى، تاڭ ئاتتى. قارىسا ھېلىقى جانىۋار-
لار دەرياغا كىرىپ كەتتى. شاھزادە: «بۇ
خەتەرلىك يەر ئىكەن، بۇ يەردە تۇرساق
بولمىغۇدەك» دەپ بىرمۇنچە مېۋە ئېلىپ
دەريانىڭ تۆۋىنىگە راۋان بولدى. بىرنەچچە
مۇددەت ماڭغاندىن كېيىن، مېۋىلىرى
تۈگىدى. ئاستىن قارىسا سۇدىن، ئۈستۈن

قارىسا كۆكتىن ئۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنـ
مەيتتى. ھەمراھلىرى ئائام دەپ زارلانماقتا
ئىدى. سەيپۇلمۇلۇك بەدىئۇلجامالنىڭ دەردىدە
«ئاھ» دەپ نالە - زار قىلاتتى. ھەر قېتىم
«ئاھ» دېسە، ئاۋازى بىر كۈنلۈك يەرگە
يېتەر ئىدى. ئۇلار يەنە بىر قۇرۇقلۇققا
يەتتى. ئۇ يەردە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەردىن
ئېلىپ يىدى. بۇ يەردە بىر جانىۋارنى كۆردى.
ئىسمىنى «قەھقەھ» دەپ ئاتايتتى. كېچە-
لىرى بۇ يەردە ئادەمگە ئوخشاش جانىۋار-
لار پەيدا بولاتتى. بۇ يەردە يەنە ئاجايىپ
دەرەخلەر بار ئىدى. مېۋىلىرى كېچە
كىرگەن ھامان يەرگە چۈشۈپ تاڭ ئاتقۇچە
«ئاللا - ئاللا» دەپ تاڭ يورۇغان ھامان
يەنە سەكرەپ، ئاۋۋالقى ئورنىغا چىقىپ
تۇراتتى. يەنە بىر تۈرلۈك دەرەخلەرنى
كۆردى. ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ئادەمنىڭ
بېشىغا ئوخشاش ئىدى. قاش - كۆزى، بۇرۇن
ئۇلىقى بار ئىدى. ئۇ مېۋىنىڭ تەمى
باشقا مېۋىلەردىن بەكرەك لەززەتلىك
ئىدى. يەنە بىرقىسىم دەرەخلەر
بار ئىدى. ئۇنى «ۋاق - ۋاق دەرىخى»
دەپ ئاتايتتى. كېچىسى بولسا، يەرگە
چۈشۈپ «ۋاق - ۋاق» دەپ قىچقىرىپ
تۇراتتى، كۈندۈزى سەكرەپ چىقىپ ئۆز
ئورنىدا تۇراتتى. يەنە بىر تۈرلۈك دەرەخ-
لەر بار ئىدى. كېچە بولسا ئوت
كۆيگەندەك پۈتكۈل ئارالنى يورۇتاتتى.
ئادەم قارىسا ئارالدا ئوت كۆيۈۋاتقاندەك
كۆرۈنەتتى. كىشى: «بۇ يەردە ھېچ نەرسە
قالماي كۆيۈپ تۈگىگەندۇ» دەپ ئويلاپ
قالاتتى. ئەمما تاڭ ئاتقاندا قارىسا ھەممە
نەرسە ئۆز پېتىچە تۇراتتى. ئۇ مېۋىلەر-
نىڭ يورۇقىدا پىلنىڭ كەركىداننى خارتۇ-
مىغا ئېلىپ تاشلىۋاتقانلىقى، كەركىدان

بولسا مۈڭگۈزى بىلەن پىلنى ئېلىپ تاشـ
لاۋاتقانلىقى، بەزى پىل ۋە كەركىدانلارنىڭ
دەرەخلەرگە ئىلىنىپ قالغانلىقى ئېنىق
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شاھزادە «بۇ يەر بەك
خەتەرلىك ئىكەن، بۇ يەردە تۇرساق بولـ
مىغۇدەك» دەپ ھەرخىل مېۋىلەردىن
كۆپلەپ ئېلىپ ئۇلارنى سالغا قاچىلىدى.
ئاندىن سالغا ئولتۇرۇپ، سۇنىڭ ئېقىش
تەرىپىگە راۋان بولدى. ئىككى ئاي
ئەتراپىدا سال بىلەن يۈرۈپ يەنە بىر
ئارالغا يەتتى. بۇ خۇش بۇي گۈللەر ئېچىلىپ
تۇرغان ھەددۇ - ھېسابسىز چىرايلىق جاي
ئىدى. گۈزەللىكتە بۇ جاينىڭ دۇنيادا
تەڭدىشى يوق ئىدى. ئادەملەر بۇ دۇنيادا
ئۇنداق خۇش ھاۋالىق يەرنى كۆرۈپ باقمى-
غانىدى. گۈللەرنىڭ بەرگلىرى نۇرلۇق بېھىش-
نىڭ ئەترلىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئېرىقلاردا
ئېقىپ تۇرغان سۇلىرى خۇددى ئابىھاياتـ
نىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ سۇلار شىرىلداپ
تەڭرىگە ھەمدۇ سانا ئېيتقان ھالدا
ئاقاتتى. تۇتى، بۇلبۇل، پاختەك، تۇز
قاتارلىق رەڭگا رەڭ قۇشلار سايرىشىپ
تۇراتتى. يەنە بەزى قۇشلار بارئىدى،
ئۇلارنىڭ قاناتلىرى ئالتۇندىن، تۇمشۇقلىرى
ياقۇتتىن، قۇيرۇقلىرى زۇمرەتتىن ئىدى.
ئۇ قۇشلارنى ئادەملەر بىلىپ بولمايتتى.
ئۇلار بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىشقا قىزىقىپ
بىر يەرگە كېلىپ قالدى. تۇيۇقسىز باشـ
لىرى ئىتنىڭ بېشىدەك، باشقا ئەزالىرى
ئادەمگە ئوخشاش رەڭگى ئاپئاق كالپۇزغا
ئوخشاش ئاجايىپ كۆچلۈك مەخلۇققا
ئۇچرىدى. ئىت باش مەخلۇقلار ئۇلارنى
تۇتۇۋالدى. شاھزادىنىڭ ئىككى ھەمراھى
سېمىز بولغاچقا، ئۇلارنى شۇ ھامانلا
يەۋەتتى. شاھزادىنى ئۆز پادىشاھىغا

تۆھپە قىلدى. شاھزادە ئورۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ھەركىم سېمىز بولسا گۇناھ، خارۇ - زارلىق، ئازاب - ئوقۇبەت، پالاكەتچىلىك ۋە ئۆلۈمگە يېقىن بولىدۇ.

شاھزادە ئوردىغا ئېلىپ كېلىندى. قارىسا بىر چىرايلىق پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، شاھزادە سالام قىلدى، پادىشاھ كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ، شاھزادىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، يېنىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئاش - تاماق يېگۈزدى. ئۇلار ھال - ئەھۋال سوراپ مۇڭداشتى. ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن مېھنەت - مۇشەققەتلىرىنى بىر - بىرىگە ھېكايە قىلىپ سىرداشتى ۋە يىغلاشتى. بىرنەچچە كۈن بىرگە بولغاندىن كېيىن، شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك:

— ئەي پادىشاھىم، نېمە بولۇپ بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىلا، — دەپ سورىدى.

پادىشاھ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي بۇرادىرىم، مەنمۇ سىزدەك ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ، تۇساتتىنلا بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. مەن جاھاننى سەيلە قىلىمەن دەپ يولغا چىققانىدىم. نەتىجىدە سىز كۆرگەن مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى مەنمۇ تارتىپ كۆردۈم. بۇ ئەلنىڭ پادىشاھلىق ئادىتى قەدىمدىن تارتىپ مۇنداق بىر قائىدە بويىچە بولىدىكەن. ئۇلار: «بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ بىزدىن پەرقى بولسۇن» دەپ بىزگە ئوخشاش كىشىلەرنى تېپىپ پادىشاھ قىلىدىكەن. ئۆز ئىچىدىن بولغان پادىشاھلاردىن نومۇس قىلىپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىلگىرىكى پادىشاھى ئۆلۈپ كېتىپ ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئىزدەپ يۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇلارغا تۇساتتىن مەن ئۇچراپ قاپتىمەن. ئۇلار مېنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلدى. ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ ئىككى قىزى بارىكەن. چوڭىنى ماڭا ئېلىپ بەردى. بارار يەرنىڭ قارارى يوق مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن.

بۇ پادىشاھ سەيپۇلمۇلۇككە شۇنداق مېھرىبانلىق قىلدىكى، ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز ئاتىسىدەك كۆيۈندى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى بىر - بىرىگە رام بولۇپ قالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئايالى شاھزادىنى كۆرۈپ:

— سىڭلىمغا خۇدايىم ئەر يەتكۈزدى، نېملا بولمىسۇن سىڭلىمنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرەيلى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سىڭلىسىنى كەلتۈردى. ئۇلار سىڭلىسىنى شاھزادىگە ئېلىپ بەردى. خالىسۇن - خالىمىسۇن ئىككىسىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. قىز كېچىسى يالاپ، ئىززەت - ئىكرام قىلاتتى. شاھزادە بولسا، ۋەھشىي ھايۋاندىن قاچقاندەك ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا قاچاتتى.

— ئەي كەرەملىك سۇلتانىم، — دېدى شاھزادە بىر كۈنى پادىشاھقا يىغلاپ، — تەڭرى ھەققى مېنى بۇ بالا - قازادىن قۇتقۇزسىڭىز.

پادىشاھنىڭ رەھىمى كېلىپ، شاھزادىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپ كەتتى. ئۇلار دەريا بويىغا كەلدى ۋە سال ياسىدى، ئاندىن ئوردىغا قايتىپ كەلدى. كېچىسى پادىشاھ شاھزادىگە لازىملىق نەرسىلەرنى ئىت باشلاردىن ئوغرىلىقچە تەييارلاپ بەردى.



شاھزادە قېچىپ دەريا لېۋىگە باردى. سالنى دەرياغا سالدى، ئۆزىنى سالغا ئالدى. تەۋەككۇلنى خۇداغا قىلىپ، يولغا راۋان بولدى. نەچچە كۈن دەريادا يۈردى. ئوزۇقى تۈگىدى. ھەر ھالدا قورسىقى ئاچسا ئالىقات بىلەن زىق ئېلىپ يەپ ماگدى. ماگا - ماگا يەنە بىر ئارالغا يەتتى. ئۇ يەردە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر بارىكەن. ئېلىپ يەپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىزلا بىر ئادەمگە يولۇقتى. ئۇ ئادەمنىڭ پەقەت بېشىلا يوق، قالغان ھەممە ئەزالىرى بار ئىدى. بۇ مەخلۇق شاھزادىنى تۇتۇۋالدى ۋە شاھزادىنىڭ ‌ ‌ ‌ بوينىغا مىنىدى - دە، ئاياغلىرى بىلەن ‌ ‌ ‌ رەمۋالدى. «ئېشىكىم يوق ئىدى، خۇدا- ‌ ‌ ‌ ‌م بىر ئېشەك بەردى» دەپ شاھزادىنىڭ گەدەنلىرىگە سانچىلىپ، ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈتتى. ئاخىر ئۇنى ئۆز مەنزىلىگە ئېلىپ باردى. بۇ مەخلۇقنى «رودىپاي» دەپ ئاتايتتى. قۇلىقى تۇۋىدىنلا يوق ئىدى. ئەگەر دەرەخقە چىقار بولسا، دەرەخنى چىرماپ چىقاتتى. چۈنكى بۇ مەخلۇقنىڭ پۇتلىرى كۆكسىدە ئىدى. ئۇ مەخلۇق سەيپۇلمۇلۇكنى ئاياغلىرىدا چىرماپ تۇتۇپ تۇراتتى. كېچىدىمۇ شاھزادىنى ئاياغلىرىدا چىرماپ ياتاتتى. بىر كۈنى باشقا بىر يەرگە باردى، قارىسا، بىر زور تاشنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈملەر چۈشۈپ بۇزۇلۇپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەي رودىپاي، بۇ نېمە شەربەت، — دەپ ئۇنى سومۇرۇپ ئىچكەن بولۇپ تۇردى.

رودىپاي بولسا تويغۇچە ئىچتى. ئاندىن ئۇنى ئويان - بۇيان ئېلىپ يۈردى. رودىپاي ئاخىر مەست بولدى.

شاھزادە تەڭرى تائالاغا مۇناجات قىلىپ «ئەي تەڭرىم، سەندىن ئۆزگە پاناھىم يوق، مېنى بۇ بالالاردىن قۇتقۇزغايسەن» دەپ يىغلىدى. تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن رودىپاينىڭ پۇتلىرى بوشىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاستا رودىپاينىڭ ئايىغىدىن ئاجراپ، بىر ئېغىر تاشنى رودىپاينىڭ ئايىغىغا قويۇپ قېچىپ كەتتى. شاھزادە دەريادا مېڭىپ يەنە بىر ئارالغا چىقتى. بۇ ئارالدا ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر، رەڭگا رەڭ جانىۋارلار بار ئىكەن. مېۋىلەردىن يەپ، شۈكرى سانا ئېيتىپ، سەيلى قىلىپ يۈرەتتى، بىر بۆلۈك مايمۇنلار كېلىپ، شاھزادىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئېلىپ بېرىپ پادىشاھىغا تۆھپە قىلدى. شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك قارىسا، بىر قارا ساقال يىگىت تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. سەيپۇلمۇلۇك: «تەڭرىگە تەشەككۈر، ئادەم-

نىمۇ كۆرگىلى نېسىپ قىلدىلىڭ» دېدى.

تەختكە قارىسا، تەختنى بىرخىل خۇش پۇراق ياغاچتىن ياساپ ئۈنىڭغا جەۋاھىرلاردىن كۆز قويۇپتۇ. شاھ-زادە ئەدەب ۋە تەۋازۇ بىلەن سالام قىلدى. ئۇ پادىشاھ يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن شاھ-زادىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، تەختكە ئېلىپ چىقىپ، ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەردى. بىرقانچە كۈن ھەمسۆھبەت بولدى، ھال-ئەھۋال سوراشتى. يېقىلىشىپ سىرداش بولۇپ، مەقسەتلىرىنى ئاڭلاشتى. پادىشاھ شاھزادىنى نەچچە زامان يېنىدا تۇرغۇزۇپ، ھەر كۈنلۈكى ھەر خىل مېھماندارچىلىق قىلىپ كۈتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر-بىرىگە ئاتا-بالىدەك يېقىن ئەقىدە ئىخلاس قىلىشىپ ئۆتتى. كۈنلەردىن بىرىدە پادىشاھ شاھزادىگە:

— ئەي ئەزىز بۇرادىرىم، قانداق بولۇپ بۇ يەرگەكېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى.

سەيپۇلمۇلۇك ئاتىسىدىن تۆرىلىپ، ئانىسىدىن تۇغۇلۇپ، تا ھازىرغىچە بولغان ئىشلارنى ۋە كۆرگەن ھادىسىلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. بۇلارنى ئىشىتىپ پادىشاھمۇ يىغلىدى.

شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ھەزرەتلىرى نېمە بولۇپ، بۇ مايمۇنلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

پادىشاھ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ:

— پېقىرمۇ سىزگە ئوخشاش جاھان تاماشىسىغا چىققانىدىم. سىز تارتقان مېھنەت-مۇشەققەتلەرنى مەنمۇ تارتقان. تۇيۇقسىز مايمۇنلار تۇتۇۋېلىپ ئەكېلىپ ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلدى. بۇلارنىڭ ئادەت قائىدىسى بويىچە: قاچانكى پادىشاھى

ئۆلسە، ھەر تەرەپكە تارقاپ چىقىپ بىرەر ئادەم يولۇقسا، ئۇ ئادەم خالىسۇن-خالىمىسۇن ئېلىپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىدىكەن. مەنمۇ تۇيۇقسىز بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ مۇشۇ كۈنگە قالدىم، — دېدى.

ئۇلار ئاھ-زار قىلىشىپ يىغلاشتى.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن بىر ئۇياقتا، بىر بۇياقتا تاماشا قىلىپ يۈردى. مايمۇنلار بولسا «بۇ پادىشاھىمىزنىڭ قېرىندىشى ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلدى. شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك بىر كۈنى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ:

— ئەي ئەقىللىق ۋە ئادىل پادىشاھ، مېنىڭ سەندىن ئايرىلىشقا تاقىتىم يوق. بىر ياققا بارىدىغانغا تېخى قۇۋۋىتىم يوق، لېكىن تۇرۇپ قېلىشقا ئامالىم تېخىمۇ يوق. بىزنى بۇ ئايرىلىش ئەندىشىگە سالماقتا. بۇ بىزگە تەقدىر قىسمىتىدۇر. ئۆزلىرى باغى ئىرەم ۋە بەدىئۇلجامال ھەققىدە بىرەر مەلۇمات ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

پادىشاھ:

— خۇدا ھەققى، مەن بۇنداق ئىسىمنى ئاڭلاپ باقمىغان. ئەمما پالانى يەردە لايەئتا ئەمەلىك بىر قېرى كىشى بار ئىمىش، بەلكىم شۇ كىشى بىلىشى مۇمكىن، — دېدى.

پادىشاھ سەيپۇلمۇلۈكنى بىر يول باشلىغۇچى بىلەن بىللە ئۇ يەرگە ئەۋەتتى. ئۇلار نەچچە پەرسەڭ يول يۈردى. ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتتى. ئۇ قېرى سال كىشى بىلەن كۆرۈشتى. ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى سورىدى. ئۇ مويسىپىت كىشى:

— بىلمەيمەن، — دېدى.

شاھزادە يەنە:

— ئەي بوۋا مەرۋايىت نېمىدىن پەيدا بولىدۇ، — دەپ سورىدى.

ئۇ كىشى:

— بۇ يېقىندا بىر تاغ بار، ئۇنىڭدا مەرۋايىت تولا، — دېدى ۋە شاھزادىنى غايەت ئېگىز بىر تاغقا باشلاپ باردى.

شاھزادە يەنە سورىدى:

— ئەي بوۋا مەرۋايىت نېمە سەۋەبتىن سېرىق بولىدۇ؟

ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ:

— ئۇنىڭ رەڭگى ئەسلىدە ئاق. كۈن نۇرىنىڭ ئىسسىقىدا سارغىيىپ قالغان. ئۇ يەتتە يىل كۈن نۇرى كۆرگەندىن كېيىن قىزىرىپ مەرۋايىتقا ئايلىنىدۇ، دەيدىغان قاراش بار، — دېدى.

شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك بىرمۇنچە زىق، ئالىقات ئالدى. ئاندىن ئۇ مويسىپىت بىلەن خوشلىشىپ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ ئىككىيلەن بىر-بىرىگە مۇڭ ئېيتىشىپ، ھەر كۈنى بىر ياكى ئىككى قېتىم يىغا-زارە قىلىشاتتى. بۇلارنىڭ يىغىسىغا چۆل-جەزىرە، تاغ-دەريالارمۇ ھەيران ئىدى. ھەر كېچە مەجلىس تۈزگەندە، تاڭ ئاتقۇچە بىر توپ مايمۇنلار ئۇلارنىڭ بېشىدا چىراغ تۇتۇپ تۇراتتى. يەنە بىر توپ مايمۇنلار ھەر خىل لاتىلارنى ياغاچقا يۆگەپ، تۇغ-ئەلەم قىلىپ كۆتۈرۈپ تۇراتتى. نەچچە كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئەيش-پاراغەت بىلەن ئۆتتى. شاھزادە باغى ئېرەم بىلەن بەدىئۇلجامالنى يادىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئىشق-مۇھەببىتى قايناپ تاشتى. شۇڭا يىغلاپ تۇرۇپ پادىشاھتىن رۇخسەت تىلىدى. پادىشاھمۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي ۋاپادار سىردىشىم، مەن يالغۇز قالسام قانداق قىلارمەن. نېمە بولۇپ كېتەرمەن. بىر نەچچە زامان بىرگە تۇرساق، — دېدى.

شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا:

— ئەي كېرەملىك پادىشاھىم، ھەزرەتلىرىدەك ئاتا ماڭا ھېچ يەردىن تېپىلماس، بىر سائەت ئايرىلىشقا تاقىتىم يوق. قانداق قىلاي؟ بۇ ھاۋايى-ھەۋەس مېنىڭ بېشىمغا چۈشۈپتۇ، تارتماسقا مەندە چارە يوق، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھەرچەند خاھلىساڭ رىزامەن،
بىچارەۋۇ تابىئى قازامەن.

پادىشاھ شاھزادىنىڭ يىغىسىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئىچىنىپ ئىختىيارسىز ھالدا يىغلاپ كەتتى. ئاندىن كېيىن شاھزادىگە باشتىن ئاياغ كىيىم كىيدۈرۈپ، پادىشاھانە ئالتۇن-كۈمۈش، مارجان-زۇمرەت، ياقۇت ۋە كېچىنى نۇرانە قىلىدىغان نۇرلۇق گۆھەرلەرنى ئىلتىپات قىلدى. ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن بىر مايمۇنغا:

— بۇ دوستۇمنى ئۆزۈڭ بارسەن، قەيەردىن ياندۇرسا، شۇ يەردىن يانغىن، — دەپ تاپىلىدى. ئۆزىمۇ ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە بىرگە بېرىپ، يىغلاشقان ھالدا خوشلىشىپ ياندى.

شاھزادە سەيپۇلمۇلۇكنى مايمۇن يول باشلاپ ئېلىپ ماڭدى. ھەرقېتىم ئات ماڭغىلى ئۇنىمسا، مايمۇن ئاتىنىڭ قۇلىقىنى چىشلەپ ماڭدۇراتتى. بىر جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن مايمۇنغا رۇخسەت بېرىپ، پادىشاھقا قۇللۇق ئىزھار ئەيلەپ ياندۇردى. ئۆزى يولغا راۋان بولدى. نۇرغۇن مۇساپىلەرنى باستى. شاھزادىگە غېرىبچىلىق تەسىر قىلدى. ئاتا-ئانىسىنى

(داۋامى 201 - بەتتە)




## جەننەتتىن كەلگەن ئادەم

بىر ئايال ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بوپتۇ. كېيىنكى ئېرى ئۇنىڭغا تۇنجى ئېرىدەك ياخشى مۇئامىلىدە بولماپتۇ. دائىم دەككە، بېرىپ دىلىغا ئازار يەتكۈزۈپتۇ. قەدىناس ئېرىنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپتۇ. بىر كۈنى بۇ ئايال ئاشخانىدا تاماق ئېتىپ ئولتۇرۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن تۇنجى ئېرىنى ئەسلەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى بىر-بىر يادلاپتۇ. ئايال ئاشۇ خىياللار بىلەن مۇڭلىنىپ ئولتۇرسا، بىر دەرۋىش ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئايال ئۇنىڭدىن:

— ئۆزلىرى قەيەردىن كەلدىلە؟— دەپ سوراپتۇ.

— جەننەتتىن — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەرۋىش.

«جەننەت» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ.

— نېمىگە يىغلايلا؟— دەپ سوراپتۇ دەرۋىش.

— مېنىڭ ئېرىم جارۇللا مۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئالەمدىن كەتكەن. ئۇ كىشىنى جەننەتتە كۆردىلىمۇ؟

دەرۋىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ هاڭ-تاڭ بولۇپ قاپتۇ ۋە دەرھال ئەقىل يۈرگۈزۈپ:

— ھەئە، شۇنداق. مەن ئۇنى كۆردۈم،— دەپتۇ.

ئايال يىغا سېلىپ:

— نۇرغۇن بايلىق يىغىپ، ئاخىر ئۇ دۇنياغا بايلىق ئەسقاتماي، بىر ماتا كېپەن بىلەن كەتكەن مۇرەببىيىم،— دەپ زارلىنىپتۇ.

دەرۋىش ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ تەسەللى بېرىپتۇ. ئايال ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ:

— سىلە يەنە جەننەتكە كېتەملا؟—دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، ئەتىلا كېتىمەن.

— ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

— رۇھۇللا.

ئايال كۆڭلىدە بۇ خۇداغا يېقىن ئۇلۇغ زات بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۆيىگە باشلاپ داستىخان سېلىپ مېھمان قىپتۇ. دەرۋىشكە يەنە كىيىم - كېچەك، نان - توقاچ يوللۇق تۇتماقچى بولۇپ ئىچكىرى ئۆيگە، كىرىپ كېتىپتۇ. دەرۋىش بۇ ئۆيدە مېھمان بولۇپ قورسىقىنى راسا تويغۇزۇۋالغانلىقىغا خۇشال بوپتۇ. دەرۋىش ئىچىدە «بۇ ئايال تازىمۇ ساددا ئىكەن. جەننەتتە ئېرىمنى كۆردىڭمۇ دەۋاتىدۇ» دەپ تۇرۇشىغا، ئايال ئايىغاق كۆڭلەك - ئىشتان، نان - توقاچلارنى بىر بوغچىغا چىگىپ دەرۋىشكە سۇنۇپتۇ. ھەمدە جەننەتكە قايتىپ بارغاندا ئېرىگە كۆپتىن - كۆپ سېغىنىپ سالام ئېيتىشنى ۋە بۇ نەرسىلەرنى بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ. دەرۋىش ئايالنىڭ قولىدىن بوغچىنى ئېلىپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ھايال ئۆتمەي ئايالنىڭ كېيىنكى ئېرى قايتىپ كەپتۇ. بۇ ساددا ئايال ئېرىگە ھېلىقى دەرۋىشنىڭ جەننەتتىن كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسىلەرنى دەپ بېرىپتۇ. ئېرى خوتۇنىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خاپا بولۇپ، خوتۇنىغا كايىپتۇ.



— ھۇ، مېڭىسى
يوق كالۋا خوتۇن.
دۇنيادا مۇشۇنداق-
مۇ گول - ھاماقەت
خوتۇن بولامدۇ، مەن
ھازىر ئارقىسىدىن
قوغلاپ بېرىپ ئۇنى
تۇتۇپ كېلىمەن، —
دەپتۇ - دە، دەرھال
ئېتىغا مىنىپ دەر-
ۋىشنى قوغلاپ
مېڭىپتۇ.

دەرۋىش بوغ-
چىنى كۆتۈرۈپ
خۇشال ھالدا كېتى-
ۋاتسا، ئارقىسىدىن
ئاتنىڭ تۇياق تىۋىشى ئاڭ-
لىنىپتۇ. شۇنداق بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قار-
سا، يىراقتىن بىر ئادەم ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋات
قۇدەك. دەرۋىش كۆڭلىدە: «ھەرقاچان ئاشۇ ئايالنىڭ ئېرى
كەلدى بولغاي» دەپ، قولىدىكى بوغچىنى دەرھال يول ئۈستىدىكى قويۇق
دەرەخزارلىققا تاشلىۋېتىپ ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ كېتىۋېرىپتۇ.

ئاتلىق ئادەم دەرۋىشنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ:
— قولىدا بوغچا كۆتۈرۈپ ماڭغان بىر ئادەمنى كۆردىلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھەئە كۆردۈم. ھېلىراق قولىدا بوغچا كۆتۈرگەن بىر ئادەم ئاۋۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، — دەپ ئورمانلىقنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى ئات ماڭالمايدىغان يولنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ دەرۋىشكە:
— ئېغىر كۆرمەي ماۋۇ ئاتنى تۇتۇپ تۇرسىلا، مەن ئۇ ئادەمنى ئىزدەپ تېپىپ كېلەي، — دەپ ئاتنى دەرۋىشكە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

دەرۋىش ئورمانلىق ئىچىگە تاشلاپ قويغان بوغچىنى ئېلىپ كېلىپ، ئاتقا مىنىپلا بۇ يەردىن بەدەر قېچىپتۇ. ھېلىقى ئادەم بوغچىنى ئېلىپ كەتكەن كىشىنى ئىزدەپ تاپالماي، قايتىپ ھېلىقى ئاتنى تۇتقۇزۇپ قويغان جايغا كەلسە، ئادەممۇ يوق، ئاتمۇ يوق.
ئۇ كىشى: «ھەي ئېسىت، خوتۇننى ئالداپ بوغچىنى ئېلىپ ماڭغان دەرۋىش شۇ ئىكەن. بىلمەي قاپتىمەن. مېنى ئالداپ ئاتنىمۇ ئېلىپ قېچىپتۇ» دەپ ئاھ ئۇرۇپ، خاپىچىلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەستەكلەپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە: «مەن خوتۇندىنمۇ گاللىۋاڭ، ئەخمەق ئىكەنمەن. ئاتنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغىنىمنى دېمەمدىغان، ۋاي ئېسىت...» دەپ ئامالسىز ئۆيىگە قايتىپتۇ. ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيىگە كەلسە، ئايالى ئېرىنىڭ تولا تەلەت پىيادە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:
— ئات قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئاتنى ھېلىقى دەرۋىشنىڭ جەننەتكە پاتىراق بېرىپ، سەن بەرگەن بوغچىنى ئېرىڭگە يەتكۈزسۇن، دەپ بېرىۋەتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئېرى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۆمىنئاخۇن، رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان مۆمىن

**مۇشتەرىلەر دىققىتىگە:**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993-يىللىق 2-سانىدا بەت نومۇرى ئالمىشىپ كەتكەنلىكتىن، 193-بەت بىلەن 194-بەت بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قالغان. يەنە ژۇرنىلىمىزنىڭ 208-بەت ئۈستىدىن بىرىنچى قۇردا «ئەدەبىيات» دېگەن سۆز «ئەدەبسات»، ئىككىنچى قۇردا «تۇغۇلغان» دېگەن سۆز «تۇتۇلغان» بولۇپ قالغان. تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

# دەرد

بۇرۇنقى زاماندا قۇددۇس ئىسملىك داڭدار بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ بۆككىدە ئورمان بىلەن ئورالغان گۈزەل بىر شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. بۇ شەھەر ئاۋات، مولچىلىق، پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان ئىكەن.

قۇددۇس پادىشاھنىڭ ئون ئىككى ئايالى بولۇپ، ھەر بىر ئايالنىڭ ھۇجرىسىدا بىر ئايدىن مېھمان بولۇپ، ئۆمرىنى كەيپ ـ ساپا ئىچىدە ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇنىڭ ئايالىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پادىشاھنى بەسلىشىپ كۈتىدىكەن.

شۇ ۋەجىدىن پۇقرالار پادىشاھنى «دەردى يوق» دېيىشىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ گەپ قۇددۇس پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ «ئېغىر دەردى» نىڭ بارلىقىنى ھېس قىپتۇ. چۈنكى ئۇ ئاتمىشقا ئۇلاشقان بولسىمۇ، تېخى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن.

ئۇ يېشى چوڭايغانسېرى پەرزەنت ئىشقىدا ھەسرەتچېكىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، چىرايى زەپىرانلىققا تولۇپتۇ. ئۇ 11 ئايغىچە 11 ئايالى بىلەن بىللە بوپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ دەردىنى چۈشەنمەپتۇ.

ئون ئىككىنچى ئايالى مەلىكە ناۋاتنىڭ خانىسىغا مېھمان بولغان ئۈچىنچى كۈنى، مەلىكە ناۋاتنىڭ ئاغزىدىن كۆڭلىدىكىدەك گەپنى ئاڭلاپ بۇ ئايالدىن تولىمۇ خۇرسەن بوپتۇ.

پادىشاھ مەلىكە ناۋاتتىن خۇرسەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىچ سىرىنى خۇپىيانە تۇتۇپتۇ. ئۇ مەلىكە ناۋاتنىڭ مەخسۇس خانىسىدا ئۆتكۈزگەن بىر ئاي ئىچىدە ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ «دۇنيادا دەردى يوق ئادەم بارمىدۇ؟ بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن دۇنيانى بىر ئايلىنىپ چىقىشىم كېرەك» دېگەن قارارغا كەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ مەلىكە ناۋاتنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئون يىللىق خان قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى سەپەرگە چىقىپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنلۈك يولغىچە ئۇزىتىپ كەلگەن مەلىكە ناۋاتقا ئايرىلىش ئالدىدا شۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ:

ـــ ئەي گۈزەل مەلىكەم، مەن جاھاننى ئايلىنىپ چىقىشنى نىيەت قىلدىم. مۇبادا جېنىم تېنىمدە بولسا ئون يىلدا قايتىپ كېلىمەن. سىز مېنىڭ ئورنىمدا ئون يىل شاھ بولىسىز. مەن كەلگىچە يۇرتنى ئادىل باشقۇرۇڭ. پۇقرالارنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى

پۈتۈن بولسۇن؛ مەن قايتقاندا سىزگە خەۋەر بېرىمەن. مېنىڭ ئالدىمغا سىزدىن تۇغۇلغان 8 - 9 ياشلاردىكى ئوغلۇم، ئالا ئاياغ، قاشقا تورۇقتىن تۆرەلگەن تۇلپارنى مىنىپ قارشى ئالغىلى چىقسۇن...

پادىشاھ مەلىكە ناۋاتقا شۇلارنى ئېيتىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

مەلىكە ناۋاتنىڭ دىلى غەمكە، كۆزى نەمگە چۆكۈپ ھەسرەت بىلەن شاھنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ ۋەسىيىتى مەلىكە ناۋاتقا يېڭى دەرد قالدۇرۇپتۇ. چۈنكى ئۇ پادىشاھ بىلەن ئۆتكەن بەش يىللىق ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىدا بىرەر پەرزەنت كۆرمىدى. ئەمدى پادىشاھ ئون يىلغىچە يېنىدا بولمىسا ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن پەرزەنتنى تېپىش مۇمكىنمۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك» ئالا ئاياغ، قاشقا تورۇقنى شاھ مىنىپ كەتسە، ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن تۇلپارنى نەدىن تاپقۇلۇق.

مەلىكە ناۋات بۇ دەردتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئويلاپتۇ. ئويلا - ئويلا ئاخىر بىر ئەقىل تېپىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مەلىكە ناۋات ئەل - يۇرتنى ئادىل باشقۇرۇپتۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشى شاھ قۇددۇس ئويلىغاندىنمۇ باياشات بولۇپ كېتىپتۇ. خەزىنىسى ئالتۇن - يامبۇلار بىلەن تولۇپتۇ. مەلىكە ناۋات يەنە بىر قىسىم چەۋەندازلارنى تاللاپ مەخسۇس تەربىيىلەپتۇ. چەۋەندازلار ئىشلارنى مەلىكىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بەجا كەلتۈرىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. مەلىكە ناۋاتنىڭ ئادەملىرى شاھ مەلىكىنىڭ نام - شۆھرىتى خەلقى - ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ. قۇددۇسنىڭ نەگە بارغانلىقى، نېمە ئىش قىلغانلىقىدىن ھەر ئۈچ كۈندە بىر نۆۋەت مەلىكە ناۋاتقا خەۋەر بېرىپ تۇرۇپتۇ. مەلىكىمۇ ئۆز پىلانىغا پۇختا تەييارلىق قىپتۇ.

مەلىكە ناۋات ئۆز پىلانىنى تۈزۈۋەرسۇن، ئەمدى گەپنى ئۇنىڭ «ۋاپادار» ئېرى شاھ قۇددۇستىن ئاڭلايلى:

شاھ قۇددۇس پۇقراچە كىيىنىپ، ئالا ئاياغ تۇلپارنى يورغىلىتىپ شۇ ماڭغىنىچە چۆل - جەزىرە، تاغ - داۋانلاردىن ئۆتۈپ، ساناقسىز كېچىكلەرنى كېچىپتۇ. تومۇز ئايلىرىنىڭ تونۇردەك ئىسسىقىدىن كېيىم - كېچەكلىرى تەرگە چىلىنىپتۇ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ، تاڭلايلىرى قۇرۇپتۇ. ئۇ نۇرغۇن شەھەر، يېزا - قىشلاقلارنى ئارىلاپ، ئۆزى ئۇچرىغانلا ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بوپتۇ. بىراق بىرەرمۇ دەردى يوق ئىنساننى تاپالماپتۇ. بىر ئايدىن كېيىن كاتتا بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ شەھەر شاھ قۇددۇسقا ئۆز شەھىرىدىن چوڭ، گۈزەل ھەم ئاۋات كۆرۈنۈپتۇ.

شاھ قۇددۇس بۇ ئاۋات شەھەرنى ئارىلاپ، پادىشاھنىڭ ئوردا راۋىقى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا راۋاقتا كېلىشكەن، قامەتلىك بىر پادىشاھ ئايلانما ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇدەك. ئەتراپىدا ئالتە پەرىزات پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ، بىرى بېشىنى تۇتسا، بىرى ئايىغىنى تۇتقۇدەك. بىرى ئالتۇن ساپلىق يەلپۈگۈچ بىلەن پادىشاھنى يەلپۈسە، بىرى قىزىلگۈل، ئەترگۈللەرنى شاھقا سۇنىدەك؛ يەنە بىرى قەدەھكە قويۇلغان

مەينى شاھقا تۇتسا، يەنە بىرى قۇشلارنىڭ گۆشىدە ياسالغان نازۇ - نېمەتلەرنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك.

شاھ قۇددۇس «دۇنيادا دەردى يوق ئادەم مۇشۇ پادىشاھ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

قۇددۇس شاھ دەرۋازىۋەنگە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى ئېيتىپتۇ. دەرۋازىۋەن شاھقا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. شاھ قوبۇل قىپتۇ.

بۇ پادىشاھ ئەمدى قىرىقلاردىن ئاشقان، ئىسمى يولۋاس ئىكەن، ئۇنىڭ راسا قىران چاغلىرى بولۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق باتۇر، قامەتلىك، نام - شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر شاھ ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ پەرىزاتتەك ئۈچيۈز ئاتمىش خوتۇنى بار ئىكەن.

شاھ قۇددۇس، شاھ يولۋاس بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ ئېسىل مېھمانلىرى قاتارىدا كۈتۈلۈپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ. شاھ يولۋاس شاھ قۇددۇسنى مەنزىرىسى گۈزەل تەكرىقۇت تېغىنىڭ ساپ ھاۋالىق، زەمزەم سۇلۇق، قېلىن ئورمانلىق، گۈللەرگە پۈركەلگەن ئارامبەخش يايلىقى بولغان «گۈل چوققا» غا ساياھەتكە ئەپچىقىپتۇ. شاھانە چېدىرلار تىكىلىپ، خىزمەتكارلار جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىشىپتۇ، شاھلار بەزىدە يەپ - ئىچىپ شاھمات ئوينىسا، بەزىدە ئوۋ ئوۋلاپتۇ. كېچىلىرى ئۇدۇنيا، بۇ دۇنيانىڭ گەپلىرىنى قىلىشىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە شاھ قۇددۇس، پۈرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، شاھ يولۋاستىن «سىزنىڭ دەردىڭىز بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

شۇ سوئال بىلەن تەڭ شاھ يولۋاس، «ئاھ دەردىم» دەپتۇ - دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ.

شاھ قۇددۇس سۇ چېچىپ يۈرۈپ شاھ يولۋاسنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

شاھ يولۋاس ئۆز دەردىنى شاھ قۇددۇسقا بايان قىپتۇ:

— مەن يىگىرمە بەش ياش مەزگىلىمدە ئۇرۇشتا يارىدارلىنىپ ياۋلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى، بىراق ئاختا قىلىۋەتتى، راستىنى ئېيتسام مېنى تىرىك ئۆلۈك قىلىپ قويدى. مەن ياۋلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ بىر ئاي بولغاندا، دادام لەشكەرلىرى بىلەن دۈشمەننى يوقىتىپ مېنى قۇتۇلدۇردى. دادام ئۆلۈپ، شاھلىق ماڭا قالدى. ھازىر مېنىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش ئايالىم بار. بىراق مەندىن ئۇلار ھېچقانداق ھۆزۈر ئالالمايدۇ. ئاياللىرىم ئۇردا ئىچىنى رەسۋاچىلىققا سېلىۋاتىدۇ، بۇنى مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئۆتۈۋاتىمەن. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق دەرد بولامدۇ.

شاھ قۇددۇس شاھ يولۋاسنىڭ دەردىگە، ئۆزىنىڭ دەردىنىڭ ياماقچىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە شاھ يولۋاسقا قاتتىق ئېچىنىپتۇ.

ئىككى دەردمەن بىر - بىرىگە ئۆزلىرىنىڭ دەردلىرىنى تۆكۈۋاتقان شۇ كۈنلەرنىڭ بىر سەھەرلىكى، «گۈل چوققا» يايلىقىدا شاھ يولۋاسنىڭ چېدىرىدىنمۇ ھەشەمەتلىك بولغان شاھلارغا خاس، چېدىر تىكىلىپتۇ. بۇ چېدىر شاھ يولۋاسنىڭ چېدىرىدىن بەشيۈز مېترلا نېرىدا ئىكەن. بۇ يايلاققا ھەرقانداق پادىشاھ شاھ يولۋاسنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي

كېلەلمەيدىكەن. شۇڭا بۇ ئىش شاھ يولۋاسنى ھەم غەزەپكە ساپتۇ ھەم ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپتۇ.

قارشى تەرەپ پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى شاھ يولۋاسنىڭ چېدىرى ئالدىغا كېلىپتۇ. شاھ يولۋاسقا مەكتۇپ سۇنۇپتۇ. مەكتۇپتا مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«مۆھتىرەم شاھ يولۋاس، ئالدى بىلەن سىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. كېچىكى تۈندە، سىزنىڭ بۇ زېمىنىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭقىرالمىغانلىقىم ۋەجىدىن، سىزدىن بىسوراق بۇ يايلاقتا قونۇپ قالدىم. گۇناھىمنى كەچۈرۈپ مېنىڭ بۇ يەردە بىرەر كۈن تۇرۇشۇمغا ھەمدە سىزگە ۋە سەپداشلىرىڭىزغا چاي بېرىشىمگە ئىجازەت قىلغايسىز...

ھۆرمەت بىلەن: مەشرىقتىن مەغرىپقا ساياھەت قىلغۇچى جاھانكەزدى پادىشاھ قۇدرەت»

شاھ قۇددۇس مەكتۇپنى ئوقۇپ قاتتىق سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ، جاھانكەزدى پادىشاھ قۇدرەتنىڭ ئىسمى-شەرىپىنى، داڭقىنى ئاڭلىغان، لېكىن كۆرمىگەن ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، شاھ يولۋاس، شاھ قۇددۇس بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چايغا بارىدىغانلىقى ھەققىدە مەكتۇپ يېزىپ، قۇدرەت پادىشاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىككى قوللاپ بېرىپتۇ.

«گۈل چوققا» يايلىقى شۇ كۈنى قاينام-تاشقىنلىق بەزمە سورۇنىغا ئايلىنىپتۇ. شاھ يولۋاس، شاھ قۇددۇس ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى، لەشكەرلىرى، شاھ قۇدرەتنىڭ مېھماندوستلۇقىغا، خىزمەتكارلىرىنىڭ چوڭەرلىكىگە، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان نەغمە-ناۋا ئەقىل-پاراسىتىگە قايىل بوپتۇ.

شاھ قۇددۇسنى ھەممىدىن بۇرۇن، شاھ قۇدرەتنىڭ پەرىزاتتەك جامالى، بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرى كۆيدۈرۈپتۇ. بىراقتا ئۇنىڭ گۇمانلىرىنى قۇدرەت پادىشاھنىڭ يارىشىملىق شاپ بۇرۇتى، ئەرلەرگە خاس ئاۋازى ھەم ھەرىكىتى يېڭىپ چۈشۈپتۇ-دە، ئىككى پادىشاھ، ئالدىدا ئەدەبسىزلىك بولمىسۇن...دەپ ئېھتىيات قىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ شاھلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھماندوستلۇق، بىر-بىرىنى چايغا چاقىرىش بىر كۈندىن ئۆتۈپ ئۈچ كۈنگە داۋاملىشىپتۇ. شاھلارنىڭ خىزمەتكارلىرى، لەشكەرلىرىمۇ بەزمە سورۇندىن ھۇزۇرلىنىپتۇ.

شاھلار ئۆزئارا شاھمات ئوينۇشۇپتۇ. بىرىنچى كۈنى ئۇلار كىم يېڭىلسە، يەڭگۈچى شاھنىڭ خانىشىغا بىر پەرىزات ئايالنى بىر كېچە كىرگۈزۈپ بېرىشنى شەرت قىلىشىپتۇ، بۇ كۈندىكى شاھمات مۇسابىقىسىدە شاھ قۇددۇس، شاھ قۇدرەتنى يېڭىۋاپتۇ.

شاھ قۇدرەت ئاخشىمى ئەرەنچە كىيىملىرىنى، بۇرۇتلىرىنى ئۆزگەرتىپتۇ. ئەسلىدە بۇ مەلىكە ناۋات بولۇپ، شاھ قۇدرەتنىڭ شەكلىگە كىرىۋالغانىكەن. بۇنى شاھ قۇددۇس سەزمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ قۇددۇس، مەلىكە ناۋات بىلەن «گۈل چوققا» يايلىقىدا بىر كېچە بىللە بوپتۇ. شۇ كېچە مەلىكە ناۋاتنىڭ خىزمەتكارلىرى كۆيىگە كەلگەن ساغلام تورۇق بايتالنى، شاھ قۇددۇسنىڭ تۇلپارى ئالا ئاياغ قاشقىغا قوشۇۋېتىپتۇ.



خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن مەلىكە ناۋاتنىڭ بويىدا قاپتۇ. تورۇق بايتالمۇ ئايغىردىن چىقىپتۇ.

ئەتىسى شاھ قۇدرەت، شاھ يولۋاسنى يېڭىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى شاھ قۇدرەت شاھ قۇددۇسنى يېڭىپ شەرت بويىچە، ئۇنىڭ ساغرىسىغا تامغا بېسىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يايلاقتىكى ئويۇن-بەزمە ئاياغلىشىپتۇ. شاھ قۇدرەت ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. شاھ يولۋاس بىلەن شاھ قۇددۇسمۇ يايلاقتىن شەھەرگە قايتىپتۇ.

يايلاقتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەھەردە بىر ئايدىن ئارتۇق دەم ئالغان شاھ قۇددۇس، شاھ يولۋاسقا رەھمەتلىرىنى بايان قىلىپ يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كونا كېسىلى قوزغىلىپ، جاھاندا دەردى يوق ئادەمنى ئىزدەپ دەشتى-چۆل، تاغ-دەريالاردىن ئېشىپ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنى ئىشلەپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

جاھاننى دەرد ئىچىدە بىر ئايلىنىپ چىققان شاھ قۇددۇس، دەردى يوق ئادەمنى يەر يۈزىدىن تاپالماي، ئون يىل سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاخىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ.

ئۇ ئۆز شەھىرىگە ئون چاقىرىمدەك قالغاندا ئۆمرىدە ئۇچرىتىپ باقمىغان ھەيۋەتلىك قارشى ئېلىشقا ئۇچراپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى يولغا پاياندار سېلىپ، ئىككى ياقتا دەستە-دەستە گۈللەرنى تۇتۇپ قارشى ئاپتۇ. شاھنى ئالدى بىلەن قارشى ئالغىنى ئالا ئاياغ، قاشقا تورۇق تۇلپارغا مىنگەن، شاھ قۇددۇسقا خۇددى سۈيۈپ چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايدىغان توققۇز ياشلىق بىر شاھزادە بوپتۇ.

شاھزادە «سالام ئاتا!» دەپ ئاتتىن چۈشۈپ شاھ قۇددۇسنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. شاھ قۇددۇسمۇ سالامنى قوبۇل قىلىپ «بالام» دەپ قۇچاقلاپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا بالىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا كېلىپ، ۋەزىرلەر، خىزمەتكارلار، ئاياللىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

مەلىكە ناۋات شاھنى شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس خانىسىدا مېھمان قىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھ قۇددۇس مەلىكە ناۋاتنىڭ ئەقىل-پاراستىگە قايىل بوپتۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ «مىراسخورى» دىن پەخىرلىنىپ دەردىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى تىلغا ئاپتۇ.

رەتلىگۈچى: ئىلمىياس تاھىرى.



## ئەپەندى لەتىپىلىرى

### يۆتكىۋەتمىسىلە

ۋىلايەتتىن كەلگەن ئامبال بىر كۈنى ئەپەندىم تۇرۇشلۇق يېزىغا كېلىپ كۆپچىلىكتىن:

— يۇرتداشلار، هازىر بۇ ناھىيىگە يېڭى هاكىم بەلگىلەش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. قېنى كۆپچىلىك ئېيتىپ باقسۇن، بۇرۇنقى هاكىمنىڭ ئورنىغا كىمنى هاكىم قىلىپ بەلگىلىسەك بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

كۆپچىلىك نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئارىسالدا بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، ئەپەندىم دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۆھتىرەم ئامبال، كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى شۇكى، جانابلىرى هازىرقى هاكىمنى يۆتكىۋەتمەي، داۋاملىق ساقلاپ قالسىلا، — دەپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئامبال ئەجەبلەنگەن هالدا:

— بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ هاكىم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇ ناھىيىدە مەنسەپكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆزى ئورۇق ئىدى، ئۆي - بىساتى قۇرۇق، قورۇ - جايىمۇ يوق ئىدى. بىزگە هاكىم بولغاندىن كېيىن، بېيىپ، سەمرىپ ئۆزى چاپىنىغا، بىساتلىرى ئايۋىنىغا سىغمايدىغان بولۇپ كەتتى. شۇڭا بىرنەچچە ئورۇندا هەشەمەتلىك قورۇ - جاي ۋە قەسىر- سارايى سالدۇردى. بۇ هاكىمنىڭ كەم نەرسىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىمىز، دەپ ساقاللىرىم ئاقاردى. ئەمدى بىزگە يېڭى هاكىم كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭمۇ توقۇزىنى تەل قىلىپ بېرىمىز، دەپ تۈگەشكىنىمىز شۇ.

### قارايدۇ ۋە سانايدۇ

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، ئۆزلىرى خېلىلا ياشىنىپ قاپلا، باللىرى ئانچە - مۇنچە قارامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قارايدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

ئۇ كىشى يەنە:

— قانداقراق قاراۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەندىن قالىدىغان مىراسلارنى قانداق بۆلۈشۈش كويىدا، ئۆي - بىساتلارنى ۋە لىم ياغاچلارنى پات - پات قاراپ ساناپ قويىدۇ.

### ئىنساپلىق ئادەم

مەھەللىنىڭ ئىمامى بىر قېتىملىق نەزىردە ئەپەندىم بىلەن بىللە ئولتۇرغانىكەن، داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ:

— بەزىلەر گۆشكە ئۆزىنى ئۇرۇپ، شورپىسىنى ئانچە قىلمايدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئادەمگە كۈچ بولىدىغان ۋە مەنپەئەت قىلىدىغىنى گۆش ئەمەس، بەلكى

شورپا، بىر-ئىككى چىلىك گۆش يېگەندىن كۆرە بىر پىيالە شورپا ئىچكەن مىڭ ئەلا، دەپ ۋەز ئېيتىپتۇ.

بىر پەستىن كېيىنلا گۆش ۋە شورپىلار مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلاپتۇ. ئەپەندىم ساھىبخانىنىڭ قولىدىكى بىر تاۋاق گۆش بىلەن بىر پىيالە شورپىنى ئاپتۇ-دە، شورپىنى ئىمامنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. گۆشنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، گەپ-سۆز قىلماي يېيىشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئىمام ئەپەندىمنىڭ بۇ ئىشىدىن ئىن-



تايىن غەزەپلەنگەن ھالدا:

— ئەپەندىم، مېنىڭ ئالدىمدا بىر پىيالە شورپىنى قويۇپ، ئۆزىڭىز بىر تاۋاق گۆشنى غېمىڭىزدە يوق يەپ ئولتۇرىسىزغۇ؟ ئىنساپ بىلەن ئىش قىلسىڭىزچۇ؟! — دەپتۇ.

— ئىمام ئاخۇنۇم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مەن ئىنساپلىق ئادەم بولغاچقا، ئۆزلىرىنى مەھەللىنىڭ تەۋرەرۈكى دەپ، كۈچ-قۇۋۋەت بولىدىغان يېرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا قويدۇم.

## بۇلاقچىدىن قېچىۋاتىمەن

ئەپەندىم ئالما سېتىپ ئوقەت قىلىۋاتسا، باجگىر كېلىپ ئەپەندىمنىڭ ھارۋىسىدىكى ئالمىدىن يوغان سوغىسىغا بولۇشىغا قاچىلاپتۇ-دە، پۇلىغۇ بەرمەي، گەپمۇ قىلماي كېتىپ قاپتۇ.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم بازاردا ئىلگىرىكىدەكلا ئالما سېتىۋاتسا، ھېلىقى باجگىر يەنە پەيدا بولۇپ، ئەپەندىمگە سالام بېرىپتۇ. ئەپەندىم بۇ كىشىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماي، ئالدىراپ-تېنەپ، ئالمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ھارۋىسىنى سۆرەپ مېڭىپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن باجگىر ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، نېمە بولدىڭىز، مېنى كۆرۈپلا كەتكىلىۋاتىسىزغۇ؟ باجگىردىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ-نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن باجگىردىن ئەمەس، بۇلاقچىدىن قېچىۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## سىزنى خۇدا ساقلاپتۇ

ئەپەندىم قاسساپقا:

— ئۇستام، گۆشتىن ئىككى چىڭ تارتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

قاسساپ ئازغىنە گۆشنى تارازىغا سېلىپتۇ-دە:

— ئەپەندىم، مانا قاراڭ، ئېغىر ئىككى چىڭ دېگەن مانا شۇ. تارازىدىكى گۆش ئىككى چىڭدىن چىق بولغاچقا، تارازىنىڭ سېپىنى لىككىدە كۆتۈرىۋەتتى، — دەپ ھىجىيىپتۇ.

قاسساپنىڭ مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەپەندىم:

— ئۇستام، سىزنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلاپتۇ، ئەگەر سىز بىسخەستەلىك قىلىپ، تارازىڭىزغا ئىككى چىڭ گۆش سېلىپ قويغان بولسىڭىز، تارازىنىڭ سېپى كۆزىڭىز-

يەل تۇرلۇك كېسەلگە گۆش شىپا بولىدىـ
غان بولـۇپ قالدى؟ بۇ قانداق دورا بۇيـ
رۇغىنىڭىز؟

— مۇشۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ —
دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇ ئەھۋالغا قاراپ
دورا بۇيرىغىنىم. چۈنكى ئۆتكەن يىلى
دۆلتىمىزدە چارۋا ناھايىتى ئاز ئىدى، بۇ
يىل بولسا زور دەرىجىدە كۆپەيدى - دە.

### ھېچكىم كىيمىگەن رەخت

ئەپەندىم دۇكان ئېچىپ يۈرگەن
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باينىڭ خوتۇنى ئەپەنـ
دىمنىڭ دۇكىنىغا كىرىپتۇ ۋە قاش - كۆزىـ
نى ئوينىتىپ تۇرۇپ:

— ئەپەندىم، دۇكىنىڭىزدا ھېچكىم
كىيمىگەن رەخت بولسا، يارىشىملىقىنە بىر
كۆڭلەك كىيىپ، خەلقلەرنى ھەيران قال





گە تېگىپ كېتىپ، سىزنى كور قىلىپ قو-
ياركەندۇق، — دەپتۇ.

### ئەھۋالغا قاراپ بۇيرۇلغان دورا

ئەپەندىم ئوردىدا تېۋىپلىق قىلىپ
يۈرگەن كۈنلىرىدە، بىر كىشى كېلىپ، كېـ
سەل كۆرسىتىپتۇ.

— سىزنىڭ كېسىلىڭىز كەم ماغدۇر-
لۇقتىن بولغان. سىز كۆپرەك گۆش يەڭ.
شۇنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى،
گۆش بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ. تۇرلۇك
كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەپەندىم، — دەپتۇ ئۇ كىشى ھەيـ
ران قالغان ھالدا، — ئۆتكەن يىلى سىزنىڭ
ئالدىڭىزغا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلسەم
ئۆزىڭىز ماڭا «گۆش يېيىشتىن پەرھىز قىـ
لىڭ، گۆش تۇرلۇك كېسەللەرنى پەيدا
قىلىدۇ» دېگەنىدىڭىز. قانداق قىلىپ بۇ

دۇرۇپ، كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەي دې-
گەندىم، قانداق بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بار، — دەپتۇ ئەپەندىم، ئاندىن بىر
كاناپ تاغارنى ئېلىپ چىقىپ، باينىڭ خو-
تۇنىنىڭ ئالدىدا قويۇپ، — خانىم، مانا بۇ
ھېچ كىشى كىيىپ باقمىغان رەخت، — دەپتۇ

## ئۇنداقتا مەنمۇ شۇنداق قىلاي

ئەپەندىمنىڭ ئىشلىرىدىن ئانچە رازى
بولماي يۈرگەن خوتۇنى دائىم:
— ئەپەندىم، سىلى قوشنىمىز سەمەت
ئاخۇن قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ بىرى-
نىمۇ قىلالمايدىلا. ئەگەر سىلىمۇ شۇ كىشى-
نىڭ كەينىگە كىرىپ، نېمە ئىش قىلسا
شۇنى قىلغان بولسىلا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزمۇ
تازا يۈرۈشۈپ كەتكەن بولاتتى، — دەپ
ئاغرىنىدىكەن.
بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى
يىگە كىرىپلا ئەپەندىمگە:
— ئەپەندىم قارىسىلا، قوشنىمىز
سەمەت ئاخۇن خوتۇنىنى قويۇۋېتىمەن،
دەپ قازىنىڭ ئالدىغا كەتتى — دەپتۇ.
ئەپەندىم خوتۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش
بىلەنلا، ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئۇنداقتا، يۈرۈڭلار خوتۇن، بىزمۇ
دەرھال قازىنىڭ ئالدىغا بارايلى، — دەپتۇ.
ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ھەيران بو-
لۇپ سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، ساراڭ بولۇپ قالدىلى-
مۇ؟ بىز قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ نېمە
قىلىمىز؟
ئەپەندىم جاۋاب بېرىپ:
— سىلىنىڭ سۆزۈڭلار بويىچە،
سەمەت ئاخۇن قىلغان ئىشنى مەنمۇ قىلىپ
باقاي دەيمىنا، — دەپتۇ.

## ئادا قىلىپ بولدۇم

مەھەللىنىڭ ھەج قىلىپ كەلگەن ئىما-
مى بىر كۈنى مەسچىتتە جامائەتكە مۇنداق
ۋەز ئېيتىپتۇ:
— ئەي جامائەت، ھەرقانداق ۋاقىت
ۋە ھەرقانداق جايدا بىز خۇدانى ياد ئې-
تىپ تۇرساق، بىزنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمان-
لىرىمىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. مانا مەن
خۇدادىن ھاجى بولۇپ كەلسەم دەپ كې-
چە - كۈندۈز تىلىۋىدىم، تىلىكىم ئاخىرى
ئەمەلگە ئېشىپ ھاجى بولۇپ كەلدىم. كى-
تابتا ھەربىر مۆمىن - مۇسۇلمان ئۆمرىدە
بىر قېتىم ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كې-
لىشنى ئارزۇ قىلسا، شۇ كىشىنىڭ نىيەت -
ئارمانىغا ئاللا يەتكۈزىدۇ. ناۋادا ئارزۇ -
ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشماي قالسىمۇ، ئاللا
تائالا يەنىلا شۇ كىشىگە يېرىم ھەجلىك سا-
ۋابىنى بېرىدۇ. بىر قېتىم ھەرەمگە بېرىش-
نى ئارزۇ قىلسا، يېرىم ھاجى بولغاندەك
بولىدۇ، دەپ بايان قىلىنغان، — دەپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ۋاقىت
ئۆتۈپتۇ. ئىمام بىر كۈنى يولدا بىر توپ
كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئەپەن-
دىمنى چاقىرىپ:
— ئەپەندىم، ئاڭلىسام پۇلنىمۇ خېلى
تېپىپسىز، پۇلنى دەپ خۇدانى ئۇنتۇپ
قالساق بولمايدۇ. بۇ ئالەم خۇدالىق ئالەم،
شۇڭا خۇدا يولىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ
ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلسىڭىز بول-
مامدۇ؟ — دەپتۇ.
ئەپەندىم:
— ئىمام، ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرى بويى-

چە، «ھاجى» بولۇپ بولدۇم، ئەمدى بېرىش-
نىڭ ھاجىتى قالمىدى، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ.
ئىمام ئەپەندىمگە ئاچچىقلىنىپ:
— ئەپەندىم، نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ سىز
ھەرەم تۇگۇل كەنتىمىزنىڭ سىرتىغىمۇ تۇ-
زۇكرەك چىقىپ باقمىسىڭىز، سىزنى قانداق-
مۇ «ھاجى» دەپ ئاتىغىلى بولسۇن؟! —
دەپتۇ.
— ئۆزلىرى: «بىر قېتىم ھەج قىلىش-
نى ئارزۇ قىلسا، يېرىم ھاجى بولغاندەك
بولىدۇ» دېگەنىدىلە، مەن مۇشۇ بىر نەچچە
كۈن ئىچىدە ھەج قىلىشنى ئۇدا ئىككى
قېتىم ئارزۇ قىلدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**ئۇنداق بولسا مەنلا ئادا قىلىۋېتەي**

— مەھەللىنىڭ ئاچكۆز ئىمامى بىر
كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئالدىنى توسۇپ:
— ئەپەندىم، ھەرەمگە بېرىپ ھەج
قىلىپ كېلىمەن، دەپ يۈرگىنىڭىزگە
ئىككى - ئۈچ يىل بولدى، بىراق بېرىپ
بولالمىدىڭىز. مانا مەن خۇدا خالىسا بۇ
يىل ھەرەمگە سەپەر قىلىمەن. ئەگەر خا-
لىسىڭىز ھەرەمگە ئاتاپ قويغان پۇلىڭىزنى
ماڭا بەرسىڭىز، مەن سىزنىڭ نامىڭىزدا
ھەج قىلىش پەرىزىڭىزنى ئادا قىلىپ كەل-
سەم قانداق دەيسىز؟ - دەپ سوراپتۇ.
— ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى، —
دەپتۇ ئەپەندىم، — شۇنداق بولىدىغان بول-
سا، ئۆزلىرى ياشىنىپ قالدىلا، سالامەتلىك-
لىرىمۇ ياخشى ئەمەس، شۇڭا ئۆزلىرىنى
مالال قىلماستىن ئىككى كىشىلىك ھەجنى
مەنلا ئادا قىلىپ كېلەي، ھەجگە ئاتىغان-
لىرىنى ماڭىلا بەرسىلە.

**يەر شارىنىڭ ئوقى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ**

دائىم كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قى-
لىپ كۆپتەك سەمرىپ كەتكەن باي، بىر
كۈنى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان
ئەپەندىمنى چاقىرىپ:
— ئەپەندىم، بەزىلەر يەر شارى قو-
ياش ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ،
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يەر شارىدىكى
جىمى مەۋجۇدات، قىسقىسى ئىنسانلارمۇ
ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ، دەيدۇ، بۇ راست-
مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— راست، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
ئەپەندىم.
باي ئەپەندىمنى مازاق قىلماقچى
بولۇپ، سامان تىققان قاپتەك بولۇپ كەت-
كەن قورسىقىنى ئىككى قولى بىلەن سىلاپ
تۇرۇپ:
— خوش، ئۇنداق بولسا ئەپەندىم،
مەن نېمە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماي، بىر
يەردە قاققان قوزۇقتەك جىم تۇرىمەن؟ —
دەپتۇ.
— ئەلۋەتتە جىم تۇرۇدىلا - دە، —
دەپتۇ ئەپەندىم، — چۈنكى ئۆزلىرىنى كۆ-
تۈرەلمەي، يەر شارىنىڭ ئوقى سۇنۇپ
كېتىپتۇ. شۇڭا ھەرىكەتتىن توختاپتۇ.

**شۇنىمۇ بىلمىدىلىمۇ**

مەھەللىنىڭ ئىمامى بىر سورۇندا جاما-
ئەتكە دادلاپ:
— جامائەت، ئالىملار قاچان قار - يام-
غۇر ياغىدىغانلىقىنى، ھەتتا قاچان بوران
چىقىپ، قاچان توختايدىغانلىقىنى بىلىدى-
كەن. مانا مەن خوتۇن بىلەن ئۈي تۇتقىلى
توپتوغرا ئوتتۇز يىل بوپتۇ. بىراق مەن ئۇ-

نىڭ قايسى ۋاقىتتا كۈلۈپ خۇشال بولىدىـ
غانلىقىنى، قايسى ۋاقىتتا خۇيى تۇتۇلۇپ
قاپىقى تۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا بە-
لەلمىدىم، — دەپتۇ.

— ئىمام ئاخۇنۇم، ئوتتۇز يىل ئۆي
تۇتۇپمۇ تاكى ھازىرغا قەدەر خوتۇنلىرى-
نىڭ مىجەزىنى بىلىپ بولالمىدىلىمۇ؟ —
دەپتۇ ئەپەندىم ئىمامغا، — مانا مەن خوتۇن-
لىرى بىلەن ئۆي تۇتۇشمىغان بولساممۇ،
ئۇنىڭ مىجەزىنى بەش قولدەك بىلىمەن.
ئۆزلىرى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا
بارغاندا، پۇل ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى
جىق - جىق كۆتۈرۈپ كىرسىلە، خوتۇنلىرى
كۈلۈپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. مۇبا-
دا قۇرۇق قول قايتسىلا، شۇ ھامان خوتۇن-
لىرىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ خۇيى تۇتۇ-
لۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

## ئېلىپ كېتەلمەيدۇ

سەمرىپ كۆپتەك بولۇپ كەتكەن باي
ئۆزىدىن ئەنسىرىگەندەك بولۇپ، ئەپەندىـ
دىن:

— ئەپەندىم، ئادەم ئۆلگەندىن كېـ
يىن، پەرىشتىلەر گۆرگە كىرىپ مۇردىدىن
سوئال سوراپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى
گۆرلۈكتىن ئەپچىقىپ كېتىدۇ دەيدۇ، راستـ
مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا باي، — دەپتۇ
ئەپەندىم تەسەللىي بېرىپ، — ئۆزلىرى يار-
مىغان كۆتەكتەك سەمرىپ كەتكەن ئادەم،
شۇڭا ئۇلار سىلىنى ھېچ يەرگە ئېپكېتەلـ
مەيدۇ.

## ئەيىنەككە قاراڭ

پارىنى تولا يەپ تۇلۇمدەك سەمرىپ
كەتكەن قازى جامائەت بىلەن بىر سورۇندا
ئولتۇرۇۋېتىپ، ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ھازىر كىشىلەر ھەدېسىلا
«ئۇ بۇنداق پارىخور ئادەم، بۇ مۇنداق پار-
خور ئادەم» دېگەن گەپلەرنى تولا قىلىـ
دىغان بولۇپ قالدى. زادى پارىخور دېگەن
قانداق بولىدۇ؟

— باي بېگىم، مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر
«پارىخور» نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلـ
مىگەن بولسىلا، بۇ تولىمۇ ھەيران قالار-
لىق ئىش بوپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇنى بىلىشكى
تولىمۇ ئاسان. ئۆيلىرىگە كىرىپ، تىكلىمە
ئەيىنەككە شۇنداقلا قارايدىغان بولسىلا،
پارىخورنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى شۇنىڭ
دىن كۆرۈۋالىلا، — دەپتۇ ئەپەندىم.

توپلاپ رەتلىگۈچى: قاھار ئابدۇرىشىت



## لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدىن

مەن كۆزلەككە بارادىمەن پىيادە،
سېنى ئۇنتۇڭ ماڭا بولىدۇ زىيادە.
ساقالىمغا ئاق چالماي تۇرۇۋالدى،
قېرى بىلەن تەڭ بولمادىم، ئىرادە.

ئاتنى قاتىپ بارادىمەن ئورماغا،
بوغۇز سالىپ كەلتۇرەرمەن تورۋاغا.
موسا ئاكە ماڭا تولا گەپ قىلما،
ئاتىم چۆشمەس سەن تاشلاغان سالماغا.

سەھەر ۋاختا ئاچىلغاننى كۆردۈڭمۇ،
تورغاي خانىم، مەندىن كۆڭۈل بۆلدۈڭمۇ.
مەندىن كۆڭۈل بۆلگەنىڭگە ئاغرىنمايمەن،
ئۆز خىلىڭنى تاپىۋالىپ سۆيدۈڭمۇ؟

بانا قىلىپ بارادىمەن ئارىگە،
گەپىڭ بولسا ئايتىپ قويغىن قارىگە.
ئۇنتۇڭدا مەن كاۋاپ بولۇپ يۈرۈيمەن،
رەھمىڭ كېلىپ قويار بولساڭ سايىگە.

قاغا بولۇپ ئىشىكىڭدە غاقتادىم،
بۆلگۈچەڭدە نامازىڭنى ساقتادىم.
سەن كىچىك نادان بالا بىلمەيسەن،
ياماڭ گەپتە ئۇستىخانىمنى ئاقتادىم.

ئۆڭ يۈزۈڭگە چاقى پەلەك چۆرۈلۈپ،
توختامايدۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ئۆرۈلۈپ.
ئارىغا ئىككى دۈشمەن پەيدا بولدۇ،
ئۆتۈپ كەتتى ئۇقا① قۇشتەك سوزۇلۇپ.

چاقى پەلەك ياراشىپتۇ خىلىدە،
قويۇۋىدىم بالاسىنى ئۆزىدە.
تاغقا چىقىپ يايلانغالى كېتۇرلار،
كېلىدۇلار مىندىغان ئىلىدە.②

شامال كەلسە ئىرغانادۇ كامپاشى③
يارىم كەلسە ئېتىلادۇ ئۆڭ قاشى.
ئاستا ئولتۇرۇپ ئۆزۈڭنى خىيال قىلسام
سەندىن بۆلەك يوقتۇر كۆڭلۈم قاياشى.

ئەللەر دەيدۇ، تولا ماڭدىڭ چاراغا،④
قارامادىڭ پۇتۇڭداقى ياراغا.
ماڭىپ - ماڭىپ يېتالمادىم يارىمغا،
نېمە گۇناھ قىلىۋىدىم خۇداغا؟

تولا ماڭسام نېمە بوپتۇ، ئۆز يۇرتۇم،
يول ماڭىشقا يارىتىلغان بۇ پۇتۇم.
خۇدا ئىگەم ئاسان قىلار يولۇمنۇ،
— مەنمۇ ئەمدى بەدگۇپانى ئۇنۇتتۇم.

---

① ئۇقا — تاج پۆپۈكى رەڭدار، بىر خىل ئەتىۋارلىق قۇش. ② ئىلىدە — يېلىدا.
③ كامپاشى — قومۇشنىڭ پۆپۈكى. ④ چارا — جاي ئىسمى.

تولا ماگدىم ئېشەككە خۇرجۇن ئارتىپ،
ئۇزۇن يولدا دەردىمدىن قوشۇق① قاتىپ.
قوشۇقۇمدا ئەرزىمنى بايان قىلاي،
دەرد ـ ھالىمدىن دوستلارىم بولسۇن ۋاقىپ.

قوشۇلادۇ قويلار كەتسە تارىلىپ،
كىم ئۆلۈپتۇ ئويناشىدىن ئايرىلىپ.
شەيتان دېگەن ئالا باغىر②، بەدگۇيا،
ھەر كىشىگە نازلىنىدۇ قايرىلىپ.

× ×

قۇندۇز ئوخشاش قاشىڭىزنىڭ قاراسى،
قۇرغۇي ئوخشاش بويۇڭىزنىڭ تاناسى.
تىل تورغايىم، بىزنى شۇنچە كۆيدۈرۈپ،
لىققادايدۇ③ قوش ئالماڭىز ئاراسى.

يار، چېلەكنىڭ تۈرۈدۇ قوزۇقىڭدا④،
ماڭا ئېيتار سۆزۈم كۆپ قورسىقۇمدا.
ەي خالايىق، كۆپ دەرد كۆردۈم مەن ياردىن،
ھەسرەت-ئەلەم، پۇشمانلارىم قوشۇقۇمدا.

ئەللەر دەيدۇ سارغايىپتۇ چىرايىڭ،
شامال ئوخشاش ئۇچۇپ يۈرەر خىيالىم.
گارامىزدا دۈشمەننىڭ گەپى تولا،
جەمە⑤ گەپكە كۆڭۈل بۆلمە گۈلئايىم.

شۇ ئاشىقنىڭ تەمى قاپتۇ تىلىمدا،
سەن يارنى دەپ ئوت كۆيەدۇ دىلىمدا.
دەردتە سىزدىپ بولۇم قالدىم ئۇستىخان،
كۆرسەڭ مېنى جان قالمادى تېنىمدا.

ئۆلۈپ كەتمەي كۆيۈپ سېنىڭ ئوتۇڭدا،
ئۆلسەم رازى پىلا⑤ بويلۇق قوينۇڭدا.
ئۇكال قىلماي ئارا تۇرغىن جانىمغا،
ئۇ ئالەمنىڭ قەرز قالماسۇن بوينۇڭدا.

يارىم، مېنىڭ ھايداشىم ياغاچ پەيپەي⑥،
قىزىلگۈلۈم، دەردىڭدە قانداق ئېتەي.
ئوت ـ كۆيۈكنىڭ دەردلىرى شۇنداق بولسا،
تەركىن ئەيلەپ يۇرتۇڭدىن چىقىپ كېتەي.

چىقىپ كېتەي يۇرتۇڭدىن تەركىن قىلىپ،
مۇساپىرلىق توختاپتۇ ماڭا كېلىپ.
چىقىپ قالار ماڭا باشقا ھەمراھلىق،
يا ئاتام يوق، يا ئانام، مەن بىر غېرىب.

× ×

قاشى قارا، ساچى سۇمبۇل، ئانار يۈز،
كېيىك كۆزلۈك مېھرىبانىم ياخشى قال.
جۇدالىقتا يۈرەك ـ باغرى داغلانغان،
خۇش كۆڭۈللۈك ۋاپادارىم ياخشى قال.

تېخى يولغا چىقماي باغرىم ئېزىلدى،
غۇنچە بويلۇق چېچەن يارىم خوش ئەمدى.
يالغۇز غېرىب باشىم سىلاپ جۇپ قىلغان،
جان جىگەرىم، دىل خۇمارىم خوش ئەمدى.

دەرد بىلەن نالە قىلدىم چۆلگە ئاتلاندىم
تىلى تاتلىق تىلتورغۇيۇم خوش ئەمدى.
سەھەر تاڭدا سايراپ دىلىم خۇشلىغان،
جۈپتىگارىم، جان قۇرغۇيۇم خوش ئەمدى.

---

① قوشۇق — قوشاق؛ ② ئالا باغىر — ئالا كۆڭۈل؛ ③ لوپنۇرلۇقلار چېلەكنى پەردە قوھماي ئارغا، بىسىم ئارقىلىق قوزۇققا ئېسىپ قويىدۇ؛ ④ جەمەگەپ — پىتنە — پاسات؛
⑤ پىلا — پىلە؛ ⑥ پەيپەي — يار-دىيارغا ئوخشايدىغان ياغاچ ھارۋا.

× ×

ئىرىب بولۇپ چىقىپ كەتتىم مەن سايغا،
سالامىمنى ئېلىپ بارامسەن قاغا.
بارغانىڭلار دۇنايى سالام دەڭلار،
سۆزى تاتلىق، تورغايخان گۈزەل يارغا.

قاغا، بارساڭ ئالىپ بار سالامىمنى،
خۇدايتالا قىلىپتۇ ئامانىمنى.
كۆنچۈنۈ توقايىدا قوي باقىپ،
قوڭۇرچاق① يىرتىۋالدى چاپانىمنى.

تاغ تەرەپتىن شامال كەلدى بىز سايان،
تورغايىمغا مەن كۆيۈپ بولدۇم سامان،
قاشىڭىزغا باراي دەپ ئارمان قىلسام،
يوللۇرۇمغا ئۈنۈپ توستى تاغ-داۋان.

ئۈنۈنچۈ ئايدا ئۈيۈيدۇ② ئاققان تارىم،
بۇ يىلقىلدا بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم يارىم.
چەككەن جاپا-دەردىمنى بىلمەيمۇسەن،
نەدە قالدى شۇنچە يول ماڭغانلارىم.

ماڭىپ كەتتى دەپ ئاڭلاپ كەلدىم كېيىن،
بىزگە ئاياپ دىمەپسەن ئاغىز يېلىك.

دۆڭگە چىقىپ قاراسام گۇمانى يوق،
دەردىڭىزدە ئېزىلىپ كەتتى تېنىم.

ئەمدى قوپاي تۇخۇ چىللاپ تاڭ ئاتتى.
قىزىلگۇلۇم غاپىل ئۇيقۇدا ياتتى.
كۈنۈم ئۆتتى گۇپالىقتا يار-يار دەپ،
يارىم ئۇكال قىلىپ ماڭا تاش ئاتتى.

كېچە-كۈندۈز خىيالىم سېنىڭ بىلەن،
توزاق يوقلاي بارامسەن مېنىڭ بىلەن.
تۇگۇرمەندە يالغۇز قالدى دەيدۇلا،
يۈرۈيسەندۇ ئۇندا سەن كېمىك بىلەن.

كۆڭلۈڭدەكى گەپنى قىلساڭ كېتەتتىم،
سېنى ئالسام مۇرادىمغا يېتەتتىم.
تورغاي خانىم، باغرىم كۆيۈپ قالمادى،
داۋاسىغا زەھەر بەرسەڭ ئىچەتتىم.

پات قىلماغىن دۆڭدە تۇرغان مەلەڭنى،
نېمە قىلاي يىمىشى يوق سايەڭنى.
دۈشمەنلەرىم يۈرەر ئىكەن تالاشىپ،
بېرىۋەتتىم گۇپاسى يوق ئالەمنى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۆيدىن سايىت



① قوڭۇرچاق — ئاق ئىمكەن.
② ئۈيۈيدۇ — مۇز تۇتىمدۇ، مۇز قاتىدۇ.

# قەدىمكى «كروران گۈزىلى» قەبرىسىنىڭ ئېچىلىشى

## ۋە تەتقىق قىلىنىش جەريانى

ئابدۇقېيۇم خوجا

1979 - ، 1980 - يىللىرى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر رايونىدىكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپى، كروران پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى — كروران شەھىرىنىڭ خارابىسى، كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، تۆۋەن ئېقىمى ۋە تېمەن دەرياسى ئەتراپىدىكى چۆل - باياۋانلارنى قېدىرىپ، بۇ جايلاردىن قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەرنى، خارابىلارنى تاپتى. بەزى قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، ئۇلاردىن كەم ئۇچرايدىغان، ئېسىل، خىلمۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى.

بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان «كروران گۈزىلى» نىڭ قەبرىسى 1980 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بايقالغان. بۇ قەدىمكى قەبرە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى (يەنى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئېقىمى) بىلەن تېمەن دەرياسىنىڭ قولتۇقى (ئۈچ بۇرجەك ۋادىسى) غا توغرا كېلىدىغان بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى 7 - 8 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئېگىزلىككە جايلاشقان قەدىمكى قەبرە قېزىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلى ئابىيەسى تۆۋەندىكىچە بولغان: لەھەت سوقىچاق تۆت چاسا قېزىلغان بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى 1.74 مېتىر، كەڭلىكى 0.7 مېتىر. لەھەت ئىچىگە بىر ئايال (كروران گۈزىلى) نىڭ جەسىتى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان پېتى دەپنە قىلىنغان. يۈزىگە كەندىر چىۋىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن ناھايىتى قېلىن ۋە زىچ قىلىپ قاتۇرۇپ توقۇلغان بىر خىل ئالاھىدە ياپقۇ يېپىلغان. ئايالنىڭ بېشىغا قوڭۇر رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن ئۇچلۇق قالپاق كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، قالپاقنىڭ سول يېنىغا ئىككى تال قۇش پېيى (قۇشنىڭ قانات پېيى بولۇشى مۇمكىن، قالپاققا قىستۇرۇلغان. پەيلەرنىڭ بىرسى بېجىرىم ساقلانغان، يەنە بىر تېلى بۇزۇلغان) قىستۇرۇلغان. ئۇچىسىغا (بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا) قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ يىپتىن قوپال توقۇلغان يۇڭ توقۇلما يۆگەلگەن بولۇپ، كېپەنلىك قىلىنغان بۇ يۇڭ توقۇلمىنىڭ چۆرىسى (قىرغاقلىرى) ئۇچلاپ تەييارلانغان ئېگىز سىمان ياغاچلار (يۇلغۇن چىۋىقلىرى) بىلەن ئىلىپ قويۇلغان؛ مېيىتنىڭ سول يېنىغا (باش بىلەن سول مۈرىسىگە يېقىن جايدا) لوپنۇر كەندىرىنىڭ چىۋىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن ناھايىتى قېلىن ۋە زىچ قىلىپ قاتۇرۇپ توقۇلغان، تەكتى يۇمىلاق بىر خىل ئالاھىدە بۇيۇم (بۇ خىل ئالاھىدە توقۇلغان بۇيۇمدىن سۇ ئۆتمەيدۇ) قويۇلغان. پۇتىغا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن پۇپۇچ كىيگۈزۈلگەن. ئايالنىڭ ئېگىكى سەل ئۇچلۇق، كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، قاش - كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قويۇق، بۇرنى قاڭشارلىق ۋە ئىنچىكە، كالپۇكى نېپىز، چاچلىرى سۇس قوڭۇر

بولۇپ، مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. مېيىت تەبىئىي شارائىت (قۇرغاق ھاۋا) ۋە قۇرغاق قۇم - تۇپراق ئاستىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كۆمۈلۈپ ياتقانلىقتىن، جەسەتنىڭ گۆش - مايلىرى تەبىئىي ھالدا رېئاكسىيىلىنىپ، قۇرۇپ قېتىپ قالغان؛ مېيىتنىڭ ھەممە ئەزاسى تولۇق ھەم ئۆز جايىدا بولۇپ، باش، گەۋدە، پۇت - قوللىرى ياخشى ساقلانغان. قەبرىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ كاربون 14 ($C_{14}$) تەجرىبىخانىسى ئانالىز قىلىپ، بېكىتكەن يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 95±3880 يىل بۇرۇن.

شائخەي تىببىي داشۆسى بىلەن شائخەي تەبىئەت مۇزېيىنىڭ جەسەتنى بىرلىكتە ئانالىز قىلىش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئۆلگۈچىنىڭ يېشى 40 — 45 ياشلار ئەتراپىدا، بوي ئېگىزلىكى 152 سانتىمېتىر، قۇرۇپ قالغان جەسەتنىڭ ھازىرقى ئېغىرلىقى 10٫7 كىلوگرام ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاناتومىيىلىك كۆزىتىش، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق بۇ ئايالنىڭ قان تىپى O بولۇپ چىققان.

ياپونىيە دۆلەتلىك ئىلىم - پەن مۇزېيى ئىنسانىيەت تەتقىقات ئورنىنىڭ چوڭقۇر ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئىلغار ئېلېكترونلۇق مېڭە ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىشى ئارقىلىق جەسەتنىڭ كۆركى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن چىراي شەكلى ئوتتۇرا ياشلىق، قاش - كۆزى كېلىشكەن، قاڭشارلىق، چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان، زىلۋا بويلۇق گۈزەل ئاياللارنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭا كروران تەۋەسىدىن تېپىلغان بۇ قەدىمكى جەسەتكە «كروران گۈزىلى» دەپ نام بېرىلگەن.

1980 - يىلى ئەتىيازدا قېزىۋېلىنغان «كروران گۈزىلى» نىڭ 4000 يىل بۇرۇنقى بۇ جەسىتى ئېلىمىز بويىچە بۇ كەمگىچە تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى جەسەت بولۇپ، ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېينىڭ «قەدىمكى جەسەتلەر كۆرگەزمىسى»دە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرى — چەرچەن ناھىيىسىنىڭ «زاغۇنلۇق» قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان. بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى ھەر خىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان ئەر - ئايال، بوۋاق جەسەتلىرى؛ قۇمۇلنىڭ «قارادۆۋە» قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن 3800 يىل بۇرۇنقى جەسەت؛ نىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى نىيە خارابىسى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان 2000 يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە تېپىلغان ئەر - ئايال جەسىتى قاتارلىقلار بىلەن كۆرگەزمە قىلىنغاندىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور تەسىر قوزغىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا ساياھەتكە كەلگەن ساياھەتچىلەر، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، ئالىملار، تارىخچىلار، ئارخېئولوگلار، ھەرقايسى ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەۋرىمىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن، دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان خىلمۇ خىل، قىممەتلىك، نادىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ۋە بۇ قەدىمكى دىياردا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان جەسەت ئەۋرىشكىلىرىنى كۆرۈپ زوقلاندى ۋە نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ماددىي پاكىتلىرى بىلەن تونۇشتى.

لوپنور رايونىدىن تېپىلغان قەدىمكى «كروران گۈزىلى» نىڭ جەسىتى ۋە ئاپتو-

نوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان 300 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل
قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 1992 - يىلى 9 - ئايدىن تارتىپ ھازىرغىچە
ياپونىيىنىڭ توكيو، فۇكوكا، كيوتو قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن كۆرگەزمە قى-
لىنىپ تېخىمۇ زور داغدۇغا پەيدا قىلدى.

ياپونىيىنىڭ يۇقىرىدىكى ئاۋات شەھەرلىرىدە ئېچىلغان «قەدىمكى كروران گۈزىلى
جەسىتى ۋە قەدىمكى يادىكارلىقلار» كۆرگەزمىسى جۇڭگو - ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى
نورماللاشقانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ،
بۇنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى جۇڭگو دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسى،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئو-
لوگىيە تەتقىقات ئورنى؛ ياپونىيە تەرەپتىن: جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇق جەمئىيىتى،
ئاساخى ئاگېنتلىقى، ئاساخى تېلېۋىزىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئىش-
لىدى. بۇ قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان كۆرگەزمە — جۇڭگو - ياپونىيە مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇش تارىخىدىكى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئالاھىدە چوڭ ئىش بولۇپ، ئۇ
ياپونىيىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان كۆرگەزمىلەر ئىچىدە مەزمۇنى مول، كۆلىمى كەڭ، مەدەنىيەت
يادىكارلىقلارنىڭ سۈپىتى خىل، سانى كۆپ، ۋاقتى ئۇزۇن بولغان بىر قېتىملىق كۆرگەزمە
پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قەدىمكى كروران گۈزىلى جەسىتى ۋە قەدىمكى يادىكارلىقلار» كۆرگەزمىسى 1 -
قېتىم توكيو دۆلەتلىك ئىلىم - پەن مۇزېيىدا 1992 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ
29 - كۈنىگىچە؛ 2 - قېتىم فوكوكا گۈزەل سەنئەت سارىيىدا 1992 - يىلى
12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە كۆرگەزمە قىلىندى؛
3 - قېتىم كيوتودا 1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 11 -
كۈنىگىچە كۆرگەزمە قىلىنىپ 5 - ئاينىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ ۋە ئاپتو-
نوم رايونلۇق مۇزېيى «قەدىمكى جەسەتلەر كۆرگەزمىسى» دە داۋاملىق كۆرگەزمە قىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، «كروران گۈزىلى» قەبرىسىدىن تېپىلغان 4000 يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرى يەككە - يېگانە بولماستىن، ئۇ يەنە لوپنۇر رايونى دائىرىسىدىكى قەدىمكى
«كروران» شەھەر خارابىسىدىن، كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، تۆۋەن ئېقىمىدىن
ئېنىقلانغان قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان خىلمۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى،
جۈملىدىن قەدىمكى «تارىم مەدەنىيىتى» گە تەئەللۇق بولغان چاقىلىق ناھىيىسىدىكى
«مىرەن» خارابىسىدىن، چەرچەن ناھىيىسىدىكى قەدىمكى «زاغۇنلۇق» قەبرىلىرىدىن
قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن، كېرىيە، چىرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قۇملۇققا غەرق بول-
غان خارابىلاردىن، لوپ ناھىيىسىدىكى «سانپۇل» قەدىمكى قەبرىلىرىدىن، شۇنداقلا خوتەن
دىيارىدىكى باشقا جايلاردىن تېپىلغان سانسىزلىغان ماددىي مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە.

قەدىمكى «كروران گۈزىلى» قەبرىسى ۋە لوپنۇر رايونى دائىرىسىدىكى يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىنغان جايلاردىن بۇ كەمگىچە ئېنىقلانغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما - تېپىلمى-

لارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، تارىخىي ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن،
ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى قەبرە ۋە خارابىلار
جۈملىدىن بۇ ھەقتە يېزىلغان تارىخىي بايانلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

تارىم ۋادىسى (ئەكلى - ماكان) ئەتراپىدىن تېپىلىۋاتقان سانسىزلىغان ئارخېئولوگى-
يىلىك ماتېرىياللار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئېغىزدىن - ئېغىزغا
كۆچۈپ يۈرگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەر تارىم ئويمانلىقى، يەنى ھازىرقى تەكلىماكان قۇم-
لۇقى ئەتراپى (بىرنەچچە يۈز كىلومېتىر ئىچكىرىسىدىكى جايلار) نىڭ ناھايىتى قەدىم
زامانلاردا سۈيى ئەلۋەك، مۇنبەت زېمىن ئىكەنلىكىنى، ئەجدادلارنىڭ بۇ يەرلەردە ئولتۇراق-
لىشىپ، ياشاپ - ئاۋۇپ، تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەگرىتاغ تىزمىلىرى، پامىر، قورۇم، قاراقۇرۇم،
ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىدىن باشلانغان نەچچە يۈزلىگەن دەريا - ئېقىن، تارماق - تاراملار تارىم
ئويمانلىقىغا قۇيۇلۇپ، دەريا ۋادىلىرىدا چەكسىز كەتكەن توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، چاتقال-
لىق، قومۇشلۇق، ئوتلاقلارنى ھاسىل قىلىش بىلەن «ھاياتلىق مەنبەسى» گە ئايلانغان.

تارىم ۋادىسىغا تەۋە رايونلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھەر خىل ئېسىل كان مەھسۇلات-
لىرى، ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانات ۋە خىلمۇ خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بولۇشى بۇ
زېمىنلاردا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئىنسانلارنى، ئەجدادلارنى زۆرۈر ھايات-
لىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتكەن. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ،
ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە رەڭگارەڭ «تارىم مەدەنىيىتى» نى بەرپا قىلىپ، دۇنيا
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

لوپنۇر رايونى ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە بىرقانچە ئۆرۈندا
قەدىمكى تۇرالغۇ ئىزلار ئېنىقلانغان بولۇپ، بۇ ئىزلاردىن چوقۇش - يونۇش ئۇسۇلى ۋە
سۈركەپ سىلىقداش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان، تۆشۈك ئېچىلغان سىلىق - پارقىراق تاش
پالتا (قاشتېشىدىن ياسالغان)، يارغۇنچاق، تاش پىچاق، تاش ئوق بېشى، تاش دانچى-
لىرى قاتارلىقلار، رەڭلىك ساپاللار (يۇقىرىدىكى يادىكارلىقلار بۇندىن 7000—4000 يىل-
لار بۇرۇنقى دەۋرگە خاس) تېپىلغان.

قەدىمكى «كروران گۈزىلى» قەبرىسى تېپىلغان لوپنۇر رايونىنىڭ كۆنچى دەرياسى
ساھىلىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرمۇ ئاساسەن ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى
ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان زېمىنىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن،
قەدىمكى تۇرالغۇ، كەنت ۋە قەبرىلەرنى ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن ياسىغان. قەدىمكى قەب-
رىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى: لەھەت تىك قېزىلىپ، لەھەتنىڭ تۆت تەرىپى ئاساسەن توغراق
ياغاچلىرى بىلەن توسالغان، ئۈستى توغراق تاختايلىرى بىلەن ھەم يېپىلىپ ياغاچ
تاۋۇت ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ياغاچ تاۋۇت ئۈستىگە قوي، كالا، قولان، ئات قاتارلىق ھاي-
ۋانلارنىڭ تېرىلىرى، قوپال توقۇلغان يۇڭ پالاس ۋە ياۋا كەندىر تالالىرى، چىۋىقلار ۋە
باشقا ماتېرىياللاردىن ئىنتايىن پۇختا قىلىپ قاتۇرۇپ توقۇلغان توقۇلما يېپىلگەن.

كۆنچى دەرياسى ساھىلىدا 1979 - يىلى قېزىپ تەكشۈرۈلگەن بەزى قەبرىلەر
تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، بىر قىسىم قەبرىلەر ئەتراپىغا، يەنى قەبرە ئوتتۇرىسىغا جايلاش-

تۇرۇلغان ياغاچ تاۋۇتنى چۆرىدەپ ئالتە قۇر چەمبەرسىمان ياغاچ قوزۇق (ئاساسەن توغراق دەرىخىنىڭ كۆتەكلىرىدىن تەييارلانغان)؛ بىرىنچى قۇرىغا 85 ئەتراپىدا، ئەڭ ئىچىدىكى ئالتىنچى قۇرىغا 52 دانە ياغاچ كۆتىكى قېقىلغان. بۇ قەبرىلەرنىڭ شەرقتىن غەربكىچە دائىرىسى 35 مېتر، جەنۇبتىن ـ شىمالغا قارىتا دائىرىسى 45 مېتر ئەتراپىدا بولۇپ، يەر مەيدانى 1600 كۋادرات مېتر كېلىدۇ. قەبرىلەردىكى مېيىتلارنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز قالپاقلار كىيگۈزۈلگەن، بەزى قەبرىلەردىن تېپىلغان ئۇچلۇق كىگىز قالپاقلارغا ئىككى تال، بەزىلىرىگە بەش تال، ھەتتا بەزىلىرىگە توققۇز تالغىچە ھەر خىل رەڭدىكى قۇش پەيلىرى قىستۇرۇلغان. بەزى مېيىتلارغا تىزدىن ئاشىدىغان ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك، پوپۇچ قاتارلىقلار كىيگۈزۈلگەن. بەزى مېيىتلارغا ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يۇڭ توقۇلما كىيىملىرى كىيگۈزۈلگەن بولسا، بەزىلىرىگە يۇڭ توقۇلما رەختلەر يۆگەپ دەپنە قىلىنغان. بەزى قەبرىلەردىن ياغاچتىن ياسالغان ئايال ئوبرازىدىكى قورچاقلار تېپىلغان.

كۆنچى دەرياسى ساھىلىدا قېزىپ تەكشۈرۈلگەن ھەممە قەبرىدىن دېگۈدەك دورا ئۆسۈملۈك ـ چاكاندا تېپىلغاندىن تاشقىرى، قېلىن ۋە زىچ قىلىپ توقۇلغان بەزى سېۋەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئارپا، بۇغداي دانلىرى چىققان؛ ئاز ساندىكى قەبرىلەردىن چىرىپ كەتكەن مىس تالقانلىرىمۇ تېپىلغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن قېزىلغان 40 نەچچە قەبرىدىن بىرەر دانىمۇ ساپال بۇيۇم تېپىلمىغان.

كۆنچى دەرياسى ساھىلىدا قېزىپ تەكشۈرۈلگەن مەلۇم بىر قەبرە (38 ـ نومۇرلۇق قەبرە) دىن ئېلىنغان ياغاچ، قوي يۇڭى ئەۋرىشكىلىرىنى بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ كاربون 14 (C14) تەجرىبىخانىسى تەجرىبە قىلىپ، بېكىتكەن يىل دەۋرى تۆۋەندىكىچە:

ياغاچ ئەۋرىشكىسى — 3660±80 يىل، (توغرىلانغان يىل دەۋرى 3980)؛

قوي يۇڭى ئەۋرىشكىسى — 3615±170 يىل، (توغرىلانغان يىل دەۋرى 3925)؛

لوپنۇر رايونىدىكى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان بۇ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يالداملىرى بىزگە ئۆز زامانىسىدا بۇ زېمىندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەسلەپتە ئانىلىق دەۋرىدىن ئىبارەت ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە باسقۇچتا تۇرغانلىقىنى ھەمدە ئۇلاردا بىر قەدەر راۋاجلانغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك ۋە قوشۇمچە ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭمۇ بولغانلىقىنى، قەدىمكى سەنئەت بۇيۇملىرى (تاش ۋە ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ئادەم ئوبرازلىرى) قاتارلىقلارنى ئىشلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بەزى ئالاھىدە ياسالغان قەبرىلەرنىڭ چۆرىسىگە نەچچە قۇر چەمبەرسىمان ياغاچ قوزۇقلارنى قېقىپ، ئۇنى چاقناپ تۇرغان كۈن شەكلىگە ئوخشاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇلاردا يەنە كۈنگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەتنىڭمۇ بارلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ (بۇ خىل ئالاھىدە قەبرىگە مۇناسىۋەتلىك سىرلىق مەسىلىلەرمۇ ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ).

تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىلا ھەر خىل يۇڭ پالاس، يۇڭ توقۇلمىلار، كىگىز، كۆنچىلىك (ئۆتۈك) قاتارلىقلارنى ئىشلەپ، بۇغداي،

ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ تارىخىي تۆھپە ياراتقاندى. كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا تەدرىجىي مۇددەت ئۆزگىرىشى بولۇپ، يامغۇر-يېشىن بارغانسىرى ئازىيىپ، مۇزلۇقلارنىڭ دائىرىسى تارايغانلىقتىن، سۇ مەنبەلىرى ۋە بەزى كۆللەر قۇرۇپ، ھەرقايسى يۇرتلارغا ئېقىپ كېلىدىغان دەريا-ئېقىنلار بۇرۇنقى بوستانلىق ۋە ئاۋات زېمىنلارغا يېتىپ كېلەلمىگەن. نەتىجىدە ئۇ جايلارنى قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك قاپلىغان. قەدىمكى كروران، مىرەن، نىيە، چەرچەن، ئاقسىپىل، يوتقان (ئۇدۇن)، شەھرىسىيار، چىدىر (چادايا) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قەدىمكى شەھەر، كەنتلەر قۇمغا كۆمۈلگەن. شۇڭا تەكلىماكان ھازىرمۇ ئارخېئولوگىيە ۋە گېئولوگىيىنىڭ سىرلىق ئامبىرى — يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېدىرىش، قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە ئاجايىپ مۆجىزىلەر بىلەن تولغان سىرلىق جاي بولۇپ تۇرماقتا.

قەدىمكى «كروران گۈزىلى» نىڭ قەبرىسى تېپىلغان بۇ خىسلەتلىك زېمىنغا جايلاشقان قەدىمكى كروران شەھىرىنىڭ خارابىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالى قىرغىقىغا يەنى شەرقىي مېرىدىئان E89°55′22′، شىمالىي پاراللېل N40°29′55′ نىڭ كېسىلەشكەن نۇقتىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە بۇ يەردە «كروران پادىشاھلىقى» قۇرۇلغان. ئۇ دەسلەپ ياۋچىلارنىڭ، كېيىن ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان.

«كروران» نىڭ غەربىي جەنۇبى چەرچەن، نىيە، كېرىيە، شىمالىي تەرىپى قانقىل، غەربىي شىمالى قاراشەھەر (تارىختا سولى، ئاگنى دەپمۇ ئاتالغان)، شەرقىي تەرىپى چۆلتاغ ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدۇ.

«يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى قەدىمكى كروران شەھىرى ئەينى زاماندىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ قايناق سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدا مۇھىم ئۆتكەل بولغانىدى.

مىلادى 4-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەت، قۇرغاقچىلىق، دەريالارنىڭ ئېقىنىنى ئۆزگەرتىشى، سۇ مەنبەلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى سەۋەبىدىن كروران ئاھالىسى ھاياتلىق يولىنى ئىزدەپ، تەرەپ-تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە «يىپەك يولى» دىكى بۇ مۇھىم ئۆتكەل — ئاۋات ھەم گۈللەنگەن «كروران» شەھىرى خارابىلىشىپ، قۇم دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن...

قەدىمكى «كروران» شەھىرى خارابىسىنىڭ قايتا تېپىلىشى ۋە دۇنياغا 2-قېتىم مەلۇم بولۇشىمۇ ناھايىتى ئاسادىيى ھەم قىزىقارلىق بولغان. بۇ ئىش شۋېتسىيىلىك مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى، سەييياھ سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ 1899-يىلدىن 1902-يىلغىچە تارىم دەرياسىنى بويلاپ، لوپنۇر رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا يۈز بەرگەن. سۋېن ھېدىن شۇ مەزگىلدە لوپنۇرلۇق ئۇيغۇرلاردىن بەكرى، ھاشىمنى ۋە «ئۆردەك» لەقەملىك يەنە بىر كىشىنى ئىشچىلىققا ياللىۋالغان. 1900-يىلى 3-ئاينىڭ

مەلۇم بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ يولغا ئېلىۋالغان سۈيى تۈگەپ، بىر يەرنى كولاپ سۇ چىقارماقچى بولغاندا، ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر سايمىنى — گۈرجەكنى ئالدىنقى قونالغۇسىدا ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن. شۇنىڭ بىلەن سۋېن ھېدىن «ئۆردەك» لەقەملىك ئۇيغۇر ئىشچىنى گۈرجەكنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. «ئۆردەك» قۇملۇقتا كۆتۈرۈلگەن بوران دەستىدىن يولدىن ئادىشىپ كروران قەدىمكى شەھەر خارابىسىغا بېرىپ قالغان ۋە ئۇ يەردىكى خارابە ئىز، قەبرە، سېپىل ئىزنالىرىنى كۆرگەن. ئۇ بىر ئامال قىلىپ، سۋېن ھېدىنلار بار جايىنى تېپىپ كېلىپ، كۆرگەنلىرىنى مەلۇم قىلغان. سۋېن ھېدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال كروران خارابىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. سۋېن ھېدىن بۇ شەھەر خارابىسىدىن قارۇشتىچە، كونا خەنزۇچە خەتلەر پۈتۈلگەن نۇرغۇن ياغاچ تارشا پۈتۈكلەرنى، يۇڭ، يىپەك، پاختا، كەندىر توقۇلمىلار، قىرغۇدا قىرىپ ياسالغان ھەرخىل ياغاچ بۇيۇملار، سىرلانغان (لاكلانغان) ياغاچ بۇيۇملار، مۆھۈر-تامغا، مېتال سايمانلار، زىب-زىننەت بۇيۇملىرى، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ئەسۋابلىرى قاتارلىق قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تاپقان. قارۇشتىچە خەت پۈتۈلگەن بىر تارشا پۈتۈككە بۇ شەھەرنىڭ «كروراينا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

سۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ ئەسىرى «مەركىزي ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان سەككىز يىللىق ئېكسپېدىتسىيە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «مەن 1899-يىلى 11-ئايدا كېمىدە تارىم دەرياسىدا ساياھەت ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئۆردەك مېنىڭ خىزمەتچىم ئىدى... مەن تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتكەندە ئۇ مېنىڭ تۆت ھەمراھىمنىڭ بىرى ئىدى. 1900-يىلى ئۇ مەن بىللە كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئىزىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ھەم شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى كروران قەدىمكى شەھىرىنى بايقاشتا ۋە تېپىش ئىشىدا مۇھىم رول ئوينىغاندى»*.

قاراڭ! تارىخنىڭ قىسمەتلىرى ئەنە شۇنداق قىزىقارلىق، ئەگرى-توقاي، ئېچىنىشلىق بولىدىكەن. بىر زامانلاردا قەدىمكى «كروران گۈزىلى» ياشىغان دىياردا ئىز بېسىپ، ياشاپ، ئاۋۇپ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ مەدەنىيەت يالدامىلىرىنى ياراتقان مۆجىزىدار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاۋات شەھەرلىرى كېيىنكى چاغلاردا ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر، بالايىئاپەتلەر تۈپەيلى خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن...

بۈگۈنكى كۈندە، خەلقئارا يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئەجدادلار ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا ۋە «يىپەك يولى» ئوتتۇرا ئۆتكىلىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر تۇرمۇشىدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە مەپتۇنكار ئېستېتىك سېھرىنى نامايان قىلماقتا.

---

* يۇقىرىدىكى ئابزاس مەخسۇت ھېيت تەييارلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى» جاھاننەما بېتى (1993-يىل 2-مارت) دە ئېلان قىلغان «كروران ۋە ئۆردەك» ناملىق ماقالىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

# پىشقەدەم ئەدىب، تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن

مېھرىگۇل تۇرسۇن



ئىمىن تۇرسۇن دېگەن بۇ نام خەلقىمىزگە ئۇزاقتىن بۇيان چوڭقۇر تونۇشلۇق. بۇ نام جاپالىق ئىلمىي، ئەدەبىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق يارىتىلغان مول نەتىجىلىرىنىڭ تىمسالىدۇر. شۇڭا، ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ نام ئىگىسىدىن خەلقىمىز پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۇنى قەدىرلەيدۇ.

تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئەمەلىي ھادىسىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەت ئۆزىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملىرىنى، ئىجادكارلىرىنى، سەنئەتكارلىرىنى، ھەكىملىرىنى ئىززەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى قەدىرلىگەنلىك — خەلقنىڭ ئۆزىنى-ئۆزى قەدىرلىگەنلىكىدۇر. ئۆز خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شۇ خەلقنىڭ ئۇزاق يىللار داۋامىدا ياراتقان مەدەنىيەت - مەرىپەت نەتىجىلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆزگە خەلقلەرگە تونۇتقۇچىلار مۇشۇلار؛ شۇنداقلا مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلارمۇ شۇلار. مادامىكى قاششاقلىق، نادانلىق، ھەسەت - ئاداۋەت، كىبىر - رىقابەت ئىللەتلىرى بىلەن چىرمالغان خەلقتە ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولىدۇ ۋە بىرلىك - ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ - دە، ئۇنداق خەلق ئۆزىدىن چىققان ئۇلۇغلارنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا، خەلق ئۆزىنىڭ قەدرىنى يوقىتىدۇ. خەلق ئۆز قەدرىنى بىلىش ئۈچۈن، تارىختا بېسىپ ئۆتكەن يولىنى، مەدەنىيەت تارىخىدا ياراتقان ماددىي - مەنىۋى بايلىقلىرىنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك. ئالىملار، ئەدىب - سەنئەتكارلار خەلققە ئۆز مەدەنىيىتىنى تونۇتقۇچى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ۋارىسلىرىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق يىللىق مۇرەككەپ تارىخى جەريانىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ جۇڭ-

يدىن كىشىلىك دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىلىرىگە باي مەزمۇنلۇق، رەڭدار ۋە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇ تۆھپىلەردىن بىر قىسمى كىلاسسىك ئەدەبىياتتۇر. كىلاسسىك ئەدەبىيات دېگەن بۇ ئومۇمىي نام ئاستىدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر قانچە تارماقلىرى مەۋجۇت. ھەر بىر تارماق ئۆز ئالدىغا تۇرغۇن بۇلاقلاردىن ھاسىل بولغان. شۇ بۇلاقلارنى قېزىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ، «سۇلىرى» نى راۋان قىلغان، يەنى كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەرلىرىمىزنى قېدىرىپ تېپىپ، تەھقىقلەپ - رەتلەپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇشتا ھارماي - تالماي ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئالىملىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىز بار. شۇلاردىن بىرى — شائىر، تىلشۇناس، تەرجىمان، تارىخشۇناس ئىمىن تۇرسۇندۇر.

ئىمىن تۇرسۇن 1924 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇن ئاغقاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە، قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ كىشىنىڭ بوۋا (تۇرسۇن) جەمەتى قەشقەردىن، ئانا جەمەتى تۇرپاندىن، ئەسلى ئايالى خوتەندىن بولغاچقا، بۇ ئائىلە ھەممە يۇرتقا تەۋەدۇر. ئۆزىدىن «سىز قەيەردە تۇغۇلغان؟» دەپ سورالسا، «مەن ئاسىيانىڭ كىندىكىدە تۇغۇلغان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بالا چېغىدىن باشلاپ مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەتتە «ئاچىل» ساداسى بىلەن باشلانغان مەدەنىي ئويغىنىش - ئاقارتىش ھەركەتلىرىنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئىمىن تۇرسۇن ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن. ئالتە يېشىدىن باشلاپ مەكتەپكە قاتنىغان. ئاۋۋال دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلدى. ھەرقانداق ئويۇن - تاماشىدىن كۆرە، ئوقۇشنى ئۆزىگە ئەڭ كېرەكلىك ھايات ۋاسىتىسى قىلغان ئىمىن تۇرسۇن ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىلا چەت تىللارنى ئۆگىنىشكە قىزىقتى. ئالدى بىلەن ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە. دىنىي مەكتەپتە كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆتۈلگەن دەرسلەر ۋاستە بولغان بولسا، خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە ئىجتىمائىي رېئاللىق سەۋەبكار بولدى. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي تىرىكچىلىكى يار بەرمىگەنلىكتىن، ئىمىن تۇرسۇن جەمئىيەتكە يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتنى مۇئەللىمچىلىكتىن باشلىدى. مۇئەللىمچىلىك ئۇنىڭ ئىلىم - ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىلگىرىلىشىگە كۆپ تۈرتكە بولدى.

ئىمىن تۇرسۇن 15 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. دەسلەپكى ئىشتىياق ۋە دورامچىلىق بىلەن يازغان «سەبىيلىك شېئىرلىرى» نى ھېسابقا ئالمىغاندا، 1942- يىلى يانۋاردا، گېزىت يۈزىدە ئۆزىنىڭ بىرىنچى پوبلىستىك ماقالىسى بىلەن مەيدانغا چىقتى. ئاندىن كېيىن، ئىشىنگەن ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك شېئىرىي مەشىقكە سەرپ قىلدى. مەشقلەر ئاساسىدا، شېئىر - داستانلار، تەتقىقات ماقالىلىرى، سەھنە كىتابلىرى يېزىشقا كىرىشتى. 1943 -، 1944 - يىللىرىدىن باشلاپ، خەلق فولكلورى ۋە يېزىق ئەدەبىياتىغا دائىر تەتقىقات ساھەسىگە قەدەم قويدى. ئۇ چاغلاردا قەلەمكەشلەر ئۈچۈن ئاساسىي سورۇن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدى. مەزكۇر گېزىتتە كەينى - كەينىدىن ئېلان

قىلغان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» ۋە «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز» (بۇ ماقالىنى 1980 - يىلى قايتا تىزىس تەرىزىدە ئىشلەپ، ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ئومۇمىي قىياسىنى ئەكىس ئەتتۈرگەن) قاتارلىق ماقالىلىرى كىتابخانىلارغا خېلى مەنزۇر بولدى. فولكلورغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش - رەتلەش بىلەن بىللە، خەلق ئىچىدىن تۈرلۈك قول يازمىلارنىمۇ ئىزدىدى. شۇ چاغلاردىلا «تاھىر - زۆھرە»، «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنىڭ قول يازمىلىرى، نەۋائى، مەشرەپ ئەسەرلىرىنىڭ چاپ نۇسخىلىرى، زەلىلى داستانى قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى تاپتى. بالا چېغىدىلا روھىي دۇنياسىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھەزرىتى نەۋائى، ھوۋەيدا ۋە شەيخ سەئدى ھەم ھافىز شىرازى غەزەللىرى ياش ئەدىبنىڭ قەلىمىگە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۈلگە بولغان بولسا، رۇس كلاسسىكلىرىدىن پۇشكىن، لېرمونتوۋلارنىڭ رومانتىك شېئىرلىرى، سوۋېت شائىرلىرىدىن غەيرەتى، چولپانلارنىڭ زامانىۋى ئەسەرلىرى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ يېڭى شەكىللىرى جەھەتتە ئۈرنەك بولدى. شۇڭا ئەدىب سۈپىتىدە ئىمىن تۇرسۇننىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە، فولكلور شەكلى بىلەن كلاسسىك شەكىل مۇجەسسەملەشكەن. كلاسسىكلارنىڭ رومانتىكلىق ئەتىقلىرىدىن، زامانىۋى شائىرلارنىڭ رېئالىستىك مەنتىقىلىرىدىن ياخشى تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغان شائىر ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەسىرىمىزنىڭ 30 - يىللىرىدا باشلىنىپ، 40 - يىللىرىدا راۋاج تېپىشقا يۈزلەنگەن يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ غوللۇق تەشەببۇسكار ۋە تۆھپىكارلىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلدى.

1950 - يىللاردىن باشلاپ ئەدىبنىڭ ئاساسىي پائالىيىتى نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە كۆرۈلدى. دەسلەپتە، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن، خەنزۇچىدىن ماركسىزمغا ئائىت نەزەرىيىۋى ماتېرىياللار ۋە پارتىيە سىياسىتىگە دائىر ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە مەكتەپلەرگە دەرسلىك تەييارلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئەمەلىي خىزمەت ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، تىل - ئىملا ۋە ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، جەمئىيەتكە تىلشۇناس سۈپىتىدە تونۇلدى. ئەمما، ئاساسىي كەسپى بولغان تەرجىمانلىق ۋە تىلشۇناسلىق بىلەن بىللە، شېئىرىي ئىجادىيىتىنىمۇ داۋام قىلدۇردى. «چىمەننەگۈل» دېگەن شېئىرى 50 - يىللاردىكى شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر تەتقىقاتىنىمۇ ئۈزۈپ قويمىدى. مەشھۇر كلاسسىكلىرىمىزدىن شائىر زەلىلىنى بىرىنچى بولۇپ مەتبۇئاتتا تونۇشتۇردى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ باردى؛ ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى ئىزدەش مەقسىتىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگەندى.

1960 — 1970 - يىللاردا بولسا چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى تۈپەيلىدىن، «ئۆزى ھارام، كۆچى ھالال» قىلىپ قويۇلغان ئەدىب ئاساسەن نامسىز تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللاندى. خەنزۇچىدىن داڭلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى. مەسىلەن، «قىزىل بايراق شەجەرىسى»، «قىزىل قۇياش» قا ئوخشاش ئىنقىلابىي تېمىدا

يېزىلغان رومانلار، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (بۇنىڭدا ئاساسىي تەرجىمان ۋە تەرجىمە تەھرىرلىكى سۈپىتىدە)، «غەربكە ساياھەت» (ئالدىنقى قىسمى تېخى نەشر قىلىنمىغان) قاتارلىق تارىخىي-كلاسسىك رومانلار. بۇلار ئەدەبىي تەرجىمانلىق ساھەسىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنىڭ مەھسۇللىرىدۇر. كېزى كەلگەندە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەدىبنىڭ تەرجىمە ساھەسىدىكى تۆھپىلىرى ئۇنى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت-ئەدەبىيە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ھەقىقىي-ئەمەلىي خىزمەت كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دەپ باھالاشقا بىزگە ئاساس بولىدۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەلىرىدە يېڭى يۈزلىنىش بارلىققا كېلىپ، ئالىم-ئەدىبنىڭ تىل-تەرجىمە، ئەدەبىياتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ مەنىۋى بۇلاقلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ شەربەتلىرى بولغان قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىشلەشتە جانپىدالىقى ئالاھىدە گەۋدىلەندى. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەپ نەشر قىلىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى ۋە لېكسىيىلەر ئوقۇدى. قەدىمكى يازما ئەسەرلىرىمىزنى قېزىش-رەتلەش ۋە نەشر قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. (ھازىرقى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا يىغىلغان قول يازما ۋە چاپىي نۇسخىلاردىن مىڭلىغان كىتابنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باھالاپ چىقتى). بىر قانچە قول يازما نۇسخىلارنى سېلىشتۇرۇپ-تەھقىقلەپ، خېلى مۇكەممەل ئىشلەپ تەييارلىغان «زەللىلى دىۋانى» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «تارىخىي تەبەرى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى مەتنى بويىچە (تەتقىقات ماقالىسى، ئىزاھ ۋە پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار بىلەن قوشۇپ) نەشرگە تەييارلىدى؛ 40 نەچچە خىل قول يازما نۇسخىدىن تۆتىنى تاللاپ، ئۇلاردىن ئىككى نۇسخىنى ئاساس قىلىپ، «دىۋانى ھېكمەت» نى نەشرگە تەييارلىدى. شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان ئىمىن تۇرسۇننىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى 1978-يىلدىن كېيىن قايتىدىن جانلاندى. رېئال ھاياتتىن يېڭى-يېڭى تېمىلارنى ئېلىپ، تۆتلۈك، مەسنەۋى ۋە غەزەل شەكىللىرىدە يۈزلىگەن ئەسەر ياراتتى. شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن بەزىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر شېئىرلار قاتارىدا ئورۇن ئالدى؛ بەزى شېئىرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇلدى. ھازىر يەنە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىشقا كىرىشكەندىن باشقا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ۋە نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئۈستىدىمۇ تەتقىقات يۈرگۈزمەكتە.

ئەدىب-ئالىم ئۆزى بىۋاستە ئىشلىگەندىن تاشقىرى، ۋاقىتنىڭ قىسلىقىغا قارىماي مەسلىھەت سورىغۇچى ياش تەتقىقاتچى ۋە ئەدىبلەردىن ياردىمىنى ھەرگىز ئايىمايدۇ. شۇڭا، كۆزگە كۆرۈنگەن ياش تەتقىقاتچىلار ۋە ئىشى بەرەكەتلىك تەرجىمانلار ئالىم ئىمىن

تۇرسۇننى تەلەپچان، سېخىي ئۇستازىمىز دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. ئۆزى كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇپ، ئىلىمدە بەس-مۇنازىرىگە يول قويىدۇ، «مېنىڭ راست» دەپ تۇرۇۋالمايدۇ. ئۇ «باشقىلاردىمۇ كاللا بار ئەمەسمۇ، ئۇلارمۇ مەن ئويلىغاننى ئويلىيالايدۇ» دەيدۇ. ئەدىبنىڭ يەنە بىر ياخشى پەزىلىتى شۇكى، قىلغان ياردىمى ۋە ياخشىلىقلىرىنى مىننەت قىلمايدۇ. كۆپ چاغلاردا سەرپ قىلغان ئەمگىكىگە يارىشا مۇناسىپ ھەق ئالالمىسىمۇ ۋايساپ كەتمەيدۇ.

ئىمىن تۇرسۇن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر، ئاممىۋى ئىلمىي سورۇنلارنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى سۈپىتىدىمۇ ھەممىگە تونۇلغان جامائەت ئەربابىدۇر. ئۇ ھازىر جۇڭگو مىللەتلەر تىللىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو فولكلورچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە «12 مۇقام» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى شۇنىڭدەك «بۇلاق»، «تارىم»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى.

ئەدىبنىڭ كۆپ يىللىق مەتبۇئاتچىلىق تەجرىبىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي ئۇنۋان ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۇنىڭغا نەشرىياتچىلىق سىستېمىسى بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولغان «ئالىي مۇھەررىر» دېگەن كەسپىي ئۇنۋان بېرىلدى.

مەركەز كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ كەڭ-كۇشادە ئىشلىشىگە ئېنىق سىياسەتلەر ئارقىلىق كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن 80-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەدىمكى ئەسەرلەرنى قېزىش-رەتلەش، نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ھەم ئىشخانىسى قۇرۇلدى. بۇ ئورگاننىڭ قوللىشى ۋە ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق ئالىملىرىمىزنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن قەدىمكى ئەسەرلەردىن 10 غا يېقىن كىتاب رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. خەلق ئارىسىدىن مىڭلىغان قول يازما ۋە چاپ نۇسخىلار يىغىلدى. بۇ قول يازمىلار ئىچىدە سولچىللىق ھۆكۈم سۈرگەن يىللارنىڭ قارا قۇيۇنلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان، يەنى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىز جانلىرىدىن ئەزىز كۆرۈپ ساقلاپ قالغان نادىر ئەسەرلەر بار. بۇلارنى داۋاملىق رەتلەپ-تەھقىقلەپ، نەشر قىلىپ، خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ۋەزىپىسى شۇنداقلا تۇرۇپتۇ. «شۇڭا، — دەيدۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ جان كۆيدۈرگۈچىسى ئىمىن تۇرسۇن، — بىزدە بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى، بۇلاردىن بىر قىسمى ئوتتۇرا ۋە يېقىنقى زامان ئەدەبىي تىلىمىزنى بىلىدۇ. بىزدە ھازىر رەتلەش-تەھقىقلەشنى كۈتۈپ تۇرغان قەدىمكى ئەسەرلەر مىڭلاپ تۇرۇپتۇ ۋە بۇ ئەسەرلەرنى رەتلەپ-تەھقىقلەپ نەشرگە تەييارلايدىغان تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ بار. ئەمدى گەپ، پارتىيە يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى ئەسەرلەر

ئۆستىدە ئىشلەشنى ئاكتىپ قوللاشتا قالدى.»

ئىسلاھات ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە نەشرىياتچىلىقى توغرىسىدا ئالىمدىن ئۆز چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشلىرىنى سورىغىنىمىزدا، ئىمىن تۇرسۇن مۇنداق دېدى: پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا يۈز يىللىق رىجەنىڭ دەسلەپكى ئون يىلى ناھايىتى ھالقىلىق پەيت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭدەك بۇ ھالقىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىدىيىنى يەنىمۇ ئوبدان ئازاد قىلىش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەپ نەشر قىلىش جەھەتتىمۇ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش كېرەك. قېزىش - رەتلەش دېگەن سۆز خەلقنىڭ قولىدىكى ئەسەرلەرنى يىغىۋېلىپ، تۆمۈر ساندۇقلارغا قاچىلاپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس. پارتىيىمىزنىڭ بۇ توغرىلىق ئېنىق بەلگىلەپ بەرگەن سىياسىتىدە، تەھقىقلەپ - نەشر قىلىش دېگەن مۇھىم مەقسەت كۆزدە تۇتۇلغان. قانداق رەتلەپ نەشر قىلىشتا رىئايە قىلىنىدىغان قائىدە - پرىنسىپلار ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

ئالىم كۆيۈنگەن ھالدا شۇنى دىققەت - ئېتىبارىمىزغا چاقىرىق قىلدىكى، مۇقەددەس پۇتۇكلەر، بۈيۈك ئابىدىلەر ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر ئۆتمۈش سىرلىرىنىڭ شاھىدلىرىدۇر. تارىخىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىسپاتلىرىدۇر. ھازىر قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ قاتىرى كۈندىن - كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئىزىنى باسقۇچىلار مەۋقەنى دەرھال ئىگىلەپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىر ۋاستىسى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆمرىنى ئاياش كېرەك.

پىداكار تەتقىقاتچىمىز ئىمىن تۇرسۇن كلاسسىكلارنىڭ تەپەككۇر بايلىقى ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان ئىلىم - ھېكمەتلەر توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: ئۆتمۈشتىكى ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرى ھاسىل قىلغان ئىلىمگە ئەمەل قىلىشنى يەنىمۇ ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىلىشنى تەكىتلىگەن. پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش دېگەن ئوبدان ئىستىللارنى تەكرار تەكىتلىشىمۇ، ھازىرقى شارائىتتا ئىدىيە - تونۇشنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش دېگەن چاقىرىقىمۇ نۇرغۇن يىللىق ئىنقىلاب تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن.

ئالىم يەنە شۇنداق دەيدۇ: پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش دېگەنلىكى دادىل ئىشلەش كېرەك دېگەنلىكىدۇر. قەدىمكى ئەسەرلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا بەزى يولداشلاردا ئانچە توغرا بولمىغان خاھىشلارمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزدە، ئۆز زامانىسىدا يېڭىلىقچىلىق جەھەتتە ئەندىزە بولۇپ قالغان ھەمدۇ - سانا ۋە نەئەتلەر ئالدى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئاساسىي مەقسەت ئەمەس. قەدىمكى ئەسەرلەردە پەقەت ھېكايە، چۆچەك، قىسسە - داستان، غەزەل، مەسەل، تەزكىرە - بايان، تارىخ - سالنامە شەكىللىرىدە ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈش ھاياتى زىكرى قىلىنىپ قالماستىن، ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە (تەبىئەتشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، تىبابەت - ھايۋانات، ئەقىدە - مەنتىق،

پەلسەپە - ھېكمەتلەرگە) دائىر بىلىملەرمۇ يېزىلغان. بۇ بىلىملەردىن كىتابخانلىرىمىزنى خەۋەردار قىلىش، تەتقىقات ئارقىلىق ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش-تەك ئۇلۇغۋار نىشانىمىزغا يېتىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان تۈرلۈك - تۈمەن خىزمەتلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. قەدىمكى ئالىملاردىن ئەھمەد ئىبنى خەلىل: «يېزىپ قويۇلغان قالىدۇ، يادلاپ قويۇلغان كېتىدۇ» دەپتىكەن. ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆزگە ئەمەل قىلغان كلاسسىكلىرىمىز ۋە كاتىپلىرىمىز يېزىپ قالدۇرغان ۋە بىزگە مىڭ بىر قىيان - قايناملاردىن ئۆتۈپ ئاران يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئەسەرلىرىمىزنى رەتلەپ، يورۇقلۇققا چىقىرىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئىنسانىي بۇرچىمىزدۇر.

بۇ گەپنى ئەدىب - ئالىم ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن ناھايىتى ھاياجان بىلەن ئېيتتى. مەنمۇ بۇ گەپكە قايىل بولدۇم. بىز ئىمىن تۇرسۇنىدەك بارماق بىلەن سانىغۇچىلىكلا قالغان پېشقەدەم ئالىملىرىمىزنىڭ ياشنىپ قالغىنىغا قارىماي تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ ئىشلىشىدىن تەسىرلىنىۋاتىمىز، شۇڭا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ئاپىرىن دېيىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، ئۇلارنى قەدىرلەش بىزنىڭ ئەقەللىي ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىزدۇر.

ھۆرمەتلىك ئالىم! خەلقىمىز ئۈچۈن ئۇزۇن ياشاڭ، ئىشلىرىڭىزنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا چىن كۆڭلىمىزدىن تىلەكداشمىز!

---

(بېشى 170 - بەتتە)

سائىدنى، كېمىدە غەرق بولغان كىشىلەرنى، مەھبۇبى بەدىئۇلجامالنى تولا سېغىنىپ ۋە ئەسلەپ، تولا يىغلىدى، بېشى ئاغرىپ گاراڭ بولدى. ماڭا - ماڭا ئاخىر تۇرار يەرنىڭ قارارى يوق، ئىلاجسىز ھالدا بىر ئارالغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئارالنىڭ ئىسمى «نىلات» ئىدى. مۇھىيت دەرياسىغا يېقىن ئىدى. ئۇ يەرنىڭ سەندەل ۋە باشقا دورا ئۆسۈملۈكلىرى كۆپ بولغاندىن سىرت، ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە، مەرۋايىتلار ھېسابسىز تولا ئىدى. بۇ بايلىقلار كېچىسى كۆرۈنۈپ كۈندۈزى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەرنىڭ چۆمۈلىلىرىنىڭ چوڭلۇقى ئىتتەك بار ئىدى. ھەرخىل قۇشقاچلىرىنىڭ چوڭلۇقى بۆركۈتتەك بار ئىدى. ھەتتا ھەرىلىرىمۇ قاراچىغىدەك بار بولۇپ، ئادەمزاتنى كۆرسە بىر ئىككى كۈنلۈك يەرگىچە قوغلاپ باراتتى. ئەگەر چۈمۈلىسى ئادەملەرگە خىرىس قىلىپ ئادەملەرنى قوغلىسا ئاتلىق ئادەمنى تۇتۇپ تۇتاتتى. شاھزادە بۇ يەردە يەنە ھەرخىل قۇشلارنى كۆردى. بۇ قۇشلارنىڭ ئارىسىدا بىر كاتتا قۇش بار ئىدى. ئۇنىڭ قامىتى قىلىدەك بار ئىدى، كۆزلىرى ئوتتەك، پاچاقلىرى يېشىل ئىدى. بۇ قۇشتىن بىرى ئېتىلىپ كېلىپلا شاھزادىنى چاڭگىلىغا ئالدى. يەنە بىرى بىر كېيىكنى چاڭگىلىغا ئالدى. ئاندىن بۇ ئىككى قۇش غارقىراپ ئۇچۇشقا باشلىدى، شاھزادە سەيپۇلمۇلۇك قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى.

(داۋامى كېيىنكى سانىدا)

# ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى

(پىشقەدەم شائىر، تەتقىقاتچى، ئەدەبىي تەرجىمان رەھمەتۇللا جارىنى زىيارەت)

مۇنەۋۋەر تۇردى



بىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلەر ماينىدە يارىتىلغان باي مەدەنىيەت خەزىنىمىزنىڭ دۇردانىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كۆزنى ئالاھىدە چاقنىتىدۇ، شۇڭا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىقىنى بۈگۈنكى كۈندە جىددىي ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر ساھە دەپ ئېيتىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ، ئۇنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بىزنىڭ تەتقىقاتچى خادىملىرىمىز بۇ ساھەدە ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، ناھايىتى مۇھىم تۆھپىلەرنى ياراتتى. بۇنى ھازىرغىچە نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتىدىن ئۇچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. «بۇلاق» ژۇرنىلى بۇ ساھەدە ئەجىر سىڭدۈرگەن تەتقىقاتچىلىرىمىزنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، ژۇرنالدا ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ، ناھايىتى ياخشى قىلدى.

مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان، تىلشۇناس ۋە تەتقىقاتچى سۈپىتىدە جامائەتچىلىككە خېلى بۇرۇنلا تونۇلغان رەھمەتۇللا جارى ئاكىنى زىيارەت قىلدىم.

— رەھمەتۇللا جارى ئاكا، سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىزنى 80-يىللىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن ئوقۇغانىدىم. كېيىن «تارىم» ژۇرنىلى (1985-يىللىق 9-سانىدىكى مەخسۇس سەھىپىسىدە)، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇ سىزنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. بۇ قېتىم مەن سىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى پائالىيىتىڭىزنى تونۇشتۇرىدىغان بىر پارچە ماقالىنى يازماقچى بولغانىدىم. ئۆزىڭىزنىڭ قىسقىچە تارىخىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

— بولىدۇ، مەن 1926-يىلى قەشقەر شەھەر ئىچى بويىرا كوچا مەھەللىسىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچتىم. 1937-يىلغىچە پەننىي مەكتەپ ئوقۇ-

لىدا ئوقۇتىدىغان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولدۇم. بۇ جەرياندا مەن «علم الصرف» (سەرپ ئىلمى) دەپ ئاتالغان ئەرەب تىلى مورفولوگىيىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى، تۈرلىنىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىدىم. ئەلىشىر نەۋائىي، ھاپىز شىرازى غەزەللىرى بىلەن شۇ چاغدا تونۇشقانىدىم. ئائىلىمىز ساۋاتلىق ئائىلە بولغاچقا، ئانام رەھمەتلىك ئائىلە ئىشلىرىدىن بوشىغان چاغدا تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان «مەفتاھۇل جىنان» دېگەن تۈركىي تىلىدىكى چوڭ كىتاب بىلەن «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نى ئوقاتتى. مەن بۇ ئىككى كىتابنى ساۋابلىق كىتابلار دەپلا چۈشىنەتتىم. كېيىنكىسىنىڭ رەبغوزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى مەن پەقەت كېيىنكى دەۋرلەردىلا بىلدىم. دەرىزىمىزنىڭ تەكچىسىدە يەنە «قەھرىمانى قاتىل»، «موسەييىبنامە»، «رەۋزەتۇش-شۇھەدا» نامىلىق جەڭنامىلەرمۇ بار ئىدى. مەن ئۆيدە بۇ كىتابلارنى بارا-بارا راۋان ئوقۇيالايدىغان بولدۇم. بولۇپمۇ «قەھرىمانى قاتىل» بىلەن «مۇسەييىبنامە» نىڭ ۋەقەلىكلىرى ماڭا ياد بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ مېنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن تونۇشۇشۇم ۋە شۇغۇللىنىشىمغا ئاساس يارىتىپ بەرگەنىدى. 1937-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەن قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدە ئېچىلغان «دارىلئۇلۇم» غا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، مەخسۇس ئەرەب، پارس تىلىدىن تەھسىل كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. بۇ چاغلاردا ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى «كافىيە» ۋە ئۇنىڭ كەڭ يەشمىسى «شەرھى موللا جامى» ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسى بويىچە ئاساسىي دەرسلىك ھېسابلىناتتى. ئەمما بۇ دەرسلىكتىن تاشقىرى كىتاب پۈرۈچتىن ئۆز پۇلۇمغا سېتىۋالغان تاتار ئالىمى ھادى مەقسۇدىنىڭ ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسى «ئىستىكمال» (مۇكەممەللەشتۈرۈش) كىتابىنى قوشۇمچە ئۆگەندىم.

بۇ كىتاب ھازىرقى زامان ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، تاتارچە ئىزاھلانغانلىقتىن كۆپ پايدىسىنى كۆردۈم.

1942-يىلى مەن قەشقەر گېزىتى باسمىخانىسىغا شاگىرت ئىشچى بولۇپ كىرگەنلىكىم تۈپەيلىدىن، ئوقۇشۇمدا ئۆزگىرىش بولدى. ئەمما 1946-يىلغىچە مەدرىس ھاياتىنى تاشلىمىدىم. ھەر كۈنلۈكى سەھەردە دەرس ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن خىزمەتكە باراتتىم. شۇ جەرياندا ئىلمۇ مەنتىق (لوگىكا)، ئىلمۇ بايان (ئىستىلىستىكا)، جۇغراپىيە، تارىخ ۋە شېئىرىيەتكە ئائىت ئەرەب تىلى دەرسلىكلىرىنى ئوقۇدۇم. شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازى، جامىي قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى پارس تىلى بويىچە ئاساسىي دەرسلىك ئىدى. بولۇپمۇ ھەر يىلى باھار كىرىشى بىلەنلا سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» نامىلىق ئەسەرلىرىنى قايتا پىششىقلاپ ئوقۇش بىر ئەنئەنە ئىدى. بۇ ئوقۇش نەتىجىسىدە مېنىڭ پارس تىلىنى ئىگىلىشىم بىرقەدەر پۇختا بولدى. 1984-يىلى ئۇلۇغ ئەسەر «گۈلىستان» نى تەرجىمە قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىم شۇ ئوقۇشنىڭ مېۋىسى ئىدى.

— سىزنىڭ باسما زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ كىرىشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولغان؟

— ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي مەتبەئەدە ئىشچىلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈپ، كۆپ نەتىجىسىنى كۆرگەنىكەن. چۈنكى ھەرپ تىزغاندا ھەر كۈنى

تۈرلۈك ماقالىلەر قولدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. شۇڭى قوشۇمچە قىلايكى، ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، ئىلىم-مەرىپەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن قەشقەردە 30-يىللارنىڭ ئاخىرىدا مەدەنىي-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، مەتبۇئاتچىلىق بىردىنلا يېڭىچە تەرەققىياتقا يۈزلەندى. بۇ خىل ۋەزىيەت مېنى مەدەنىي ھاياتقا ۋە زامانىۋى ئىلىم-پەنگە ئۈندەيتتى. مەن مەدرىستە مۇنتىزىم ئوقۇۋاتقان چېغىمدىمۇ قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا دائىم دېگۈدەك قاتناپ ئەينى يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇرىدىغان ھەرخىل كىتاب-ژۇرناللارنى، بولۇپمۇ بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئائىت كىتابلارنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ، ئۆزبېك، تاتار، ئەزەربەيجان، رۇس ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان. مەن شاھمات ئويۇنىنى مۇشۇ كۇلۇبتا ئۆگەنگەن. بۇ يېڭىلىقلار ۋۇجۇدۇمدا باشقىچە تەسىرات ئويغاتقانىدى. ئائىلەمدىكىلەر مېنى ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا قىستايتتى. بۇنىڭغا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. ئاخىرىدا باسمىخانىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئائىلەمدىكىلەر بۇ توغرىلىق سۆز ئاچمايدىغان بولغان.

— سىز رۇس تىلىنىمۇ پىششىق بىلىدىكەنسىز، ئۇنى قانداق ئۆگەنگەندىڭىز؟

— مېنىڭ يېڭىلىققا تەشنا يۈرىكىم مېنى 30-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ سابىق سوۋېت كىنولىرىنى ئائىلەمدىن يوشۇرۇنچە كۆرۈپ تۇرۇشقا ئۈندىدى. شۇ كىنولارنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەندە رۇس تىلىنى ئۆگىنىش ھەۋىسى تۇغۇلۇپ، ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى تاپالماي يۈرگەن مەزگىللەردە، يەنى 40-يىللىنىڭ باشلىرىدا قازاندا بېسىلغان، «ئورۇسچە-تاتارچە سۆزلىشىش ئۇسۇلى» دېگەن قوللانما قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. دەسلەپتە بۇ قوللانمىنى يادلاپ يۈردۈم. 1942-يىلى باسمىخانىغا خىزمەتكە كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىي ئالاقە جەمئىيىتى ئاچقان بىرقانچە قېتىملىق كۇرسلاردا ئەلاچى بولۇپ ئوقۇدۇم. چۈنكى رۇس تىلىنىڭ مورفولوگىيىسى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش جەھەتتە ئەرەب تىلىنىڭ مورفولوگىيىسىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. بۇ ھال مېنىڭ رۇس تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىشىمغا ئىمكان بەردى.

1946-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مائارىپ نازارىتى قارمىقىدىكى مەدەنىيەت كىتابخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. 1947-يىلى ئۈرۈمچىدە جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىي ئالاقە جەمئىيىتى ئاچقان ئىشتىن سىرتقى رۇس تىلى ئۆگىنىش ئالىي كۇرسىدا بىر يىل ئوقۇدۇم. 1948-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»گە يۆتكىلىپ، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدىم. سابىق ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە مەلۇم ۋاقىت (ئاساسىي خىزمىتىمگە قوشۇمچە) رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. 1949-يىلىدىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «نوۋويى ۋرېم» (يېڭى زامان) ژۇرنىلىدىن خەلقئارا ئوبزورلارنى «ر. جارى» دېگەن ئوچۇق ئىمزايىم بىلەن تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتىم. تەرجىمە ئەسەرلىرىم «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئارقا-ئارقىدىن بېسىلىپ تۇردى. بۇ چاغدا تەھرىر بۆلۈمى كۈندىلىك «تاس س» خەۋەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ماڭا يۈكلىگەنىدى. (بۇ چاغدا ئەنلىياڭدا چىقىدىغان ئۇيغۇرچە گېزىتتە

«جۇڭگو يازغۇچىلىرى» خەۋەرلىرى ئىشلىتىلمەيتتى). 1950 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دىن جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ، «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقى» دېگەن نام بىلەن چىقىدىغان ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولدۇم. 1950 - يىلدىن باشلاپ، ئەدەبىي تەرجىمىگە كىرىشىپ، رۇس كلاسسىكلىرىدىن پۇشكىننىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى، چېخوپ ۋە گوركىينىڭ بىر تۈركۈم ھېكايىلىرىنى، سوۋېت رۇس شائىرلىرىدىن سۇركوف، تېخنوۋلارنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلدىم. 1953 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىدا ئىشلىدىم. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسور قەرىب ئوسمانوۋ خەلق نەشرىياتىغا كەلگەندە بۇ كىشىگە ياردەمچى بولدۇم، كېيىن سابىق سوۋېت مۇتەخەسسىسى تۇرسۇن رەھىموفنىڭ يېنىدا ئىشلىدىم. ھەر ئىككىسى مېنىڭ رۇسچە سەۋىيەمگە يۇقىرى باھا بەرگەنىدى.

— سىز خەنزۇ تىلىنى قانداق ئۆگەنگەن؟

— مېنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىشىم خەنزۇچە ئۆگىنىشىم ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ياراتتى. چۈنكى بۇ يىللاردا نەشرىيات ئاساسەن تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش كەسپىي خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھال مېنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشىمگە زور تۈرتكە بولدى. مەن خەنزۇچە ئۆگىنىشكە جىددىي كىرىشىمگىنىمدە ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، خەنزۇچە خەت يادلاشقا ۋە لۇغەتلەردىن مۇستەقىل پايدىلىنىش يولىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشتىم. شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مېنىڭ رۇس تىلى ئۆگىنىشىمگە ئەرەب تىلىنىڭ ياردىمى بولغىنىدەك، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىمگىمۇ رۇس تىلى ياردەم بەردى. بۇ يىللاردا پروفېسسور ئى. ئوشانىننىڭ «خەنزۇچە - رۇسچە لۇغەت» دېگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابى نەشرىيات تەرجىمىلىكىدە چوڭ رول ئوينىغانىدى. خەنزۇچە قىيىن خەتلەرنىڭ مەنىسىنى تېپىش ئۈچۈن تەرجىمانلار بۇ كىتابنى بىر كۈندە نەچچە قېتىم قولىغا ئالاتتى. بۇ لۇغەتتىن پايدىلىنىش مەن ئۈچۈن ئوڭاي ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا مەن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى زېرىكمەي ئەسلى تېكىستى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا ئادەتلەندىم. مەن «ئاكا - ئۇكا يىرشوۋلار» رومانىنى تەرجىمە قىلغاندا نەشرىياتنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق بولسۇن ئۈچۈن خەنزۇچە نۇسخىسىنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈپ بەردىم. بۇنىڭ خەنزۇچە سەۋىيەمنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسى زور بولدى.

مەن «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 1 -، 2 - ۋە 3 - توملىرىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە قاتناشتىم. شۇ خىزمەت بىلەن 1957 - يىلى 6 - ئايدا بىر قېتىم، 1960 - يىلى بىر قېتىم بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا بېرىپ «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش گۇرۇپپىسىدا ئىشلىدىم. 1970 - يىللارغا كەلگەندە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ 38 بابىنى تەرجىمە قىلدىم. بۇ بابلاردا ئازۇر ۋەزنىدە تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلار ئاز ئەمەس.

— جارى ئاكا، سىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە كۆپ تۆھپىلەرنى ياراتقان. ئەمدى مۇشۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

— مەن 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىدا ئىشلىدىم ۋە ئۇزۇن ۋاقىت بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولدۇم. «تارىم» ژۇرنىلى 1957 - يىلدىن باشلاپ، ئۆز سەھىپىلىرىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر بېرىشكە باشلىغانىدى. تەھرىر بۆلۈمى بۇلارنىڭ تەھرىرلىك ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئېلىپ بېرىشقا مېنى مەسئۇل قىلدى. بۇ ژۇرنالنىڭ 1957 - يىل ئاپرېل ۋە ماي سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق لىرىك داستاننى نەشرگە تەييارلىدىم ۋە كىرىش سۆزىنى يازدىم. بۇ مېنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تۇنجى قەدەم باسقانلىقىم ئىدى. «تارىم» نىڭ 1957 - يىل ئىيۇن سانىغا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئدىن» داستانى ئېلان قىلىندى. ئەسەرنى مەرھۇم ئەدىب ئەھمەد زىيائى نەشرگە تەييارلىغان بولۇپ، كىرىش سۆزىنى مەن يازغانىدىم. يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ 1957 - يىلى 7 - سانىغا ۇللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق تارىخىي داستانى بېسىلدى. بۇ ئەسەرنىمۇ ھمەد زىيائى نەشرگە تەييارلىغان بولۇپ، بۇنىڭ كىرىش سۆزىنىمۇ مەن يازغا-ندىم. «تارىم» نىڭ ئۇندىن كېيىنكى سانلىرىدا نۆۋبەتى بىلەن زەلىلىنىڭ غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرى ئېلان قىلىندى. 57 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» سەۋەبىدىن ژۇرنالغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى بېرىش توختىتىلدى.

1962 - يىلىغا كەلگەندە «تارىم» ژۇرنىلى كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى ئېلان قىلىشنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدا گۇمنام ۋە باشقا شائىرلارنىڭ بىر تۈركۈم غەزەللىرى كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1963 - يىلى مەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى بىرىنچى قېتىم يەشمىسى بىلەن نەشرگە تەييارلاپ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1 - ۋە 2 - سانلىرىدا ئېلان قىلدىم. لېكىن ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەي شۇ چاغدىكى باش كۆتۈرۈپ قالغان سولچىل خاتالىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى خىزمىتىمۇ توختاپ قالدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا كەلگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بورىنىدا نۇرغۇن قىممەتلىك قول يازمىلار ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىق ئىشلىرىمىز ئون نەچچە يىل توختىتىپ قويۇلدى. بۇ مەزگىل ئىچىدە مەن باش - ئايىغى يوق ئېغىر ئەمگەك بىلەن كۆرمىگەن كۈنۈمنى كۆردۈم، ھەتتا چۆل - جەزىرىلەرگە سۈرگۈن قىلىندىم.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىنلا، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي ئەدەبىي مىراسلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى قايتا تۇغۇلدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە شۇ ئاساستا ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش خىزمىتى مۇھىم

ئىشلار قاتاردا ئەستايىدىل ئىشلەندى.

— سىز كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن قايتا شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

— مەن دەسلەپ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مەسئۇد ۋە دىلئارا» داستانىنى نەشرگە تەييارلىدىم. «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا قارار قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنى نەشرگە تەييارلاشنى مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇ كىتابقا مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپ كىرىش سۆزى يازدى. مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن ئىككىمىز ئۈستىمىزگە ئالدۇق. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، خىرقىتى ۋە نۆبىتى ئەسەرلىرىنى مەن نەشرگە تەييارلىدىم. 1980 - يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى قايتا ئىشلەپ كىتابچە ھالىغا كەلتۈردۈم. 82 - يىلى مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىنى يەشمىسى بىلەن قايتا ئىشلىدىم. بۇ كىتابچە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. 82 - يىلى تېيىپجان ئېلىيوپ «نەۋائىي غەزەللىرى» نى بىرىنچى قېتىم يەشمىسى بىلەن ئىشلەپ نەشرگە تەييارلىدى. بۇ يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان چوڭ ئەمگەك ئىدى. بۇ كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئۇندىن باشقا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 81 - يىل 1 - سانىدا تونۇشتۇردۇم.

1991 - يىلى 7 - ئايدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بەش توملۇق «خەمسە» داستانلىرى نەشردىن چىقتى. مەن بۇ ئالەمشۇمۇل داستاننىڭ ئومۇمىي مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالدىم. چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي تەنقىدى مەتنىنى تۇرغۇزۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. قانداق بولمىسۇن ئۆزىمىزدە بار بولغان ئالتە قول يازمىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بۇ ئىشنى ئورۇنداشقا بار تىرىشچانلىقنى كۆرسەتتىم. ئەسەرنىڭ 3 - تومى «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى نەشرگە تەييارلىدىم. ئاندىن قالسا «شەھنامەئى تۈركىي» ناملىق نەسرىي داستاننىڭ باش قىسمىنى نەشرگە تەييارلىدىم. ئايرىم بابلىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىلدىكى 1 -، 2 - سانلىرىغا بېرىلدى. يەنە ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ «نەۋابىغۇل - كىلەم» (جۇشقۇن سۆزلەر) ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىدىم.

— ئۇرغۇنلىغان مىللىي مىراسلىرىمىزنىڭ خەلق بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈشىگە كۆپ يۈرەك قېنىڭىزنى ۋە زېھىن كۈچىڭىزنى سەرپ قىلدىڭىز. بۇ جەھەتتە يازغان ئىلمىي ماقالىلىرىڭىزمۇ باردۇ؟

— 1980 - يىلى «چاغاتاي تىلى» ھەققىدە ماقالىنى يازدىم. بۇ تىل تەتقىقاتىمىزدا تۇنجى تېما ئىدى. ماقالە دەسلەپ «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، 83 - يىلى «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» ناملىق كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. 1984 - يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 11 - سانىدا «چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» دېگەن ماقالەم ئېلان قىلىندى. 1991 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئەلىشىر

ئەۋائىي تەۋەللۇدىنىڭ 550 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان ماقالەم «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 1 - سانىدا بېسىلدى. تىلشۇناسلىققا ئائىت باشقا ماقالىلىرىممۇ بار ئىدى. ئەمما سۆزۈمنى ئۇزارتىشنى خالىمايمەن.

— بىر پىشقان تەتقىقاتچى بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

— مەن تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. ئۇلارنىڭ تەكىتلىشىچە، ئەرەب - پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىش لازىم. يالغۇز لۇغەت بىلەنلا ئىش كۆرگەندە سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ۋە گىرامماتىك قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىشتە قىينىلىپ، سۈپەتنى تۆۋەنلەشتۈرۈپ قويۇش مۇمكىن. ئەگەر يەنە بىر - ئىككى تىلنى ئارتۇق بىلسە شائىرلىقتىن خەۋىرى بولسا، مۇھەررىرلىك كەسپىدە پىشقان بولسا، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلغان بولىدۇ.

— باشقا ساھەلەردە يەنە قانداق ئەمگەكلىرىڭىز بار؟

— شېئىرىي ئىجادىيىتىم ئۈستىدە توختالمايمەن. ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىكى ئىشلىرىمدىن بەزىلىرى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇدى. شۇلارغا قوشۇمچە قىلغاندا 1980 - يىلى رۇسچىدىن رافائىللو جوۋەنيونىنىڭ «سپارتاك» رومانىنى تەرجىمە قىلدىم. ئىككى كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. ئاتاقلىق رۇس كلاسسىك يازغۇچىسى مىخائىل شولوخوفنىڭ تۆت توملۇق چوڭ ھەجىمدىكى ئېپوپېيەسى — «تىنچ دون» نى 1984 - يىلدىن 87 - يىلغىچە تۆت يىل ئىچىدە رۇسچىدىن تەرجىمە قىلدىم.

— جارى ئاكا، ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئىلمىي تەشكىلاتلارغا ئەزا بولغانلىقىڭىزنى ۋە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

— مەن مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ئەزاسى، مەملىكەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

1988 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كەسپىي خادىم دەپ باھالىنىپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتىم. قولۇمغا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

— رەھمەت سىزگە، سىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىڭىزغا مۇۋەپپەقىيەت، تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

مەن بۇ تالانت ئىگىسىگە ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇپ، زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.



















「楼蘭の美女」復元図


**源 泉**（布拉克）（维吾尔文） 总44期

**MAGAZINE OF BULAK**

بۇلاق (ئومۇمىي 44 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

(UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەتئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号： CN 65－1063／I
本刊代号：58－108 定价：2.60元
ISSN 1005－0876/国外代号：Q 1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 58 — 108 باھاسى: 2.60
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118